

# گۈلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

21

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# گۈلستان

## (ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

(21)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئىستانبۇل پايلاقچىسى..........................گ. سىمېنون ( 1 )
شۇنداق بىر كلاۋوچكا بار ئىدى...............ب. ۋاسىلىيېۋ ( 54 )
سالىيېۋنىڭ تەشۋىشى...........................ق. كەنجە (206)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىستانبۇل پايلاقچىسى

## گېئورگې سىمېنون

ھازىرقى زامان مەشھۇر بېلگىيە يازغۇچىسى گ. سىمېنون رازۋېتكا ھېكايىلىرىنى يېزىشتا ماھىر بولۇشى بىلەن داڭ چىقارغان. 30 ـ يىللاردا ئۇ ئېيىغا بىر ئەسەر يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن بۈيۈك يازغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ۋە نەچچە ئون خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، نۇرغۇن مەملىكەتلەرگە تارقالغان. سىمېنوننىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، «سىمېنون رازۋېتكا ھېكايىلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن مۇشۇ ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ كىتابخانلىرىمىزغا سۇندۇق.

### 1

ئۇ يۈز ـ كۆزىنى توپا ـ توزان بېسىپ كەتكەن ۋىجىككىنە ئۆلۈمتۈك بوۋاي ئىدى، "بىچارە سۈپەت" دېگەن نام ئۇنىڭغا بەكمۇ قاملىشاتتى. ئەسلىدىنلا ئاجىز ـ ئاۋاق بۇ بوۋاينىڭ بىرى ئېگىز، بىرى پەس كەلگەن ئىككى مۈرىسى بوۋاينى پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىدىن تىكىلمىگەن قارا چاپىنى ھازىرقى ۋاقىتتىكى كاستۇمغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى، بۇرۇنقى زامانلاردىكى تۈركلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كەمزۇللىرىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

كوچىدا كۆرگەنلەر ئۇنى نەلەردە سۆڭەك غاجىلاپ، نەلەردە

يېتىپ ـ قوپىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدىغان سايىاق ئىتلارغا ئوخشاش كونستانتىنوپول (هازىرقى ئىستانبۇل) كوچىلىرىدا قاڭغىراپ يۈرىدىغان بوۋايلاردىنمىكىن دەپ قالاتتى، ئەمما بۇنىداق بوۋايلار يەنىلا ئۆزىنىڭ غەلىتە سالاپىتىنى ئاز ـ تولا ساقلاپ قالغان بولاتتى.

ئۇ ئىستانبۇلدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانا ھېسابلىنىدىغان پېرا مېھمانخانىسىدىكى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدا مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن، كەھرىۋادىن ئىشلەنگەن تۆرك تەسۋىسىنى سىيرىپ مۆمىنلەردەك ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى ئەتراپىدىكى مۇھىتقا زادىلا ماسلاشمىغانىدى.

ئۇ ئىش ئىزدەپ ئولتۇرغانمۇ؟ ھوقۇقدار ۋە پۇلدار مېھمانلار قوبۇل قىلىپ، بىرەر نەرسە ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ، مېھمانخانىدىن نېرى كەتمەي كۈن بويى ئولتۇرىدىغانلار راستلا بار ئىدى.

ئۇ راستلا مۇشۇنداق ئادەملەردىن بولىدىغان بولسا، رەسمىي كىيىمنى كىيىپ، بىكىسا ياغىچىدىن ياسالغان پۈكەيىنىڭ ئارقىسىدا قېتىپ ئولتۇرغان ئىشىك باقار ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى ئىما قىلغاندەك پات ـ پات ئىشارەت قىلىپ تۇرمىغان بولاتتى.

شۇنىسى تېخىمۇ قىزىقكى، قاۋاقخانىدىن ئاق چاپانلىق كۈتكۈچىنىڭ ئۇنىڭغا بىر رومكا راكى هارىقى ئەپچىقىپ بەرگەنلىكى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. راكى هارىقى تۈركىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكى بولۇپ، سۇ ئارىلاشتۇرۇلسىلا سۈت رەڭگىگە كىرەتتى ۋە خۇش پۇراقلىق ئارپا بەدىيان پۇرىقىنى چاچاتتى.

ئەمدى ئىشنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئەينەن بايان قىلىپ ئۆتەيلى.

www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن سائەت يەتتە ۋاقتى، ھاۋا ئاخىر سالقىنلاپ، نەپەس ئېلىش ئاسانلاشتى، ئاسماندا راكى ھارىقىنىڭ رەڭگىدەك رەڭدار ھالەت پەيدا بولدى. بۇ چاغدا قوبۇلخانىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى. ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ زادى توختىمايتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئىشىك باقارنىڭ پوزىتسىيىسى باشقىچە بولدى، ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئادەتتىن تاشقىرى سىلىق-سىپايە سۆزلەپ كەتتى ۋە شۇ ئان قايرىلىپ، ھېلىقى ۋىجىك بوۋايغا كۆز ئىشارىتى قىلدى.

— خوپ، ھەئە، بوئىنس ئەپەندى... ئۇقتۇم،... 15 مىنۇتتىن كېيىن بارىدۇ! بوئىنس ئەپەندى،... چاتاق يوق، مانا مەن كېپىل، بوئىنس ئەپەندى... — دېدى ئۇ تېلېفوندا.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، بىر كۈتكۈچىنى چاقىرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا تاپىلىدى:

— ئاۋلىنوسقا دەپ قويۇڭ، چارەك سائەتتىن كېيىن ئوبدانراق تاكسىدىن بىرنى چاقىرىپ بۇ يەرگە ئەكەلسۇن،... بوئىنس ئەپەندىگە ماشىنا كېرەككەن...

ۋىجىك بوۋاي ئۈندىمەي جىم ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان-ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بوۋاي يەنىلا تەسۋى سىرىپ ئولتۇراتتى. نۇرغۇن تۈركلەر، ھەتتا سودا ساھەسىدىكى ۋە بانكا ساھەسىدىكى زامانىۋىلاشقان ئىشخانىلاردا ئىشلەيدىغان تۈرك-لەرمۇ تەسۋى سىرەتتى.

بوۋاي گېزىت شىرىقلىغان تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى.

پىرا مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا ۋىجىك بوۋاي گويا زالغا قويۇلغان تەشتەكتەك مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. چىرايلىق ئاق شىبىلىت

كىيگەن يەنە بىر ئادەممۇ سافاغا چۆكۈپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرگىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ باشقا يېرىنى كەڭ ئېچىۋېلىپ كۆرۈپ ئولتۇرغان گېزىت توسۇۋالغانىدى.

چارەك سائەت ئۆتتى. ھاۋانى يېقىن شەرق شەھەرلىرىدە بولىدىغان، بۇرۇننى غىدىقلايدىغان كۈچلۈك خۇش پۇراق قاپلىغانىدى.

كەينىدىنلا پوۋۇسكىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان شىسبانو ماركىلىق بىر پىكاپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. كونىراپ كەتكەن بۇ پىكاپ ئەمدى ئىلگىرىكى بىرمۇنچە ھەشەمەتلىك پىكاپلارغا ئوخشاش تاكسى قىلىنغانىدى. ئاق شلەپىلىك شوپۇر ماشىنىدا قالدى، يەنە بىر كىشى ماشىنىدىن چۈشۈپ، پىرقىرىدىما ئىشىكتىن كىردى-دە، ئىشىك باقار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

بۇ ئادەمنىڭ چىرايى تۈك تاشلىمىغان خام زەيتۇن مېۋىسىگە ئوخشايتتى، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ھىڭگاك چىش، غەلىتە بىر قەدىمچە كاستۇم كىيىۋالغان ۋە قولىغا ئۈزۈك سېلىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىدا يول باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى يىراقتىنلا تونۇۋالغىلى بولاتتى.

ئاۋلىنوس دېگەن كىشى مۇشۇ ئىدى، ئۇنىڭ كەسپى چەت ئەللىك بايلارغا يول باشلاش ئىدى، كۈندۈزى بولۇپمۇ ئاخشىمى ئۇلارنى باشلاپ كونستانتىنوپولىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن قويغان ھەممە تەلەپلىرىنى قاندۇراتتى.

ئاۋلىنوس ۋىجىك بوۋايغا كۆز ئىشارىتى قىلدى.

بۇ چاغدا ئىشىك باقار تېلېفون بېرىۋاتاتتى:

— ئالو، بوئىنس ئەپەندىگە ئېيتىپ قويۇڭ، يول باشلىغۇچى بىلەن ماشىنا يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تېنىنى گېزىت توسۇۋالغان كىشى كۆتكۈچىگە مۇنداق دېدى:
— ماڭا بىر تاكسى كېرەك ئىدى...

ئېلىك بوئىنىس ئەپەندى ئامېرىكا پۇقراسى بولۇپ، داڭلىق "جاھان" تاماكا شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇ بىردىنلا چىرايلىق پەلەمپەيدە پەيدا بولۇپ قالدى، بوئىنىس ئەپەندى بەستلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن تېتىك ئىدى. ئۇ ئاستا ھەرىكەتلىنىدىغان كونىچە لىفتقا چۈشمىگەنىدى.

ئۇ 35 ياشتىن ئاشمىغان، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان، قىمىرلاپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مۇشۇ ئەپەندىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشىك باقاردىن، شۇنداقلا ئۇ ئاۋلىنوسنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

ئۇ قاراپ چىقىپ قىزغىن ئىپادە بىلدۈرمەستىن، مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ھەتتا ئۇنى ياراتمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ:

— خوپ! مېنىڭچە ئاۋۋال خاس تۈركچە تاماق ئېتىدىغان كونىچە بىر كىچىكرەك ئاشپۇزۇلغا بېرىپ غىزالىنىۋالايلىمىكىن، — دېدى.

— خوش، تەقسىر!

— مېنى تەقسىر دېمەڭ، باشقىلارغا ئوخشاش بوئىنىس ئەپەندى دەۋېرىڭ.

بۇ چاغدا ئەلىتە بىر ئىش بولدى. ۋىجىك بوۋاينىڭ چاندۇرماي

ئىش قىلىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ، زالدىن ئۆتۈپ، مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىمىدى.

بوئىنس ئەپەندى شىنبانو ناملىق پىكاپقا چىقىپ، ئاۋلىنوسنىڭ يېنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، شوپۇرنىڭ يېنىدا مىدىر-سىدىر قىلماي جىم ئولتۇرغان بىچارە سۈپەت ۋىجىك بوۋايىنى كۆردى. بوئىنس ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ سورىدى:

— بۇ كىم؟

— ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ماشىنا توختىغاندا ماشىنىغا قاراپ تۇرىدىغان ئادەم، — دەپ چۈشەندۈردى يول باشلىغۇچى، — بۇيەردە شۇنداق قائىدە بار...

جاھاننى ئايلىنىپ چىقىش سەپىرىدە بولۇۋاتقان بوئىنس ئۇلۇشكۈن كەچتە تۈركىيىگە كەلگەندى، ئۇ مېنى باشقىلاردىن پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرار دەپ ئويلىغاندۇ بەلكىم.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلار، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى تامامەن چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇل تۆلەش ئىقتىدارىغا قاراپ قىلىپ بېرىلىدىغان كونا پەدىدىكى ئىشلار ئىدى.

ئالدى بىلەن كەچلىك تاماقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۇنداق بولدى: كونا شەھەرنىڭ بېلىق بازىرىدىكى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەن بىر كىچىك ئاشپۇزۇلدا ياغدا قورۇغان قۇلۇلە، راك كاۋىپى، تەمى بەك ئۆتكۈر ۋە غەلىتە بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك كەلتۈرۈلدى، ئاندىن يەنە بىر خىل سەينى ئاۋلىنوس ھەجىيىپ تۇرۇپ، قوزىنىڭ بىر يېرىدىن ئېتىلگەن قورۇما دەپ ئاستاغىنە تونۇشتۇردى

www.uyghurkitap.com

بۇ كىچىك ئاشپۇزۇلغا باشقا چەت ئەللىكلەرمۇ كىرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ تولىسىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى بار ئىدى.

بىر چەت ئەللىك بوئىنىسنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى، بوئىنس ئۇنىڭغا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاراپ قويدى.

ۋىجىك بوۋاي بولسا تالادىكى پىكاپتا مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى قىسمى كۆڭۈللۈك بولمىدى. بوئىنس نەشىخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلغان چېغى، شىسبانو ناملىق پىكاپ بۇ كونا شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدا چېپىپ يۈردى، ئۇنىڭ كەينىگە بىر تاكسى ئەگىشىۋالدى.

ئاۋلىنوس پات-پات ماشىنىدىن چۈشۈپ، مېھمانىنى سىرلىق ئوردىلارغا ئوخشاش ئەگرى-بۈگرى كوچىلاردىن باشلاپ ماڭاتتى ۋە:

— ئۈلۈشكۈنلا بۇ يەردە نەشە چېكىۋاتقانلار بار ئىدى...ساقچىلار تۇتۇپ كەتتىمۇ-يا... — دەپ چۈشەندۈرەتتى.

ئىشنىڭ دەل كېلىپ قالغىنىنى دېمەمسىز، ئۇ بىلىدىغان نەشىخانىلارنىڭ ھەممىسىنى ساقچىلار پېچەتلىۋەتكەنىدى.

ئۇ نەشىخانىلارنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىشىنى ئانچە تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ بېرىش يولى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە تىرىشتى:

— بۇ تاقاق قەھۋەخانىدا مۇلازىملار يەردە يېتىپ تۇرۇپ پولنىڭ تۆشۈكىدىن تەييار چىلىمنى مېھمانغا سۇنۇپ بېرىدۇ...

بوئىنس ئەپەندى گەپ-سۆز قىلمىدى، ئۇنىڭ رازى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ

"ئاخىرىنى دەۋىرىڭ" دەپلا قوياتتى.

ئەمدى قىزىل تۇگمەندىكى كەچلىك تاماشا سارىيىغا بىرىش نۆۋىتى كەلگەنىدى. بۇ سارايىنىڭ تاملىرىغا پۈرلەشكەن دۇخاۋىلار تارتىلغانىدى، ئىشىك باقارىنىڭ «بېھمان كەلدى دەپ خەۋەر قىلىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشىنى كۈتۈپ ئۇنىدەك ئۇسسۇلچى قىز ئەسنىشىپ تۇراتتى.

بوئىنس ئەپەندىدىن سورىمايلا، كىمدۇ بىرى شامپان ھارىقىنى پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىلىپ ھەر بىر كىشىگە بىر رومكىدىن قۇيدى. ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ تولىسى گرېك قىزلار بولۇپ، بىر نەچچىسى ئانچە ـ مۇنچە ئىنگلىزچە بىلەتتى. ئۇلار بوئىنسنى ئۇسسۇلغا تارتتى، بوئىنس خۇش ياقمايراق ماقۇل بولدى. ئەمما، ئۇسسۇلچى قىزلار ـ نىڭ بىرى ئۇنىڭغا گالستۇك قىسقۇچىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز دەپ قولىنى ئۇزارتقاندا، بوئىنس ئايىمايلا:

ــ قولىڭىزنى تارتىڭ! ــ دىدى.

يەنە بىر مېھمان كىرىپ، بوئىنسنىڭ يېنىغا يىغىلىۋالغان ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ كەتتى.

قىزىق ئىش، بۇ مېھمانمۇ ئامېرىكىلىق ئىدى. تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، بۇ ئادەم بوئىنسنىڭ كەينىدىنلا بېلىق بازىرىدىكى كىچىك ئاشپۇزۇلغا كىرگەن كىشىنىڭ ئۆزى ئىدى، كىيگەن شىبلىتى پېرا مېھمانخانىسىدا گېزىت تۇتۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى يوچۇن كىشىنىڭكىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.

بوئىنستىن ياشراق كۆرۈنىدىغان سېرىق چاچلىق بۇ كىشى ئاسانلا قىزلارنىڭ كۆزى چۈشىدىغان چىرايلىق يىگىتلەردىن ئىدى. ئاۋلىنوس ھەممىنى كۆرۈپ تۇردى، ئۇ مۇزىكانتلار بىلەن ئويۇن ـ

چىلار باشلىقىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئويۇنچىلار باشلىقى شۇپۇرسەتتە قۇرۇق شىشىلەر بىلەن ھارىقى ئىچىلىپ بولغان شىشىلەرنى ئارىلاش-تۇرۇۋەتتى. يول باشلىغۇچى ھەممىدىن چىرايلىق بىر ئۇسسۇلچى قىزغا تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى، يەنە بوئىنسقا كەچلىك تاماق بېرىش ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكىلىقنى قىزلار ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىن ناتاشا ئاتلىق كاۋكازلىق قىزنى يارىتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاۋلىنوسىنىڭ ئىشارىتى بويىچە، ناتاشا ئۇھ تارتىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئايۇپ قەبرىستانلىقىنى ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟

بۇمۇ كونا پەدە! بوئىنس قىزىل تۈگمەندىكى كەچلىك تاماشا سارىيىنىڭ باشلىقىغا ئۇ تەلەپ قىلغان نەچچە مىڭ فرانكنى بېرىپ، ماشىنىغا چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاۋلىنوسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناتاشا ئولتۇراتتى، ۋىجىك بوۋاي يەنىلا شوپۇرنىڭ يېنىدا ياغاچ قورچاق-تەك ئولتۇراتتى.

دەپ ئولتۇرمىسىمۇ شوپۇر ماشىنىنى ئايۇپ قەبرىستانلىقىغا ھەيدەشنى بىلەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار-نىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئاي يورۇقىدا سەتەڭلەر بىلەن بىللە سەيلە قىلىشاتتى. بۇمۇ بىر ئەنئەنە بولۇپ قالغانىدى.

ماشىنا چارەك سائەت ماڭدى. شۇغىنىسى ئاي تېخى چىقمىغا-نىدى، پەقەت شۇلا كەملىك قىلاتتى.

ماشىنا قاراڭغۇ جايدا توختىدى. يەنە بىر ماشىنىمۇ 100 مېتىردەك نېرىدا توختىدى.

بوئىنس ناتاشانى قولتۇقلىتىپ، بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بىر چىغىر يولغا قەدەم تاشلىدى.

بۇ چاغدا ئاۋلىنوس بىر تال تاماكا چېكىۋالدى، بىردەم مۇگدىدۋالغانمۇ بولدى، شوپۇرمۇ شۇنداق قىلدى.

ھېلىقى بىچارە سۆپەت بوۋايىلا ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئوڭشۇېلىش ئۈچۈن ماشىنىدىن چۈشتى-دە، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

ۋىجىك بوۋاي ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، ئەمما بولغان ئىشنى قىياس قىلدى. ئېلىك بىلەن ناتاشا ئۇنىڭدىن 100 مېتر يىراقلىقتا ئىدى، ئامېرىكىلىق ئۆز ئادىتىگە پۈتۈنلەي ئەمەل قىلماقچى بولسا كېرەك، قەبرىستانلىقتا ناتاشانى قۇچاقلىۋالدى.

ئەمما ئۇلارنىڭ كەينىدە 50 مېتر يىراقلىقتا بىر ئادەم ئۈن-تىنسىز كېلىۋاتاتتى، بۇ ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇلار ماشىنا توختىغان جايدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى. بوئىنس قىزغا تەلەپ قوياي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئادەم بىردىنلا قەدىمىنى تېزلىتىپ كېلىپ، بوئىنسنى ئۆز پەدىسى بويىچە بىر كالتەك بىلەنلا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ۋىجىك بوۋاي ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خۇددى مولۇندەك ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

كالتەكچى ناتاشاغا ئىككى-ئۈچ ئېغىز گەپ قىلدى-دە، ناتاشانى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا تارتىپ ئاپاردى.

ۋىجىك بوۋاي ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، توغرىراقنى ئېيتقاندا، يېقىن يول بىلەن مېڭىپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال تاكسىنىڭ يېنىغا

كەلدى ـ دە، شوپۇرغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ، ئاندىن شوپۇر ـ نىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ھېلىقى ئەر ـ ئايال ئىككىسى ماشىنىغا چىقتى، ماشىنا ئوت ئالدى. كېيىنكى رەتتە ئولتۇرغان ھېلىقى كالتەكچى ئاتاشاغا ئازراق پۇل بەردى ۋە كۆڭلىگە كەلتۈرمەسلىكنى ئېيتتى، ماشىنا قىزىل تۇگمەنگە كەلگەندە، ئاتاشانى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويدى.

تاكسى يەنە ماڭدى، ئاخىر پېرا مېھمانخانىسىغا كەلدى. ھېلىقى ئادەم تاكسىدىن چۈشۈپ، پۇلنى تۆلىدى ـ دە، مېھمانخانىغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ۋىجىك بوۋايمۇ بىر كىچىك ئىشكتىن مېھمانخانىغا كىرىپ، بىر پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىشىك باقارغا يېقىنلاپ بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغانلىقىنى، ئاندىن ئېگىشىپ تېخى ئېلىپ كېتىلمىگەن ئاچقۇچلار ئىچىدىن بىر ئاچقۇچنى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

— خەير...

— ئەتە سەھەردە سىزنى ئويغىتىپ قويمىساقمۇ بولامدۇ، شىمىت ئەپەندى؟

— بولىدۇ، قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋالاي...

شىمىت ئەپەندى پەلەمپەيگە ئاياغ قويۇشىغا، ۋىجىك بوۋاي ئىشك باقارنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئاچقۇچلارنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بايىقى كىشى باشقا ئاچقۇچنى ئېلىپ كېتىپتۇ،... بوئىنىس

ئەپەندىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋاپتۇ.

ئىشىك باقار بۇ گەپكە ئەجەبلەنمىدى:

— ئۇنىڭغا دەپ قويايمۇ؟

— هېچبىر هاجەتسىز...ماڭا تېلېفون ئېلىپ بېرىڭ، نومۇرى 14 — 18...

— هازىرلا ئالىمەنمۇ، ئەلى بېي ①؟

هاراقخانىنىڭ ئىشىكى ئاللىبۇرۇنلا تاقالغانىدى. هازىر ئەتىگەن سائەت ئۈچ. ئەلى بېي تېلېفونخانىدا بىر پەس تۇرۇپ يېنىپ چىقتى-دە، ئىشكاپتىن بىر شېشە راكى هارىقىنى ئالدى، بۇ هاراقنى ئۇنىڭغىلا تەييارلاپ قويغاندەك، بىر رومكىغا لىق تولدۇرۇپ قۇيدى، مۇشۇ تاپتا ئۇ هېلىقى ئۆزىگە ياردەملەشكەن ئىشىك باقارغا بىر رومكا هاراق قۇيۇپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

ئۇ يەنىلا شۇ قېرى، مىسكىن، بىچارە هالەتتە ئىدى. بىراق راكى هارىقى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر خىل نۇر چاقنىدى.

شىمەت دېگەن ئادەم ئېلىك بوئىنىسىنىڭ ياتىقىغا هېچ ئىش كۆرمىگەن ئادەمدەك كىرىپ كەلدى.

بۇ چوڭ ئۆي 2-قەۋەتتە بولۇپ، شاھ-سۇلتانلاردەك تۇرلۇك كاتتا زاتلار بۇ ئۆيدە تۇرغانىدى. مېھمانخانا ئۆي ئالتۇندەك يالتىراپ تۇراتتى، تاملارغا ئىسىل گىلەملەر تارتىلغانىدى، مونچىسى ناهايىتى چوڭ بولۇپ، خۇددى كۆلچەكتەك ئىدى، ياتاق ئۆينىڭ

---

① بېي — بەگ دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق بالكونى بار بولۇپ، كۈندۈزى بالكوندىن قارىسا، يوسفور بوغىزى ۋە شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتلەرنىڭ قۇببە-مۇنارلىرى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شىمىت چىراغنى ياندۇرۇپ، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا زەڭ سېلىپ قاراپ چىقتى-دە، چاپىنى بىلەن ئاياغ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئىككى تاپانچىسىدىكى ئوقىنى سەپسېلىپ تەكشۈرۈپ چىقتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق قوراللىنىپ، يوتقانغا كىردى-دە، چىراغنى ئۆچۈردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتتى. تالادا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئازايدى؛ گايىدا قىزىل تۈگمەندىن ياكى شەھەردىكى باشقا ئۈچ كەچلىك تاماشا سارىيىدىن مېھمانلارنى توشۇۋاتقان تاكسىنىڭ سىگنالى كېلەتتى؛ گايىدا يىراقلارغا سەيلىگە بېرىپ كەچ قالغان سەيلە-ساياھەتچىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى كېلەتتى...

شىمىت بىر ماشىنىنىڭ پىرا مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئەمما بۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلالمايتتى، چۈنكى دەل مۇشۇ چاغدا يېقىندىكى باغچىدىكى بىر ئىت قاۋاپ كەتكەندى.

يەنە ئون مىنۇت، 15 مىنۇت ئۆتتى...

شىمىت ئىككى قولىغا تاپانچا ئېلىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تاپانچىنىڭ تەپكىسىگە تىرەپ يوتقاندا ياتاتتى.

كارىدوردا تىۋىشنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىۋاتقانلارمۇ بارغۇ؟ ئىشىك تۈۋىدە بىر كىم بارمۇ نېمە؟ شىمىت جىددىيلەشتى، ئۇ كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. ئۇ مېتالنىڭ

ئىشىك قۇلۇپىغا تەگكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، بىر كىم ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپنى ئېچىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭغا ياتاقتا ئادەم باردەك بىلىندى. بىر كىمنىڭ تىنىقى كەلگەندەك، يېقىنلا بىر يەردە شىپىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

بۇ ئادەم نېمە قىلماقچى؟ ياتاقنىڭ نەردە؟ قايسى تەرەپكە مېڭىۋاتىدۇ؟

چىراغنىڭ ۋىكلىيۇچاتىلى شىمىتنىڭ بېشىدىلا ئىدى، بۇ ياتاقنىڭ ئىچى بىر سېكۇنتتىلا يوپيورۇق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما، يەنە بىردەم قاراپ باقسان ياخشى، ئەھۋال تېخىمۇ ئايدىڭلاشسۇن.

شىمىت غەرق ئۇيقۇغا كەتسكەن ئادەمدەك تەكشى پۇشۇلدىغىلى تۇردى.

بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ شىرىقلىغان ئاۋازغۇ؟ ئاياق تىۋىشىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، بۇ ئاۋاز بەك يېنىك ۋە يۇمشاق بىر نېمىنىڭ ئاۋازى، گويا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كىيىمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شىمىت چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ سول قولىدىكى تاپانچىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، كارىۋات بېشىدىكى ۋىكلىيۇچاتىلغا قولىنى ئۇزاتتى.

ئۇ چىراغنى يېقىپ، كارىۋاتتا ئولتۇردى، ئوڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئاۋاز چىققان جايغا توغرىلاپ توۋلىدى:

— كۆتۈر قولۇڭنى!...مىدىرلىما...

شىمىت ھاڭقېتىپلا قالدى، بىر ھازاغىچە ئادەمنىڭ كۆلگۈسى كەلگۈدەكلا بىر ھالغا كېلىپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ تاپانچىسى

www.uyghurkitap.com

بىلەن قورقۇتقان ئادەم دەل كىيىمىنى سېلىۋاتقان بىر ئايال ئىدى.

راستىلا بىر ئايال، كېلىشكەن قوڭۇر چاچلىق بىر ئايال ئىدى، ئۇ يېرىم يالىڭاچ هالدا، قورققىنىدىن شىمىتقا تىكىلىپلا قالغانىدى.

— سىز كىم؟ — دەپ قاتتىق ئاۋازدا سورىدى تۈرك تەلەپپۇزىدا بۇ ئايال.

— ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنما؟ مەن ئۆزەمنىڭ ياتىقىدا تۇرىۋاتقان ئادەم!

شىمىت كارىۋاتتىن ئىرغىپ تۇردى، هېلىمۇ ياخشى ئۇ كىيىملىرىنىڭ هەممىسىنىلا سېلىۋەتمەپتىكەن. هېلىقى ئايال پولدىن كۆڭلىكىنى ئېلىپ ئالدىنى توستى، ئەمما ئۇنىڭ ئاپئاق يەلكىسى بىلەن كۆكسىنىڭ بىر قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نېمە؟ بۇ سىزنىڭ ياتىقىڭىزما؟

— بۇ 12 - ياتاقفۇ؟

— سىز 2 - ياتاقتا، — دېدى شىمىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سىز 12 - ياتاقتا ئەمەسقۇ؟ شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا بۇ ياتاقنى مېنىڭ دەيسىز؟ يەنە كېلىپ چىراغ ياندۇرمايلا يېشىنگىنىڭىز نېمىسى؟

ئايالنىڭ قوڭۇرەڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىرىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن قورال تۇتۇپ ياتىسىز؟ مېنى كىيىنىۋالغىلى قويۇڭ... چىقىپ كەتكىلى قويۇڭ...

— ئىشنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ چىقىپ كېتەلمەيسىز...

— نېمىنى بىلمەكچى سىز؟

— بۇ يەرگە نېمە دەپ كىرگەنلىكىڭىزنى.

— دېدىمغۇ، ئۆزەمنىڭ ياتىقىغا كىردىم دەپ كىرىپ قاپتىمەن... چىراغ ياقماسلىقىم ئېرىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىدى... شۇنچە كەچ بولۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا سائەت ئىككىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن دەپ قويغانىدىم...

ئايال كىيىمىنى كىيمىدى، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ بەدىنى تېخىمۇ ئېچىلىپ قالغانىدى، بۇنى كۆرگەن شىمىت ئەپەندىنىڭ بىر ياقتىن ئاچچىقى كەلدى، بىر ياقتىن ئامراقلىقى تۇتتى.

— ئېرىڭىز 12 ـ ياتاقتىمۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئېرىم گرېتسىيىلىك كاتتا سودىگەر، ئېتى گلاۋلوس...مەن، مەن تۈركىيىلىك...ئىستانبۇلغا بىر نەچچە كۈن تۇرغىلى كەلگەن...بىر ئايال دوستۇم بىلەن سىرتقا چىققانىدىم...

ئايالنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، گويا هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى، ئەمما شۇ ئان يەنە شىمىت ئەپەندىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاردى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويغىنىمغا ئەپۇ سورايمەن، — دېدى ئايال ئۇھ تارتىپ، — ئەمدى مەن كېتەي... نېمىشقا ئېزىپ كىرىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن...گەپنىڭ راستى، شامپان هارىقىنى كۆپرەك ئىچىۋېتىپتىمىز...

— ئەرلەر بىلەن ئىچكەنمۇ؟ — دەۋەتتى شىمىت.

— ياق، ئاياللار بىلەن. كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان، جىق مۇڭدىششقا توغرا كەلدى...

پەستىكى قۇرۇق زالدا بىرنەچچىلا چىراغ تېخىچە يېنىقلىق

ئىدى، ۋىجىك بوۋاي ئۇيقۇسى كەلمىگەندەك، سافاغا يېڭىباشتىن ئۆزىنى تاشلىدى.

ئىشىك باقار ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئىككىيلەن تۇرۇپ-تۇرۇپ 2-قەۋەتكە غەيرى تەبىئىي يوسۇندا قاراپ قوياتتى، ئاندىن يەنە بىر-بىرىگە زاڭلىق قىلغاندەك ۋە قانائەت قىلغاندەك كۆز يۇمۇشلىشىپ قوياتتى.

ئەلى بېيىنىڭ سافاغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن بىر شىشە راكى هارىقى بىلەن بىر رومكىنى يېنىدىكى كىچىك شىرەگە قويۇپ قويغانلىقىنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئايۇپ قەبرىستانلىقىدا ئاۋلىنوس شوپۇرنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتاتتى، ئېلىك بوئىنس بولسا چالا ئۇيقۇلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەتراپىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەندەك، ئۆزى گادىرماشلىقتا يورۇقلۇققا قاراپ جىنىنىڭ بىرىچە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى.

بۇ چاغدا ئۇ خۇش پۇراقلىق بىر چاتقاللىغا بۇرنىنى يېقىپ يەردە يەنىلا تۈپتۈز ياتاتتى.

يېرىم كېچىدە كىرىپ كەلگەن ئايال شىمتىنى بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە ئىدى.

— كېلىڭ، باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى...

— نېمىشقا؟ بۇ ئۆي سىزنىڭغۇ؟

— هېچقەسى يوق، ئارقامدىن مېڭىڭ.

— ئېرىم ئۇچراپ قالسا قانداق قىلىمەن؟

— چاتاق چىقمايدۇ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مېڭىڭ، ھېلى بىلىپ قالىسىز...

شىمەت چاپىنى، شىلەپىسى ۋە ئايالنىڭ خالاتىنى ئالدى. كارىدورغا چىقىپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپلا 12 - دەپ يېزىلغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى ئايال دۇدۇقلاپ.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ؟ ئۆزەمنىڭ ياتىقىغا كەلدىم.

— لېكىن...

— مەرھەمەت! ئۆيگە كىرىپ ئازادە سۆزلىشەيلى...

ياتاققا كىرگەندىن كېيىن، شىمەت سورىدى:

— ئېتىڭىز نېمە؟

— ساجىدە.

— تېخىچە بويتاق ئۆتۈۋاتىسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— يېقىندا توي قىلىمەن.

بۇ چاغدا شىمەتنىڭ كۆڭلى مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلايمۇ ياكى ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھېسسىياتىمغا بويسۇنايمۇ دېگەن زىددىيەتلىك ئەھۋالدا ئىدى.

— ھېلى كۆڭلەك كىيمىگەن ۋاقتىڭىزدا بەك چىرايلىق كۆرۈنگەنىدىڭىز، — دېدى شىمەت.

— كۆڭلىكىڭىنى سال دېمەكچىمۇ سىز؟

— مېنىڭچە بولسىغۇ...

شىمەت راستىلا شۇنى ئۈمىد قىلاتتى. ئايالغا يەر ئاستىدىن قارايتتى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بارغانسېرى قىزىقىۋاتقانلىقى ۋە شەھۋانىي نەپسىنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى شىمەت تۇيۇقسىزلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇدۇقلاپ.
— مەن ياتتىم...سىزنىڭ غەرىزىڭىز مۇشۇ ئەمەسمۇ؟
— بىزنىڭ رەسمىي سۆزلىشىدىغانلىقىمىزنى ئىسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ نېمە؟
ئايال جىلۋە ۋە مەسخىرە ئارىلاش جاۋاب بەردى:
— سىزنىڭچە، ”ھېلىقى ئىش“ تىن كېيىن رەسمىي سۆزلەشسەك بولامدىكەن؟
شىمىت ئەپەندى غىڭشىپ، ئۆيدە ئۇيان، بۇيان پىرقىرىغىلى تۇردى، ئۇ بىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتاتتى. قولىدا تاپانچىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۇنى كۈلكىلىك قىلىپ كۆرسىتىۋاتاتتى.
ئەمما ساجىدەنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرى، يالىڭاچلانغان كۆكسى، يوتقاندىكى بەدىنى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.
ئۇ قارارغا كەلدى: ”ماكاۋاي بوئىنس...“
— نېمە دەۋاتىسىز؟
— ھېچنېمە.
— ئەمىسە بوئىنس دەۋاتىسىزغۇ. بوئىنس دېگەن كىم؟ سىز ھېلى نېمىشقا باشقا ئادەمنىڭ ياتىقىدا يۈرىسىز؟
— سىز ئۆزىڭىزچۇ؟
— مەن؟ مېنىڭ ئەھۋالىم سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.
— مېنىڭكىمۇ ئوخشىمايدۇ!
— باياتىن نېمىشقا ”ماكاۋاي بوئىنس“ دېگەنلىكىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەرگۈڭىز كەلمەيۋاتىدۇ.
بۇ چاغدا شىمىت يوتقانغا كىردى-دە، بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— بەلكىم "ھېلىقى ئىش" تىن كېيىن ئېيتىپ بېرەرمەن، — دېدى.

دېرىزە ئوچۇق ئىدى، تاڭ نۇرى ئاسماننى سەدەپتەك يالتىرىتىۋەتكەن، ياتاقتىمۇ سەھەر پۇرىقىنى ئېلىپ كىرگەنىدى.
شىمىت تېخىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ بېشى ساجىدەنىڭ يۇمشاق ۋە ئىسسىق مەيدىسىدە ئىدى. بۇ چاغدا شىسبانو ماركىسلىق بىر پىكاپ پېرا مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. قاپىقى تۈرۈلگەن، رەڭگى ئۆچكەن، كىيىملىرى پۇرلەشكەن ئاۋلىنوس زالغا كىرىپ، ئەلى بېيىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، غوتۇلدىدى:
— بۇ يەردە ئولتۇرىسىزغۇ؟ چاتاق بولدى...
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ۋىجىك بوۋاي بوش ئاۋازدا.
— بىزنىڭ ئادىمىمىز...بوئىنس...ئۇنى ھېلىلا تاپتىم...
— ئويغىنىپتىمۇ؟
— تولۇق ئويغانماپتۇ. ئۆيىگە ئەكىرىشكە ماڭا بىر ياردەمچى كېرەك.
ئۇنىڭغا ۋىجىك بوۋاي ئەمەس، ئىشىك باقار ياردەملەشمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئېغىر بوئىنسنى ئۇچەيلەن مىڭ تەسلىكتە 2-قەۋەتكە كۆتۈرۈپ ئېچىقتى، ئاندىن كىيىملىرىنى سالدۇردى. ئامېرىكىلىق ھوشىغا كەلدى، ئەمما غەرق مەس كىشىدەك ھېچنېمىنى ئېسىگە ئالالمىدى.
ئىشىك باقار بۇنداق قاراملىقنى كۆپ كۆرگەنىدى، ئۇ ھۆل لۆڭگىنى ئامېرىكىلىقنىڭ پېشانىسىگە قويدى-دە، پەسكە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

كەتتى.

ئاۋلىنوس ئەلى بېيدىن سورىدى:

— نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— ھېچ ئىش بىلەن كارىڭ بولمىسۇن...

— ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلساق بولىدۇ، ئەمما ساڭا بارماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن...

— شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ نەق مەيدانىدا ئىكەنلىكىڭىزنى خەق ئۇقۇپ قالمىسۇن دېمەكچىمۇسىز؟ — ئاۋلىنوس خاپىلىقتا غوڭشىپ، مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ۋىجىك بوۋايغا خېلى زەردە بىلەن قاراپ قويدى.

— سەندىن سورىمىغان نەرسىنى دەپ نېمە قىلاتتىڭ؟...

— يەنە شۇ گەپمۇ؟

ئۇ كەتتى. ۋىجىك بوۋاي سائەتكە قاراپ قويۇپ، ئېشىپ قالغان راكى ھارىقىنىڭ ھەممىسىنى قۇيدى، ئاندىن كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەۋاتقان ئىشىك باقارغا:

— سائەت يەتتىدە مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ، — دېدى.

ئۇ زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى سافانى كارىۋات قىلىپ، غەلىتە كىيىمى بىلەنلا ياتتى. ھەتتا شلەپىسىنىمۇ ئېلىۋەتمىدى.

## 2

قاسىم پاشانىڭ ھېلىقى كۆنى ئەتىگىنى ئاچچىقلىنىپ كېتىشى بەك قىزىق ئىش بولدى. تۈركىيە قەھۋىسى بىلەن سۇ ئىستاكانى قويۇلغان كونىچە مىس پەتنۇس بۇ ساقچى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا

ھېلىلا كەلتۈرۈلگەندى. ھەر كۈنى 20 قېتىم كەلتۈرۈلەتتى. ناسىم پاشا بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى كەلگەن ھەر بىر مېھماننى تاماكا ۋە قەھۋە بىلەن كۈتمەكتە ئىدى، بۇ ئوتمان مەھكىمىلىرىنىڭ ئەزەلدىن كېلىشۋاتقان قائىدىسى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئاپتاپ ئوبدان چۈشىدىغان بىر ھويلا تەرەپكە ئېچىلاتتى، ئىشخانىغا 15 ــ 20چە ئادەم تىقىلىشۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى، بەزىلىرى ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىستانبۇلدىكى كاتتا شەخسلەر بولسا، بەزىلىرى مايلامچىلار ئىدى، مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشكەن ھامماللارمۇ بار ئىدى. تۈركىيىنىڭ يېڭى بەلگىلىمىسى بويىچە، ھۆكۈمەت خادىملىرى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېھماننى ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى، بولمىسا پارا يېدىمىكىن دېگەن گۇمانغا قالاتتى. خىزمەتكار ۋە ساقلاش بۆلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، قوبۇل قىلىنغۇچىلار ئۆزىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنغانلار بىلەن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

ناسىم پاشا سېمىز، كىيىنىشلىرى جايىدا ئادەم بولۇپ، جىق ئەتىر چېچىۋالغانىدى، بېشىغا بۈگۈنكى كۈندە كىيىش مەنئىي قىلىنغان تۈرك تۇماقلىرىدىن بىرنى كىيىۋالدىغان بولسا، بۇرۇنقى ئالىي تاماكىلارنىڭ قېپىغا بېسىلغان تۈركلەرگە ئوخشاپلا كېتەتتى.

ئەمما، ئەدەبلىك بۇ پاشا بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قەھۋە پەتنۇسىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، كاتىبلىرىغا توۋلاپ كەتتى:

ــ دەرھال ئەلى بېينى چاقىرىپ كېلىڭلار!

ــ تەقسىر، ئۇ تېخى كەلمىدى!

www.uyghurkitap.com

ــ ئىزدەڭلار...نەدە بولمىسۇن، ئالدىمغا سۆرەپ كېلىڭلار.
ناسىم پاشا قايتا ئولتۇردى ـ دە، ھاۋا بەك تىنجىق بولغانلىقتىن، يۈزىدىكى تەرنى سۈرتتى، بىر ئۇھ دەۋالدى. ئۇ يۈزىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىلغان مۇنۇ سۆزى قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلىدى:
ــ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىمىدىلە، جانابى تەقسىر؟

بۇنداق كۆرۈنۈش بىرىنچى قېتىم كۆرۈنۈۋاتقىنى يوق، چۈنكى، ئەلى بېي سىرىنى بىلىپ بولمايدىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ نەلەردە قورساق تويغۇزۇپ، نەلەردە قونۇپ، نەلەردە تاھارەت ئېلىپ يۈرگىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە ئۇ تاھارەتنى ئاددىيلا ئېلىپ تۈگىتەتتى.
ئۇنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى، خىزمەت دائىرىسىمۇ نائېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ چەت ئەللىك مۇھىم مېھمانلار بىلەنلا ھە ـ پە قىلىشاتتى، ئەمما غەيرى رەسمىي سالاھىيىتى بىلەن پەردە ئارقىسىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، يەنە كېلىپ بىر ئاز مەنمەنچى ئىدى.
بەزىلەر ساقىلىنى چالا ئالدىغان، ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان بۇ ۋىجىك بوۋاي ئىمپېرىيە زامانىسىدا ناھايىتى قابىلىيەتلىك دىپلومات ئىكەنىمىش، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پايتەختلىرىدە تۇرۇپتىكەن دېيىشەتتى.
ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى ماختىمايتتى، يەتتە ـ سەككىز خىل چەت تىلنى بىلىمەن دېمىمۇ باقمىغانىدى، ئەمما ئۇ ھەرقانداق چەت ئەللىكنىڭ گېپىنى چۈشىنەلەيتتى.

— ئەلى بېي، كەلدىڭىزمۇ، ئۇلۇشكۇن سىزگە نېمە دەپ يولىيورۇق بەرگەنىدىم؟

بۇ چاغدا بىر ئادەمنىڭ يۈزى قىزىپ، بارغانسېرى ئوڭايسىز-لىنىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئادەم ئاۋلىنوس ئىدى. ئۇ ھازىر ناسىم پاشانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىنكاس قىلغانلىرى پاشانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋەتتى. ئەلى بېي ئۇنىڭغا ئاچچىقلانماستىن قاراپ، ھولۇقماي، بوش ئاۋازدا، خۇددى كىتاب يادلىغاندەك مۇنداق دېدى:

— تەقسىر، سىلى ماڭا ئامېرىكىلىق باي ئېلىك بوئىنس ئىستان-بۇلغا كېلىدۇ، ئامېرىكا ساقچى ئورگانلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئېلىك بوئىنسنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە ئىكەن دېگەنىدىلە... سىلى ماڭا ئۇنىڭغا قاراشنى، ئەمما بۇنى خەۋەقە بىلىندۈرمەسلىكنى تاپىلىغانىدىلە...

— ئۇنداقتا، سىز نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟

— ئۇنى قوغداۋاتىمەن، جانابلىرى.

باشلىقىنىڭ جۇدۇنى تۇتقىلى تاسلا قالدى، بىر چەتتە كۈتۈپ تۇرغان بېچارىلەر قورقۇنچىلىقتا تىترىشىپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئۇنى قوغداۋاتقانلىقىڭىز راست! ئۇنىداق بولسا، ئۇ ھازىر نەدە؟ ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟

— پېرا مېھمانخانىسىدىكى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدا، جانابلىرى!

— ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ تۈنۈگۈن ئۇ نېمە ئىشقا يولۇقتى؟

— مېنىڭچە، ئۇ ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقمىدى، جانابلىرى.

www.uyghurkitap.com

ھېچنېمىدىن قورقماستىن بېرىلگەن بۇ جاۋابقا ئاۋلنوس ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىشقا كەلگەنىدى، ھازىر ئەلى بېيىنىڭ ئۆزىنىڭ پۇت-قولىنى ئۆزى چۈشەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ماۋۇ كېلىشمەسلىكىنى! بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئادەمدىن بىرى ئۆزىنىڭ رەقىبى بولۇپ قالىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىرى شۇنداق بولىدۇ، ئىككىلىسى شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن!

— ئەلى بېيى، دېمەك، سىزگە قوغداش دەپ تاپشۇرغان ئادەمنىڭ ئەتىگەن سائەت ئۈچتە ئايۇپ قەبرىستانلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنسىز-دە؟

— بىلىمەن، تەقسىر، ئەمما بىزنىڭ مېھماندوستلۇق ئەنئەنىمىز مېھماننىڭ كېچىسى شاللاق ئايال بىلەن سەيلە قىلىشىنى توسۇشىمىزغا يول قويمىدى.

— مېھماندوستلۇق ئەنئەنىمىز ئەقەللىسى بىزنىڭ ئۆلارنىڭ كالاللىسىغا كالتەك سالماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ دەڭلا!

— شۇنداق جانابلىرى!

— بىراق، شۇنداق ئىش بولدى دەپ ئاڭلىدىم، سىز يا ئەھۋالنى بىلمەيسىز، يا مەندىن يوشۇرماقچى بولۇۋاتىسىز...

بىچارە ئەلى بېيىنىڭ كاللىسى ساڭگىلاپ كەتتى، ئۇ ئۇغرى چاشقاندەك غىپپىدە بىرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، پىرا مېھمانخانىسىنىڭ تېلېفونىنى ئالدى.

— بوئىنس ئەپەندىنىڭ تېلېفونىغا ئۇلاپ بەرسىڭىز... نېمە دەيسىز؟... رۇخسەت يوق دېيىش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا

مۇۋاپىق كەلمەيدۇ...بوئىنس ئەپەندىگە ئېيتىپ قويۇڭ، ناسىم پاشا جانابلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى...

ئۇ كۆلۈپ ـ ھىجىيىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۇرۇپكىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا سۇندى.

ــ ئالو، بوئىنس ئەپەندىمۇ سىز؟...مەن ناسىم پاشا، ھەئە... سىزدىن تۇنۇگۈن كېچە بولغان ئىشقا ئەپۇ سوراش ھەم سىزدىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈن تېلېفون بېرىۋاتىمەن. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سىزدەك چوڭ شەخسنىڭ...بىلىپ قالسا...نېمە؟... نېمە گەپ؟...سىز ئۇقمامسىزا؟...ھېچ ئىش بولمىدى؟...بىراق... ئايۇپ قەبرىستانلىقىدا...ناھايىتى ئاددىي بىر سەيلە؟...كېيىنچۇ؟

ئەلى بېي بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ئاۋلىنوس ئەلۋەتتە بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلەتتى، ئۇ ئىچىدە: مەن يا سودايى بولۇپ قالدىم، يا ماڭا جىن تەگدى، دەپ ئويلىدى.

ــ ئەپۇ قىلىڭ، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە...ھەئە...سىزنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن مەن بەك خۇشال...بەك خۇشال...ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بوئىنس ئەپەندى...

ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئاۋلىنوسقا غەزەپ بىلەن ھومايدى.

ــ كېچىدە كۆپرەك ئىچىۋەتكەن ئوخشىمامسىز؟ كەسپىڭىزگە قارىماي مەست بولۇپ قالسىڭىز ئۇيات ئەمەسمۇ؟ چىقىڭ بۇ يەردىن! يوقىلاڭ ئىش بىلەن مېنى ئىككىنچى ئاۋارە قىلماڭ، بولمايدىغان بولسا، پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز!

ئاۋلىنوس ئارقىسىغا داجىپ بەدەر قاچتى. ئەلى بېي قېپقالدى، ئۇنىڭ ئالدىغا پەتنۇستا قەھۋە كەلتۈرۈلدى، ئۇ كىچىك بىر ئىستاكان

قەھۋىسىنى ۋە بىر ئىستاكان سۇنى ئالدى، فىلتىرلىق بىر تال تاماكىنىمۇ ئالدى. تاماكا چەكمىگەچكە، تاماكىنى يانچۇقىغا سالدى.

— ئەلى بېيى، سىزنىڭچە بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ ھاياتى راست خەۋپلىكمۇ؟

— مەن ئامېرىكا تەرەپتىن يېزىلغان بىر دوكلاتنى ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بوئىنسقا ۋەھىمىلىك خەتلەر تېگىسىپ تۇرغانلىقىنى، بۇ خەتلەردە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە 200 مىڭ دوللارنى تاپشۇرمىساڭ، جېنىڭنى ئالىمىز دەپ يېزىلغانلىقىنى يېزىپتىكەن. شۇڭا ئۇ ئامېرىكىنىڭ ساقچى ئورگانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشقا كېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزى تىجارەتچى ئەمەسكەن، ئۇنىڭ دادىسى جېك بوئىنس يەنى كىشىلەر چوڭ بوئىنس دەپ ئاتايدىغان كىشى تاماكا شىركىتى ئېچىپ، مىليون-مىليون دوللار پۇل تېپىپتىكەن، شۇڭا كىچىك بوئىنس تۇغۇلۇشىدىنلا كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇپ قالغانىكەن.

ئەلى بېيى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىغىنىچە، بىر خىللا تاۋۇش بىلەن بۇ گەپلەرنى قىلدى.

— بۇ قېتىم ئۇ نەدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى ناسىم پاشا.

— گاۋاي، ياپونىيە، ھىندىستان تەرەپلەردىن. ئەمما، ئۇ سەپەرگە چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ۋەھىمىلىك خەتلەرنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، يەنە كېلىپ بۇ خەتلەردە گەپلەر بەك قاتتىق ئىكەن، ئاز كۈندە ئۆلۈمىڭنى كۆرىسەن دېيىلگەنىكەن.

— بۇ خەتلەر ئامېرىكىدىن سېلىنغانمىكەن؟

— ياق، ھەممىسى ئۇ سەپەر ئۇستىدە ئۆتكەن جايلاردىن سېلىنغان، ئۇنىڭ تۈنۈگۈن پېرا مېھمانخانىسىدىمۇ بىر پارچە خەت

تاپشۇرۇۋالغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

— ئۇ ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللىنىپتۇ؟

— ئۇ نيۇيوركتىن چىققاندىلا شىمىت دېگەن بىر پايلاقچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋاپتۇ، بۇ پايلاقچىنىڭ يېنىدا ئىككى دانە ئاپتوماتىك تاپانچا بار ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن...

— ئامېرىكىدىن چىققاندىن كېيىن، پايلاقچى بوئىنىنىڭ ئەتراپىدا گۇمانلىق ئادەملەر بارلىقىنى بايقىماپتىمۇ؟

— بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، جانابلىرى، مەن دېگەن يوشۇرۇن يۈرسەمەن، ئېلىك بوئىنىس بىلەن شىمىت مەندەك كىچىك بىر شەخسنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. مېنىڭ ئىشىم تۈركىيە زېمىنىدا ئامېرىكىلىق باينىڭ كۆتۈلمىگەن بالاغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش...

— سىزگە يەنە بىرنەچچە ئادەم قوشۇپ بېرەيمۇ؟

— تەقسىر، مەن ئۇلارغا گەپ ئاڭلىتالمايمەن!

— ئېھتىيات ئۈچۈن بولسىمۇ، نېمە بولسا بولسۇن، پېرا مېھمانخانىسىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش كېرەكمۇ، يوق؟

ئەلى بېي جاۋاب بەرمەستىن، راسا ئېگىلىپ تازىم قىلدى، ئاندىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان نوچىلاردەك قەدەم تاشلاپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاۋلىنوس خىجىل ھالدا خاتىرجەمسىزلىنىپ ھويلىدا كۆتۈپ تۇراتتى.

— ئۇنى ساقچى ئىدارىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ، — ئۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان بولسا، ساقچى ئىدارىسى سەن نېمە دەپ مۆرسەمەي يۈردۈڭ دەپ مەندىن كۆرەتتى.

— بىلىدىغىنىڭىزنى دەڭ، ئەمما پەخەس بولۇڭ، خاتا قىلىپ قويماڭ...

— ئەلى بېيى، سىزنىڭچە...

— باشلىق تېلېفوندا دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ئېلىك بوئىنىس ئۆزى تونۇگۇن كېچە ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى رەسمىي دېدىغۇ؟...ئاۋلىنوس، ھاراقنى ئازراق ئىچسىڭىز بولمامدۇ!

بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئەلى بېيى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرىدىغان دەرەخلىق يول بىلەن كونا شەھەرگە قاراپ دەلدەڭشىپ مېڭىپ كەتتى.

گەپنىڭ راستى، يالغۇز چاشقان ھېچ ئىش چىقىرالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ رەڭگىنى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەڭگىگە ئوخشىتىپ قېلىپ، پەرقلەندۈرەلمەيدۇ-دە، ئۇنىڭ قايسى تۆشۈكتىن چىقىپ، قايسى تۆشۈككە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇ تۇغرۇلۇق گەپ بولۇۋاتقاندا، ئۇ ئادەتتىكىدەكلا پەيدا بولىدۇ-دە، شۇنچە بىمالال يۈرۈۋېرىدۇ.

شۇڭا، پىرا مېھمانخانىسىدىكى ئىشىك باقار ئايرىپ قويۇلغان خەتلەرنى ئېلىپ زالغا بۇرۇلغىنىدا، كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇزارتقان ئەلى بېيىنى تويۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى.

ئەلى بېيى بۇيرۇق بەرمىدى، بىر نېمىنىمۇ تەلەپ قىلمىدى. ئۇ قولىنى سۇنۇۋىدى، ئىشىك باقار خەتلەرنى ئۇنىڭغا بەردى، ۋىجىك بوۋاي خەتلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆرۈپ-چۆرۈپ، بىر پارچىسىنى ئېلىپ قالدى، بۇ خەت ئىستانبۇلدىن ئېلىك بوئىنىسقا سېلىنغان خەت ئىدى.

بۇ ساقچى ئەمەلـدارى ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان يەر مېھمانخانىنىڭ زالى ۋە ھاراقخانا بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. چۈنكى، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، كاۋاپدانىدىن بىر پارچە پاخلان گۆشىنى ئەمدىلا ئالغان ئاشپەز ئەلى بېيگە ئىشارەت قىلىپ قويۇۋىدى، ئەلى بېي ئېڭىشىپ ئوچاققا قارىدى.

ئەلى بېي پىششىپ كەتكەن كەسسىپ ئەھلىلىرىدەك ئۇستىلىق بىلەن كونۋېرتنى ئېچىپ، خەتنى ئالدى-دە، يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى تۆۋىگە كېلىپ، خەتنى يورۇققا تۇتۇپ ئوقۇغىلى تۇردى.

"ئېلىك بوئىنس:

سىزگە ئويلىنىشقا ۋاقىت بەردىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تەھدىتىمنىڭ قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىدىم.

بەلگىلەپ بەرگەن ساندىكى پۇلنى بۇرۇن دېگەن ئۇسۇل بويىچە بىر ھەپتىگىچە تاپشۇرمىسىڭىز، ھەرقانداق ساقچى، ھەرقانداق پايلاقچىمۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

ھازىردىن باشلاپ سىزگە يەنە بىر نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەن، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ بەزىلىرى ئازابلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن."

ئىمزا سۈپىتىدە خەتنىڭ ئاستىغا قىزىل سىياھ بىلەن ئۈچ كرېست بەلگىسى سىزىلغانىدى.

ئادەتتىكى ۋەھىملىك خەتلەر ماشىنىكىدا باستۇرۇلغان بولاتتى، ياكى گېزىت خەتلىرىنى چاپلاش يولى بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن بولاتتى، بۇ خەتنىڭ ئۇنداق بولماسلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

بۇ خەت راستىلا قول بىلەن يېزىلغانىدى، يەنە كېلىپ ئايال كىشىنىڭ خېتى ئىدى. ئەلى بېي بۇ خەتنى چوقۇم تۈرك ئاياللىرىدىن بىرى يازغان دەپ جەزملەشتۈردى.

ئاشپەز تېخى بىر سەيگە دورا ـ دەرمەك سېپىپ بولغىچە، پايلاقچى كۆزدىن غايىپ بولدى. پېرا مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇشلۇق فوتو ئاپپاراتچى پايلاقچىنىڭ خىرە قىزىل چىراغ يېنىپ تۇرغان قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

ــ سەلىم بېي، ماۋۇنى ماڭا تارتىپ بېرىڭا.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەتنى مېھمانخانىنىڭ ئىشىك باقارىغا قايتۇرۇپ بەردى.

ــ ساجىدە قېنى؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ ئاستاغىنا كالپۇكىنىمۇ مىدىرلاتماي.

ئىشىك باقار كۆزى بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتنى كۆرسەتتى، ئۇ چۈشەندى.

ــ بوئىنىسچۇ؟

ــ ئۇخلاۋاتىدۇ... بۈگۈن ئەتىگەن ياتىقىغا جىققىلا ناشتىلىق ئەكىردۈرۈپتۇ.

ــ دوختۇر چاقىرمىدىڭلارمۇ؟

ــ بىرنەچچە تال ئاسپىرىن ئالدى.

ئىشىك باقارنىڭ ئۆيىچە، ئەلى بېي كۆرۈنمىگىنى بىلەن، مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى، چۈنكى هاراقخانىنىڭ پۇكەي تازىلاۋاتقان خىزمەتچىسى بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇنىڭ يوغان بىر رومكا راكى هارىقى ئىچىپ، زەيتۇن يەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى. كارىدوردا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتچى ئۇنىڭ كارىدورنىڭ

قاراڭغۇ يېرىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلغانىۇ، ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن.

12-نومۇرلۇق ئۆيدە، نەپىس كېچىلىك كىيىمى كىيىۋالغان شىممىت بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز ئۈچ كۆڭلەك كىيىۋالغان ساجىدەگە يۆلەنگەن پېتى كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. دېرىزىدىن شەھەر-دىكى مەسچىتلەرنىڭ قۇببىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئىككىيلەننىڭ كەيپىياتى ئەلۋەتتە بەك ياخشى ئىدى، ئۇلار پەتنۇسنى تىزىغا قويۇۋېلىپ ناشتىلىق يەۋاتاتتى.

شىممىتنىڭ كەيپى خۇش ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن بەك رازى ئىدى. ئۇ يېنىدىكى ئايالغا كۈلۈمسىرەپ ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن:

— ئەمدى كۆڭلىمىزدىكى گەپنى دېيىشىۋالساق قانداق؟ — دەپ تەكلىپ بەردى.

ئايالنىڭ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— سىزنىڭچە بىز تېخى بەك يېقىن ئەمەسكەنمىز-دە؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ شوخلۇق بىلەن.

— ئالۋاستىنىڭ ئۆزىلا ئىكەنسىز، — دېدى ئايال نازلىنىپ، — دېگۈم كەلمىگەن ئىشلارنى دەپ بېرىشكە قىستاۋاتىسىز. مەن بىچا-رىنىڭ ئىززىتىنى قىلايمۇ دېمەيسىز!!

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىززىتىم دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئوچۇق كۆكسى ۋە ئىككىيلەننىڭ مىڭگىلەشتۇرۇۋالغان يوتىلىرى بىلەن ماس-لىشىپ تېخىمۇ تاتلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

— بولىدىلا، چىرايلىقىم ساجىدە! سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟ گەپنى باشتىن باشلايلىرا. بىرىنچىدىن، سىزنىڭ ئېرىڭىز يوق

ئىكەن. ئىككىنچىدىن، سىز چىرايلىق كۆڭلەكلەرگە، خۇش پۇراق ئەتىرلەرگە، ئېسىل بېزەكلەرگە ئامراق ئىكەنسىز، بۇ نەرسىلەرنى پۇل بولمىسا ئېلىش تەس...

— ئىنساپسىز ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى ئايال بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ.

— مەن دېگەن ئامېرىكىلىق! بىز ئامېرىكىلىقلار ئىشنى ئوپئوچۇق ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئامراق... سىزنى بىر يولۇچىنىڭ ياتىقىغا كەلسە-كەلمەس كىرمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن!

— گېپىمگە ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، سىز پۇل خەجلەشنى بىلىدىغان ئايال ئىكەنسىز... ئېلىك بوئىنىس دېگەن تاماكا كارۇلىنىڭ پىرا مېھمانخانىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنها ئىكەنلىكىنى سىزگە چوقۇم بىر كىم ئېيتىپ قويغان...

ئايالنىڭ يۈزى قىزارغاندۇ؟ يا بولمىسا يالغاندىن يۈزى قىزارغان بولۇۋالغاندۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، بۇ ئايالنىڭ ئىنائەتمەنلىكى شىمىتنىڭ ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىلھام بولدى. ئەمما، بۇ ئايال كۆزىنى بىر ئەملاپ قويسىلا، شىمىت ئېغىز ئاچماي جىم تۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— توغرا ئېيتقاندىمەن؟ چىرايلىق قىزچاق ساجىدە؟ سىز بىچارە شىمىتكە ئەمەس، شىمىتنىڭ خوجايىنىغا، قالتىس شەخس بوئىنىسقا يولۇقماقچى ئىدىڭىز... تونۇگۈن كېچە خوجايىنىنىڭ كارىۋىتىدا ياتقان كىشىنىڭ بىچارە شىمىت ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىگەن بولغىدىڭىز؟

— نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال، ئۇنىڭ

كۆزلىرى شىمىتقا مىختەك قادالغانىدى، گۇدەكلىك چىقىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىدە بىر كىچىلىك تاماشىنىڭ دىغى قالغانىدى.

— بۇ باشقا بىر ئىش. دەپ كەلسەك گەپ تولا.

— بۇ لىللا بولمىدى!

— نېمىشقا لىللا بولمىدى؟

— مەنغۇ ھەممە گەپنى دېدىم، سىز ماڭا ھېچنېمە دەپ بەرمىدىڭىز. سىزنىڭ نېمىشقا ئوقلاقلىق تاپانچا بىلەن قوراللىنىپ خوجايىنىنىڭ كارىۋىتىدا ياتقانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسام دەيمەن.

شىمىت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بىر پەس شۈبھىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇئىنس قاخشاتقۇچ تەھدىتكە ئۇچرايدىغان بولسا...

— ئۇنىڭغا كىم تەھدىت سالىدۇ؟

— كىم بولسا بولىۋېرىدۇ! بىزنىڭ ئامېرىكىدا پۇلى بارلار قاراقچىلارنىڭ، ھازىرقى گەپ بىلەن ئېيتقاندا، قىزىلكۆزلەرنىڭ تورلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

— تونۇگۈن كېچە بۇئىنس خەۋپكە ئۇچرىۋىدى، ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان مەن...

— ئۇنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغىنىنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— چۈنكى بەزىلەر ئۇنىڭغا خەت يېزىپتىكەن...

— قانداقىسىگە ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ، سىزلەر ئەمدىلا كەلگەن ئەمەسمۇ؟

— خەت پورت سەئىدتىن سېلىنغانىكەن، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىز شۇيەردە ئىدۇق،...توختاڭ، مەن خەتنى ھازىرلا سىزگە كۆرسىتەي.

ئۇ كارىۋاتتىن تۇردى. ئۇنىڭغا پۇتىنى سوزۇۋېلىشقا توغرا كەلگەندۇ بەلكىم. ئۇ قۇلۇپلاقلىق قىزىل چامادان قويۇلغان بىر شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلۇپنى ئاچتى-دە، بىر پەس ئاختۇرۇپ، بىر پارچە خەتنى ئالدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

"ئېلىك بوئىنس:

پەخەس بولۇڭ! ئىستانبۇلدىكى تۇنجى كېچە سىز ئۇچۇن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ. سىز يېقىندا مېھمانخانىنىڭ كارىۋىتىدا ئەمەس، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلىڭ!"

ساجىدە چۆچۈگەندەك قىلىپ، پىچىرلىدى:

— ئايال يازغاندەك تۇرىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلىغان.

— ئەمما بۇ ئايال ئانچە ساۋاتلىق ئەمەستەك تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەتنى توغرا يېزىپتۇ.

— ھەممە خەتتە مۇشۇنداق ئەھۋال بار... — شىمىت دېرىزە يېنىغا بېرىپ دېرىزىنى يېپىپ قويدى، چۈنكى ئۆيگە ئاپتاپ كىرىۋالغانىدى.

— بوئىنسقا مۇشۇنداق ۋەھىملىك خەتلەر خېلىلا كۆپ تېگىپتۇ-دە؟

— بارغانلا يېرىدە تېگىپ تۇرىدۇ. نيۇ يوركتا چېغىدا ھەركۈنى كېلىدىغان يوللانمىلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق خەتتىن بىرى بار ئىدى.

— ئىمزاسى ئوخشاشمۇ؟

— ھەر قېتىملىق خەتنىڭ ئىمزاسى باشقا-باشقا.

— ماڭا بىر تال تاماكا بەرسىڭىز.

www.uyghurkitap.com

شىمىت ئايالغا يېقىنلاپ كەلدى، ئۆزىنىڭ ھاياجانلانغىنىدىن بۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا راستلا ئىشەندى.

— شىمىت، ئاجايىپلا بىر ئادەم ئىكەنسىز...

— قانداق ئاجايىپ ئىكەنمەن؟

— بەزىدە بەك قورقۇنچاق ئىكەنسىز، ئاھىرىكىلىق پايلاقچىلارنى بۇنداق قورقۇنچاق بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ئاياللارنىڭ ئالدىدا! — دەپ تۇزەتتى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— سىز ھاياتىڭىزدا كۆپ ئايالغا ئۇچراشمىغاندەك تۇرىسىز، شۇنداقمۇ؟

— سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— ھەرىكىتىڭىزدىن سەزدىم...جىق ئاياللار بىلەن تونۇشلۇقى بار ئەركىشى بۇنداق قىلمايدۇ. سىز ماڭا ئىنتايىن ئاچكۆزلۈك بىلەن...

— ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويدۇممۇ؟

— دەل ئەكسى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش سىزنى بەك ھاياجانغا چۆمدۈردى، سىز ھەتتا بۇرچىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز...

— نېمە بۇرچ؟ — ئۇ راستلا ھەيران قالدى.

— سىزنىڭ ئۆز كەسپىڭىز ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىڭىز. ئالايلۇق، سىز بۇيەردە چېغىڭىزدا بوئىنىسىنى خەق قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى... سىز ھەتتا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ باقايمۇ دېمىدىڭىز! سىز ئۇنىڭ كارۋىتىدا ياتقاندا، ئۇ نەدە ئىدى؟

— ئۇ خەۋپتە ئەمەس ئىدى...

— كېيىنچۇ؟

www.uyghurkitap.com

— بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دەپ راستىنى ئېيتتى ئۇ، — تۇرۇپ تۇرۇڭ، سوراپ باقاي.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ياشلارغا خاس كالامپايلىق ئېپادىلەندى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئېشىك باقاردىن سورىدى:

— ئالو، بوئىنس ئەپەندى قايتىپ كەلدىمۇ؟ بەللى،...ھاجەتسىز! ئۇنى بىسەرەمجان قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق... زۆرۈرىيىتى يوق. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ماڭا دەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ... رەھمەت.

ئارقىدىنلا ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى:

— قاراڭ! ئۇ تېخى ئۇخلاۋېتىپتۇ! مېنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان ئازراق ۋاقتىم بار. بىلەمسىز ساجىدە، سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىز ئامېرىكا قىزلىرىغا تامامەن ئوخشايدىكەنسىز.

— سىز ئامېرىكا قىزلىرىنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ئۇلارغا پۇل بولسىلا بولىدى.

— ياپون قىزلىرىچۇ؟...

— ئالاقىلىشىپ باقمىغان.

— سەپەر ئۈستىدە چۈشكەن يەرلىرىڭىزدىكى ئاياللار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولمىدىم دېيەلمەسسىز؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئەمما پۇرسەت بەك ئاز بولىدى... مەن ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس.

— بوئىنس ئەپەندىچۇ؟

ئۇ قاپىقىنى تۇرۇپ، ئۇنلۇك سۆزلىدى:

— ئۇ ماڭا ئوخشمايدۇ. شوتا ئېلىۋېتىلسىلا، ئۇ ئۆزىنى دەرھال

يول باشلىغۇچىنىڭ قۇچىقىغا ئاتىدۇ، ئۇلار ئۇنى تۇرلۇك ئالاھىدە جايلارغا ئاپىرىدۇ. بۇگۈن نېمە ئىش قىلىمىز، ساجىدە قىز؟

— قولۋاق بىلەن سىپرابىيىگە بارغۇڭىز بارمۇ؟ ئۇ دېگەن ئاشىق-مەشۇقلار سەيلى-تاماشا قىلىدىغان جاي. ئۇ يەردە سەيلى قىلىپ بولۇپ پوسفور بوغۇزىغا ئوينىغىلى بارىمىز.

— بەك ياخشى گەپ بولدى! كېيىنەيلى ئەمىسە! سىپرابىيىگە بارايلى.

— بوئىنىس ئەپەندىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن يېرىم كۈن سوراي. ئۇ غىدىلىك-پىدىلىك قىلماي بىرنەچچە سائەت يېتىپ تۇرسۇن.

— ئەمىسە مەن كىيىنەي.

ئايال كارىۋاتتىن چۈشۈپ، كىيىملىرىنى ئېلىپ، مۇنچىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئىشىكنى ياپتى، كېيىن ئۇنىڭ:

— يېرىم سائەت كېتىدۇ ماڭا! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

گېپىنىڭ ئاخىرى تۇگە-تۇگمەيلا، ئۇ چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭدىن بىر مېتىر نېرىدا ئەلى بېي ۋاننىنىڭ قىرغىقىدا خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

— بۇيەرگە كىرگىنىڭىزگە خېلى بولدىمۇ؟

ئەلى بېي بىر بارمىقىنى كالپۇكىغا تىك قويۇپ، ئايالغا كېيىنىشنى ئىشارەت قىلدى. بۇ قىز يۇيۇنۇۋاتقاندا، ئەلى بېينىڭ كۆزىدىن باشقىچە ئىپادە بىلىنمىدى.

ئەلى بېي قەغەزگە بىرنەچچە قۇر خەت يازدى، چۈنكى يان ئۆيدە شىمىت ئۇيان-بۇيان ماڭماقتا ئىدى، گەپ قىلىشسا، ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى:

”ئۇنى كەچ سائەت ئونغىچە باشقا ئىش قىلغۇزماڭ. بىر ئامال بىلەن ئۇنى مەست قىلىڭ. ئۇ راكى ھارىقى ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن. ماڭا يەنە ئۇنىڭ ياتىقىدىكى قىزىل چامادانىنىڭ ئاچقۇچى كېرەك.“

قىز دۈشىنىڭ ئاستىندا تۇرۇپ، ئۇقتۇم دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. سوغۇق سۇ ئۇنىڭ قېنىق ئەترەك بەدىنىگە چۈشكەندە، ئۇ تىترەپ كەتتى.

ئۇ يۇيۇنۇش كىيىمىنى ئالاي دەپ كەينىگە قارىغاندا، ئەلى بېجى كۆرۈنمىدى.

— كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى شىمىت تاقەتسىزلىك بىلەن. ئۇ راستلا ئىشىق تورىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

## 3

ھاراقخانىدا بىر ئاز راكى ھارىقى ئىچىش، ئاندىن تۈركىيىدىكى ھەممە قەھۋەخانىلاردا بولىدىغان سۈرلەنگەن بېلىق قورۇتۇلمىسى يېيىش ئەلى بېجىنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە يېمەكلىكلەر تىزىلغان شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

شىمىت بىلەن ساجىدە پاكاد ماركىلىق تاكسىغا ئولتۇرۇپ سېرابىيىگە كەتتى. بۇ چاغدا چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان بىرنەچچە يولۇچىدىن باشقا ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى.

زالنىڭ يېنىدا مايلامچىلىق قىلىدىغان كىچىك بالا نېمىشقا 2-قەۋەتنىڭ كارىدورىدا لاغايلاپ يۈرىدۇ؟

ئەلى بېجى 12-ئۆيدە بىرەر ناتونۇش ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشىدىن قىلچە قورقمايدىغاندەك ھالەتتە راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ساجىدە ئىشىك باقار ئارقىلىق قالىدۇرۇپ كەتكەن ئاچقۇچ بىلەن ئېچىشقا كۆزى تۆت بولۇپ كەتكەن قىزىل چامادانىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنى لۇئى XV نىڭكىدەك شىرەگە تۆكتى.

ئەڭ قىزىقارلىق ئىش شۇ بولدىكى، ئەلى بېيى نەرسىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزەينىكىنى تاقىۋىدى، چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ نەزەرىدىكى كىتابخۇمارلارغا ئوخشاپ قالدى.

ئۇ ئۈزۈندىلەر ئالاتتى، خەتلەرنى كۆچۈرەتتى، بولۇپمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سانلارنى جەملەيتتى.

شىمىت ئەتىگەندە مەشۇقىغا ئېيتقاندەك، ئېلىك بوئىنس نيۇيوركتىن باشلاپلا بارغانلىكى يېرىدە ۋەھىمىلىك خەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ كەلگەنىدى.

ۋەھىمىلىك خەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىدى، ھەر بىر پارچە خەتنىڭ ئىمزاسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئەركىشى يازغان بىرەر پارچىمۇ خەت يوق ئىدى.

قىسقىسى، خەتلەرنىڭ تولىسى خىلى جاپا بىلەن، گويا باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىدا يازغان خەتتەك قىڭغىر - سىڭغىر يېزىلغانىدى.

ۋىجىك بوۋاينىڭ ئىشى خاتالىق تېپىش ئىدى. ھەر بىر خەتتە بىرەر - ئىككى خاتالىق تېپىلىدى، يەنە كېلىپ ئوخشاش خاتالىق ئىدى، بۇ كۆتۈلمىگەن يەردىن چىقتى.

"سىزگە رەھىم قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى..."

"...ۋاقىت ئاز قالدى..."

"يەنە بىر شەھەرگە بارغىنىڭىزدا مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ قالىسىز..."

www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، تاماكا كارولنى باپلىماقچى بولغان قاتىل ــ سوقۇنچىلار دەرھاللا قول سالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئاۋۋال بوئىنسنى قورقىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئاسانلا باپلىماقچى بولغان بولسا كېرەك.

"ئەنە ياستۇقىڭىزنىڭ ئاستىغا قارىسىڭىز بىر پىچاق چىقىدۇ، بۇ ھال سىزنى ئۇخلاۋاتقىنىڭىزدا ئاسانلا جايلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ."

دېمەك، بىچارە بوئىنس ئەنە شۇنداق ھەرخىل ـ ھەرياڭزا ئاگاھلاندۇرۇش خەتلىرىنى بارغانلا يېرىدە تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرۇپتۇ.

تۇيۇقسىزلا، ئىشىك بوش چېكىلدى، ئەلى بېيى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان چاققانلىق بىلەن ھەممە نەرسىنى جاي ـ جايىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، مۇنچا تەرەپكە مېڭىپ غايىپ بولدى.

بەلگە بەرگۈچى مايلامچى بالا ئىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بوئىنس كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا مۇھاپىزەتچىنىڭ ياتىقىغا غىپپىدە كىرىپ، يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر ئاچقۇچنى ئالدى ـ دە، قىزىل چامادانىنى ئاچتى.

ــ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىزگە دېسەم ئىستانبۇلدا كۆپرەك تۇرامسىز؟ ــ دەپ سورىدى ساجىدە نايىناقلاپ تۇرۇپ.

ئىككىيلەن بىر قولۋاقتا ئىدى، ئىككى پالاق پوسفور بوغۇزىنىڭ يالتىراپ تۇرغان سۈيىدە قولۋاقنى ئىتتىك ئالغا سىلجىتماقتا ئىدى. دېڭىز بويىدا چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بىنالىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇرۇنقى زامانلاردىكى يۇقىرى تەبىقە

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ياغاچ سارايلىرىمۇ كۆرۈنەتتى.

— مېنىڭچە، بۇنىڭغا مۇمكىن بولماسمىكىن... — دېدى شىمىت ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

— بوئىنىسنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟

— ئۇ داۋاملىق سەپەر قىلىمىز دەپ، كۆپرەك تۇرۇشقا ئۇنىمامدىكىن.

— ئۇ نېمىدىن قورقىدىكەن؟

— بۇنى... ئەلۋەتتە، ئەھۋال جىددىي. بايقىشىمچە، ئامېرىكىدىن باشقا ئەللەردە كىشىلەر قاراقچىنىڭ بارلىقىغا ئانچە ئىشەنمەيدىكەن. كۆرەشنىڭ مۇشكۈللۈكى بىزگە مەلۇم.

— ئەمما، سىز ئۇنى قوغداش ئۈچۈن چىققانغۇ؟

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز، مەن ئۇنى قوغداش ئۈچۈن چىققان.

— قېيقېيلىك دەپ يالۋۇرسام قالامسىز؟

— ياق... سىز بىلەن بىللە گرېتسىيىگە بارغىنىمىز تۇزۇك بولارمىكىن، ئۇ يەردىن ئىتالىيىگە بېرىشىمىز مۇمكىن...

— بوئىنىسچۇ؟ ئۇ نېمە دەر؟

— بوئىنىس، بوئىنىس دەۋېرىدىكەنسىز! — ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — بوئىنىس ئۇنداق، بوئىنىس مۇنداق، دەپ بوئىنىسنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىكەنسىز...

— نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايسىز؟

شىمىت ساجىدەگە تىكىلىپ قاراپ مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى، ئاخىر يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتتى.

— سىز ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە سوراۋېرىدىكەنسىز!

www.uyghurkitap.com

ــ ئۇنىڭدىن ئايرىلسىڭىز ياشيالامسىز؟

بۇ چاغدا قارا كىيىملىك پاكار كىشى ئولتۇرغان، ئىككى ئادەم پالاقنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ھەيدەۋاتقان بىر قولۋاق ئۇلارنىڭ قولۋىقىغا يانداپ كېلىپ قالغاچقا، ساجىدە چۆچۈپ كەتتى.

شىمىتمۇ دىققەت قىلىغانىدى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئاچچىقلىنىپراق:

ــ نېمە قىلىدىغان ئادەم بۇ؟ دائىم دوقۇرۇشۇپلا قالىمىزغۇ... كېيىنشىلىرىدىن بۇ دېڭىز بوغۇزىغا ئويىنىغىلى كەلگەن ئادەمدەك تۇرمايدۇ... ــ دېدى.

قولۋاق تېخىمۇ يېقىن يانداشتى. ئەلى بېي ئەدەب ـ قائىدە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قولۋاق كۆمتۈرۈلۈپ كېتەرمىكىنمۇ دېمەي، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن پەس ئاۋازدا:

ــ ئىككىمىز بىردەم پاراڭلاشساق قانداق، بوئىنىس ئەپەندى؟ ــ دېدى.

ساجىدە چۆچۈپ كەتتى، ئېھتىمال ھەيران قالغاندەك بولۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىق چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ، ئوڭايسىزلانغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى ـ دە، كېكەچلىگەندەك ئاۋازدا دېدى:

ــ نېمە گېپىڭىز بارئىدى؟

ــ ئېلىك بوئىنىس ئەپەندى، مەن شەرەپ بىلەن سىزدىن پاراڭلىشىشنى ئۆتۈنۈۋاتىمەن. يەنە بىر گېپىم، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي، چۈنكى سىزنىڭ بىر تونۇشىڭىز ھازىر ناھايىتى چاتاق ئەھۋالدا تۇرىدۇ...

ــ سىز بۇ دېڭىز بوغۇزىدا مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمۇ؟

— بىز سېرابىيىگە بارغاندا، چاي ئىچكەچ...
— مەن ئەزەلدىن چاي ئىچمەيمەن!
— ئۇنداقتا، سىز ماقۇل دېسىڭىز، راكى ھارىقى ئىچكەچ پاراڭ-لىشىمىز، ۋىسكىدىن راكىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز.
ئىككى قولۋاق ياندىشىپ ماڭماقتا، ئاھېرىكىسلىق تىت-تىت بولۇپ، ئۇندىمەستىن ئولتۇراتتى.

4

— راكى ھارىقىنى بۇنداق ئىچمەيدۇ، بوئىنس ئەپەندى. ھاراق بىلەن سۇنى بىر رومكىدا ئارىلاشتۇرسا زادىلا بولمايدۇ. ئاۋۋال بىر يۇتۇم ھاراق ئىچىمىز، مانا مۇنداق... يۇتۇۋەتمەي تۇرۇڭ، ئاندىن بىر يۇتۇم مۇز سۇيى ئىچىمىز.
— مېنى بوئىنس ئەپەندى دەپلا كەتتىڭىزغۇ؟
ئۇلار سېرابىيىدىكى بىر چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئايۋىنىدا سۇسۇن رەڭلىك كۈنلۈكنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى، بۇ يەر دېڭىز بويىدىكى ھەممە سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىدا كەم بولمايدىغان سىگان سازچە-لىرى بار يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.
— سىزنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن بوئىنس ئەپەندى، ئەمما، سىزنى ئەمەلىيەتتە يوق تەھدىتتىن قۇتۇلسا خۇشال بولماي قالمايدۇ دەپ، ئىشىنىمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساجىدە چۆچۈپ كەتكەندە، ئەلى بېيىنىڭ كۆزلىرى ئۇدۇلدىكى كىشىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە نەشتەردەك قادالدى.

— سىز نېمىشقا بۇ تەھدىتنى...

— زادىلا يوق ئىش! چۈنكى، سىزگە بىراۋ راستىنلا ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەكچى بولغانىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ تېخىمۇ بىۋاسىتە تەدبىر قوللىنىشى مۇمكىن-دە. ئالايلۇق، سىزنى تۇتۇۋېلىپ، چەكسىز نۇرغۇن پۇلنىڭ سانىنى يېزىپ: قول قوي، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ قىستىشى مۇمكىنغۇ... بۇنى سىز ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداقمۇ ئويلىغان.

— لېكىن ئىشەنمىدىڭىزمۇ؟ قاراڭ، بوئىنس ئەپەندى، سىز توخۇ يۈرەك ئادەم ئىكەنسىز، ئاياللارنىڭ ئالدىدىلا توخۇ يۈرەك بولۇپ قالماي، باشقا ئىشلاردىمۇ توخۇ يۈرەك ئىكەنسىز. سىز تۇغۇلۇپلا مىليونېر بولغان. سىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭىز ناھايىتى باياشاتلىقتا ئۆتكەن. سىز دۆلىتىڭىزدە كەڭ تارقالغان بوكسىرچىلىققا كەمدىن-كەم قاتنىشىسىزغۇ دەيمەن.

— كەمدىن كەم قاتنىشىمەن!

— سىز نۇرغۇن مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئانچە خاتىرجەم ئۆتەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— مەن تىنچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشنى خالايمەن. مەندىن پۇل تەلەپ قىلىپ يېزىلغان خەتلەرنى كۆنگە نەچچە يۈز پارچە تاپشۇرۇۋېلىپ بىزار بولۇپ كەتتىم، ئىشخانامنىڭ تېشىدا ئۇنى-بۇنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ كېتىدىغان ئادەملەردىن بىزار بولۇپ كەتتىم...

— سىز شىمىت بىلەن قاچان تونۇشقان؟

— ئوتتۇرا مەكتەپتە چېغىمدىلا تونۇشقان. ئۇ ئادۋوكات بولماقچى بولدى، ئەمما ئەپلەشتۈرەلمىدى.

— ئۇ سىزگە ھېچقانداق تەلەپ قويۇپ باقمىغانمۇ؟

— بىر قېتىم ئۇ ماڭا خىراجەتنى ئۆزىڭىز چىقىرىپ بىر ئىشخانا قۇرۇپ بەرسىڭىز دەپ تەلەپ قويدى، مەن رەت قىلدىم، بۇ دېگەن بىر پرىنسىپ، مەن ئەخمەقلىق قىلمايمەن ـ دە...

— سىلەر يەنە دوستلىشىپ ئۆتۈۋەردىڭلارمۇ؟

— يولداش بولۇپ ئۆتتۇق! بىزنىڭ يولىمىز بىر.

— شىمىت پايلاقچىلىق ئىشخانىسى ئاچتىمۇ؟

— بۇنداق ئىشخانا ئاچمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا دەسمايە يوق ئىدى. ئەمما ئۇ ئادەملەرگە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم...

— سىزگە ۋەھىملىك خەت تاپشۇرۇۋالغىلى تۇرغىلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— ھەئە... بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت بولدىمىكىن...

— خەتلەرنى ساقچىلارغا كۆرسەتتىڭىزمۇ؟

— ياق، شۇ زاماتلا كۆرسەتمىدىم، چۈنكى، ساقچىلار كۆپ ھاللاردا ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ.

— خەتنى شىمىتقا كۆرسەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ماڭا ۋەكالەتەن تەكشۈرۈشكە ماقۇل بولدى... كېيىن ئۇ ھېچقانچە بىر نېمە تەكشۈرۈپ چىقالمىغاچقا، مەن ساقچى ئىدارىسى بىلەن سۆزلەشتىم. ساقچىمۇ بىر نەرسە چىقىرالمىدى، كېيىن تىنچ كۈن كۆرەي دەپ، يەرشارىنى ئايلىنىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم، يەنە كېلىپ دۇنيانى چۆرگىلەپ چىقىشقا بۇرۇنلا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدىم.

— شۇ سەۋەبتىن شىمىتنى ھەمراھ قىلىۋاپسىز ـ دە!

— بۇنىسى ناھايىتى تەبىئىي... ساقچى ئىدارىسىمۇ يېنىمدا ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن...

— سىز قاچاندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىڭىز؟

— نېمە دېدىڭىز؟

— گېپىمنى ئېنىق ئاڭلىدىڭىزغۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىز مەندىن يوشۇرۇن بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ دەپ شىمىتتىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىڭىز... سەپەردە ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى بوئىنىس، سىزنى شىمىت دەپ ئاتاشقا كىم ئەقىل كۆرسەتتى؟

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىدەك تۇرىدۇ... ئەمما بۇنداق قىلىشقا مەنمۇ قارشى چىقمىدىم، بۇنداقتا مەن تېخىمۇ ئەركىن بولىمەن، كۈچ كېتىدىغان ئىش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ...

— خەۋپمۇ ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ! — دەپ مەسخىرە قىلدى ۋىجىك بوۋاي دوققىدىلا، — ھازىرچە بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپلەشمەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، مەلۇم بىر كۈندىن ئېتىبارەن، سىز بۇ تەھدىتلەرنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىڭىز... بىرخەتتە، بوئىنىسنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە ئىستانبۇلدىكى كارىۋاتتا ھوجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقى يېزىلغان، سىزنىڭ تۇساتتىن غەيرىتىڭىز كېلىپ كېتىپ، ئۆزىڭىز باشتىن كەچۈرمەكچى بولدىڭىز...

— راست شۇنداق، مەن چىداپ تۇرالمىدىم، ئىشنى ئېنىقلاي دېگەنىدىم...

— قورقۇنچاقنىڭ قەھرىمانلىقى! قوينىڭ خۇيى تۇتسا توسۇۋالغىلى بولماس دېگەن شۇ-دە! شىمىتنىڭ سىزنى كولدۇرلاتماسلىقى ئۈچۈن، سىز ئايۇپ قەبرىستانلىقىدا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر كالتەك سالدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلغان بولدىڭىز... كېيىن سىز رەقىبىڭىزگە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۆزكارىۋ-

تىڭىزدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ ياتتىڭىز...
— ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خوتۇن كىشى كىردى! — بوئىنىس سەت ئىش بولغاندەك ئۇھ تارتىپ قويدى.
— ئەلۋەتتە!
— نېمىشقا "ئەلۋەتتە" دەيسىز؟
— چۈنكى ئۇ ئايالنى مەن كىرگۈزگەن...
بوئىنىس ساجىدىگە ئەيىپلەش نەزەرىدە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى، ئاندىن بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئاندىن ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوئال سورىدى:
— بۇ ئەھۋاللارنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟
— ھەممىلا يەردە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، — دېدى ئەلى بېيى پەس ئاۋازدا، — ھەممىلا يەردە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىكىر يۈرگۈزۈپ... بۇ ۋەھىمىلىك خەتلەرنى ھەرخىل ئادەملەر تەييارلاپ بەرگەن، تۈرلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاياللىرى كۆچۈرۈپ يازغان، دېمەك، سىزلەرگە ئۈچىنچى شەخس ئەگەشمىگەن، شۇڭا، سىزنىڭ ھەمراھىڭىز...
— شىمىتنىڭ قىلغان ئىشىمۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ جان ئاچچىقىدا توۋلاپ كەتتى ئۇ.
— تۈنۈگۈن يالغان بوئىنىس قىرغاققا چىقىشقا ئارقىسىغا چۈشتۈم. سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ دەرھال مېھماندوست بىر ئائىلىگە كىردى. ئۇ چاغدا مەن بۇنى نورمال ئەھۋال دەپتىمەن. ئەمما، بۈگۈن ھېلىقى خەتلەرنى ئوقۇپ...
— چامادانىمنىڭ قۇلۇپىنى بۇزدىڭىزما؟
— ياق، ئاچقۇچتا ئاچتىم، ئاچقۇچىڭىزنى ھازىر بېرىمەن.

www.uyghurkitap.com

بوئىنىس يەنە بىر قېتىم ياش چوكانغا غەزەپ بىلەن قومايدى.

— مەن ئويلاپ قالدىم، سىز نەگە بارسىڭىز، ئۇ ئادەممۇ شۇ يەرگە باردۇ،... سىز بۇرۇن دېگەن، يالغان بوئىنىس قىزغاققا چىقىپلا...

— سىزمۇ مېنىڭ ياتقىمدىمىدىڭىز؟

— مۇنچىدا ئىدىم، — دېدى ئەلى بېي كەمتەرلىك بىلەن.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — كىشىلەر ئەمدى بوئىنىسنى چوكانغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇرىدىغان بولدى دەپ قالغانىدى.

— كەچۈرۈڭ، ھەربىر كەسىپنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق قىيىن يېرى بولىدۇ. بىلىپ قېلىڭكى، نيۇيورك، پارىژ، بېرلىندا بولسۇن، ئىستانبۇلدا بولسۇن، مېھمانخانىلاردا سىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىڭىز قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدىغان... يالغان بوئىنىس تونۇگۈن بارغان يەرگە بېرىپ باقتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھېلىقى قىزنى تاپتىم...

ئۇ بېشىنى بوشقىنا بۇراپ، ياندىكى شىرەدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان سېرىق چاچلىق قىزغا بېرى كېلىڭ دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئەلى بېي ئۇنىڭ بىلەن تۈركچە سۆزلەشكەندىن كېيىن، بوئىنىسقا:

— ئۇ ئىنگلىزچىنى بىلمەيدۇ، ساجىدە ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەرسۇن... — دېدى.

ھېلىقى قىز ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى، ساجىدە تەرجىمە قىلىپ بەردى:

— ھېلىقى ئەپەندى ئەينەن كۆچۈرۈڭ دەپ ماڭا بىر ۋاراق قەغەز بەردى. مەن ساۋاتسىز بولغاچقا، كۆچۈرۈش ماڭا ئېغىر كەلدى... ئەمما ئۇ كەينىمدە تۇرۇپ ئۈچ قېتىم كۆچۈرتكۈزدى، ماڭا

20 فوند ستېرلىڭ بەردى...

— ئۇ پۇلنى تەكشۈرۈش راسخوتىغا كىرگۈزۈپ ھېسابلاپ-تۇ! — دېدى بوئىنس ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ.

ئۇنى ھەممە ئادەم ئالدىغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئاغىنىسى شمىت ئالداپلا قالماي، ساجىدەمۇ ئالىدى، ئۇ ساجىدەگە ياۋروپانى بىللە ئايلىنايلى دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، كىيىنىشلىرى بۇ چىراي-لىق ئايۋانغا ماسلاشمىغان ۋىجىك بوۋايمۇ ئۇنى ئالدىدى ئەمەسمۇ؟

ۋىجىك بوۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھېلى شمىت ئەپەندى سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا كىردى، بىز پىكىرلەشتۇق...

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— ھازىرمۇ ھېلىقى يەردە، ئىككى ساقچى قاراۋاتىدۇ. سىزنىڭ يولىڭىزغا تىت-تىت بولۇپ قاراۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش-كىلى كىرگەن چاغدا، ئۇ ھېلىقى ۋەھىمىلىك خەتلەرنى يېرتىۋې-تىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇپتىكەن، تۇنۇگۈن كېچىدىكى ئىش سەۋەبى-دىن، سىزنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىڭىزدىن ئەنسىرەپتىكەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ!

— يېڭىلىشتىڭىز، بوئىنس ئەپەندى، كاللىڭىزغا بىر خىيال كىرسىلا، ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن ھاياجانلىنىپ كېتىدىكەنسىز... شۇڭا، مېنىڭ نېمە دېيىشىمدىن قەتئىينەزەر، ساجىدەنىڭ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شمىتقا كەلسەك، ئۇ يارىماس پايلاقچى، شۇنداقلا قاپاقباش قاراقچى ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ بايلىقىڭىزنى ئېلىۋالماقچى ئەمەس، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇنچە تۇم ئەمەس... ئەمما ئۇ نامسىز خەت يېزىپ قورقۇتسام، مېنى ياردەمگە

چاقىرىدۇ، شۇ پۇرسەتتە مۇقىم ئورۇنغا ئېرىشىۋالىمەن دەپ ئويلىغان...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ نامىمدا بايۋەچچىلىك قىلىپ سايا-ھەت قىلغان!

— ھەئە، شۇنداق. شان-شەرەپ دەپ، ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە بارغان ئوت ئۆچۈرگۈچى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى سىز چوقۇم بىلىسىز. شىمىت ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن... يارىماس ئادۋوكات، كېرەكسىز پايلاقچى، ئۇ ئالدامچىلىق قىلىشقا كىرىشكەندە... ئۇ ماڭا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، جاھاننى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قاراقچىنى بابىلغانلىقىنى سىزگە ئېيتىپ، سىزنى خاتىرجەم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن... شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئامېرىكىدا نام قازىنىشقا ئۇرۇنغان... بوئىنىس ئەپەندى، پەخەس بولۇڭ، ئۈچ رومكا راكى ئىچىپ بولدىڭىز...

— بۇ ھاراق يېنىك ئىكەن.

— دەسلەپتە ھەممەيلەن شۇنداق دېيىشىدۇ. كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ... ئ ُزىڭىز پۇشۇلداپ كېتىۋاتىسىز...

— مېنى قارا بېسىپتىكەن، ئەمدى ئاخىر ئويغانغانلىقىمدىن ئاشۇنداق تىنىۋاتىمەن، بۇنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن شىمىت دېگەن نېمە! مەن ئاخىر...

ساجىدە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ ساجىدەگە بىر قاراپ قويۇپ، گېپىنى توختاتتى.

— ئاخىر نېمە بولدى؟ — ئەلى بىيې سورىدى.

— ھېچنېمە... رەھمەت سىزگە، ئەپەندى. شىمىتنى مەن مېھمانخانىدا قايتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ھەيدىۋېتىڭ... ئامېرىكىغا بېرىپ

ھەممە قاراقچىنى جايلىۋەتتىم دەپ پوچىلىق قىلىسۇن، بۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى... سىز ئەتە پېرا مېھمانخانىسىغا بېرىڭ، مەن ماقۇل...
ئەلى بېي ئېھتىرام بىلەن دېدى:
— ماڭا بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاشۇ بىچارىلەرگە...

— ئۇ پۇلنى نېمە قىلماقچىكەن؟ — دېدى بوئىنىس خۇشال ھالەتتە، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەلى بېيىنىڭ ئېتى يېزىقلىق چەككە ئىمزا قويدى.
— تىللا سېتىۋالدىغان بولسا كېرەك...
— نېمشقا تىللا سېتىۋالدۇ؟
— ئۇ شۇنىڭغا خۇشتار ئىمىش! ئۇ تىللا يىغارمىش. ئۇ تۇرمۇشتا پۇل خەجلىمەيدىكەن... قالتىس ئادەم ئىكەن، ھەممىنى بىلىدىكەن، ھەممىنى تاپىدىكەن، ھەممە يەردە تەييار بولىدىكەن...
بوئىنىس ئورنىدىن شاققىدە تۇردى-دە، مۇنچىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ قاراپ باققاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ مەشۇقىنى قۇچاقلىدى.
— بىز ئىشنى يەنىلا ياۋروپانى ئارىلاشتىن باشلايلى، — ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى، — بۇ شىمىست بىلەن بىللە بولغاندىكىدىنمۇ پەيزى بولىدۇ.
— بوئىنس بىلەن بىللە بولغاندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ دېگىنىڭىز تۈزۈك، ئۇ چاغدا سىز شىمىت ئىدىڭىز-دە!
ئۇ خىلىڭ، خىلىڭ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم خىڭىلداپ قويدى.
ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ دەككە-دۈككىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشىنى ياقتۇرمايتتى.

ئەلى بىپىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئەسلىكى كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، ھاراقخانىنىڭ خىزمەتكارى ئەكىلىپ بەرگەن راكى ھارىقىنى ئىچكىنىچە، زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىچارە سۈپەتتە ئولتۇراتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار

تەرجىمە مۇھەررىرى: غۇلام غوپۇرى

www.uyghurkitap.com

# شۇنداق بىر كلاۋوچكا بار ئىدى

## بورىس ۋاسلىيېۋ

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەرلەردىن ئاياللار كۆپ، بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ قانداق ئىپادىلىرى بار؟ بۇلار نىكاھ، ئائىلە، ئەخلاق... قاتارلىقلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ سوۋېت جامائەتچىلىكى بۇ مەسىلىلەرگە قانداق قارايدۇ؟ يېقىنقى يىللاردا بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. «بۇ يەرنىڭ سەھەرى جىمجىت...» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر يازغۇچى ب. ۋاسلىيېۋنىڭ 1987 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «شۇنداق بىر كلاۋوچكا بار ئىدى» ناملىق پوۋېستى يۇقىرىقى ئىجتىمائىي مەسىلە يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئەسەر، شۇنداقلا ب. ۋاسلىيېۋنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئەسەرنىڭ بىرى. تۆۋەندە بۇ ئەسەرنىڭ ئازراق قىسقارتىلغان تەرجىمىسىنى بەردۇق.

### 1

سائەت يەتتىدە ئورۇندىن تۇرۇش كېرەك؛ يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ئۆينى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، تاماققا ئولتۇرۇش، ئاندىن ئۆزىنى تۈزەپ، سائەت سەككىزدىن چارەك ئۆتكۈچە ئۆيدىن چىقىش كېرەك؛ ئاۋۋال ئاپتوبۇسقا، ئاندىن يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈش، ئاندىن

كېيىن يەنە بىر يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈش، ئاندىن ئاپتوبۇسقا چۈشۈش، ئاخىردا بەش مىنۇت پىيادە مېڭىش كېرەك — بۇ چاغدا سائەت توققۇز بولىدۇ. تۆت سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن، چۈشتە بىر سائەت دەم ئالىدىغان ئىش، دەم ئېلىشتىن كېيىن يەنە تۆت سائەت ئىشلەش كېرەك — بۇ چاغدا كەچ سائەت ئالتە بولۇپ، كەچ كىرىدۇ؛ ئۆيگە قايتىشقا ئانچە ئالدىراپ كېتىدىغان ئىش يوق، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ دېگەندەك يول بويىدىكى ماگىزىنلارنى بىرەر-ئىككى سائەت ئارىلايدىغان گەپ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك تاماق يەيدىغان ئىش، ئاندىن چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، قازان-قومۇچىنى يۇيۇپ بولۇپ، قوشنا ئۆيلەردىكى ئايال‌لار بىلەن مۇڭدىشىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئىش — مۇشۇ ئىشلار تۈگىگەندە سائەت 11 يېرىم، 12 لەر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر سوتكا، بىر كېچە-كۈندۈز ئۆتىدۇ.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

باج پۇلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىق بەدىلى، ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى قاتارلىقلارنى ۋە ئۇششاق-چۈششەك خىراجەتلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، ئىش ھەققىدىن ئاران 86 رۇبلى قولغا تېگىدۇ. مەيلى، ھېچ ۋەقەسى يوق، بىرمۇنچە بويتاق ئاياللارنىڭ كىرىمى تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئازغۇ! ئۆي ئىجارىسى، سۇ-توك پۇلى، كۆمۈر گازى پۇلىنى تۆلەپ بولۇپ تۇرغاندا، ئاۋۇ يەردىكى لامپۇچكا كۆيۈپ كەتكەن، ماۋۇ يەردىكى سۇ تۇرۇبىسىدىن سۇ ئاقىدىغان بولۇپ قالغان بولىدۇ، ھەرقانچە تىت-تىت بولغان بىلەنمۇ، بەربىر ئېيىغا يەتتە رۇبلى خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىشقا بارغاندا، چۈشتە ئاشخانىدىن تاماق يەيدىغان گەپ، بىرىسىپ-كېلىشكە كۈنىگە 30

كوپپاك كېتىدۇ، بۇلاردىن باشقا، كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش، ئەملى ئۆسكەنلەرنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن، يا بولمىسا توي-تۆكۈن، بايرام-ئايەم، ئايال-لار ئولتۇرۇشى ئۈچۈن پۇل يىغىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — بۇ ئىشلار ئۈچۈن 23 رۇبلى كېتىدۇ، جەزمەن شۇنچىلىك كېتىدۇ، بۇ ھېسابلاپ چىقىلغان. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق بىلەن كەچلىك تاماقنى ئۆيدە يەيدىغان گەپ، تۆت شەنبە ۋە تۆت يەكشەنبە بولۇپ يەنە سەككىز ۋاخ چۈشلۈك تاماقمۇ بار، — بۇلارغا جەمئىي 30 رۇبلى كېتىدۇ، ھەتتا 33 رۇبلى كېتىپمۇ قالىدۇ. باشقا خىراجەتلەرمۇ بار: پىرۇنسكىغا ئون رۇبلى ئەۋەتىش كېرەك؛ كىنو ياكى تىياتىر كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، مەززە قىلاي دەپ چوڭ تورت ئېلىش كېرەك؛ يا بولمىسا ئىشتانپايپاق، ئۇزۇن پايپاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالىدىغان گەپ، بۇنىڭغا بەش رۇبلى كېتىدۇ. مانا مۇشۇلارغا جەمئىي 20 رۇبلىدىن كۆپ پۇل كېتىدۇ. باشتا دېيىلگەن خىراجەتلەر بىلەن قوشقاندا، 80 رۇبلىچە بولىدۇ. كۆڭلەك، رۇباشكا، پەلتو، ئۆتۈك ئېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، پەلەي، باش كىيىم، شاماللىق، چاپان، قىسقا يوپكا، شارپا ئېلىشقىمۇ پۇل لازىم، سوپۇن ئېلىش، چاچ ياستىتىش، چىراي تۈزەش ئۈچۈنمۇ پۇل بولمىسا بولمايدۇ، تىياتىرخانىلاردا مۇزىكا ئاڭلاش، كورگەزمىخانىلاردا كۆرگەزمە كۆرۈش، دالا سەيلىسى قىلىش ئۈچۈن ئېلېكترو پويىزغا چۈشۈش ئىشلىرىغا پۇل كېتىدۇ، — بۇلارغا كېتىدىغان پۇلنى قوشقاندا، پۇلنى قىسىپ، ئوبدان ئىدىتلاپ خەجلىگەندىمۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا بەش رۇبلى بولىدۇ. ئۆي سەرەمجانلىرىچۇ؟ دېڭىز بويىغا بېرىپ دەم ئالىدىغان ئىش بار ئەمەسمۇ؟ ئەتىڭەي، دېڭىز بويىغۇ شۇنداق

بارغۇم بار، دېڭىز بويىدا كىشىلەرنىڭ قانداق دەم ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسام بولاتتى، بىر كۆرۈۋالسامۇ مەيلى ئىدىغۇ! ھەراست، لېنىنگراد بىلەن سۆزدالغا بارىدىغان ئىش بار ئەمەسمۇ تېخى! تېرە ياقىلىقىنى قانداق ئالارمەن؟ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىمنىچۇ؟ ئاشپۆزۈلىغىمۇ كىرىپ باقسام بولاتتىغۇ — ئۆمرۈمدە ئاشپۆزۈلغا ئاران بىر قېتىم كىرگەن تۇرسام؟ ئېلېكتىرلىق فاتېفوننى، باھاسى ئۈچ قېتىم چۈشۈرۈلگىنى بولسىمۇ ئالسام بولاتتى، قانداقمۇ ئالغۇلۇق؟ يەنە تېخى گۈل سېتىۋالىدىغان گەپ، بۇ گۈل قوشنا ئۆيدىكى ئايال لىپاتىسيە ئاركاچېپىۋناغا: "بۇ گۈلنى بىر تونۇشۇم سوۋغا قىلدى..." دېيىشكە لازىم بولىدۇ، ئۇنداقتا، بۇ گۈلنى نېمىگىمۇ ئالغۇلۇق؟ پۇل ئاشۇنداق ئىشلارغا خەجلىنىدۇ.

ئىككى نەرسە قىس: بىرى ۋاقىت، بىرى پۇل. شۇڭا، توختاۋسىز ھېساب ـ كىتاب قىلىپ تۇرۇش، ئىككىنچى پىيالە چاينى ئىچكىنىم ياخشىمۇ، ئىچمىگىنىممۇ دەپ ئويلىنىپ بېقىش كېرەك بولىدۇ. لېۋدمىلا پاۋلوۋنانىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنى كېپقالىدى، پۇل يىغىش قىلىپ سوۋغات ئالماي بولمايدۇ، بۇ خاتىرە كۈننى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچلىك ئولتۇرۇشقىمۇ پۇل يىغىش قىلىدىغان ئىش. دېمەك، ئۇ باشقارما باشلىقىنىڭ يۈزىنى دەپ ئۆزى پۇلنى قىسىپراق خەجلىشى كېرەك. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كاللا ئىشلىتىش لازىم.

كلاۋا ساموۋامۇ راستىلا كاللا ئىشلەتكەنىدى. ئۇ مېيىقنى مىدىرلىتىپ، باللارنىڭكىدەك يۇمىلاق پېشانىسىنى قورۇپ تۇرۇپ، نېمىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى سېتىۋالماسلىق لازىملىقى، نېمىلەرنى سېتىۋالماسلىق ئۈچۈن قانداق ھىيلە ئىشلىتىش كېرەك-

لىكى ۋە قەرزدار بولۇپ قالماسلىق شەرتى ئاستىدا بىرنەچچە
قېتىم كىنو كۆرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىششىق ھېساب-
كىتاب قىلغانىدى. بۇ دۇنيادا، ئۇنىڭ ماركوۋنا دېگەن موماي-
دىن باشقا، ھېچقانداق تۇغقىنى يوق ئىدى (مومايغا ئېيىغا
ئون رۇبلى ئەۋەتىپ تۇراتتى)، دېمەك، ئۇ ھەقىقىي يېتىم ئىدى.
مومايغا ئېيىغا ئون رۇبلى ئەۋەتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىقتىسادىي
جەھەتتە بەك قىسىلىپ قالاتتى، بۇ موماي قايسى جەھەتتىن ئېيتقان-
دىمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنىمۇ ئەمەس، تونۇشىمۇ ئەمەس ئىدى،
شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كلاۋا ئانىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا
بۇ مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن دەپ قىلغان ۋەسىيىتىگە
ئاساسەن، ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ
كېلىۋاتاتتى. كلاۋا ئانىسىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئومۇمەن بىلەتتى، تەپسى-
لىي ئەھۋالدىن بولسا خەۋىرى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ مومايغا
غودۇرىماستىن پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى. كلاۋا ئانىسىنى زىرەك ئايال
ھېسابلايتتى، شۇڭا ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى رەسمىي ئادا قىلىپ
كەلمەكتە ئىدى، ئانىسىدىن ۋەسىيەتتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى.
ۋەسىيەت مۇنداق ئۈچ مەزمۇندا ئىدى:

بىرىنچى، تۇرمۇشتا ھەرگىز باشقىلاردىن پۇل ئۆتنە ئالماسلىق،
ئەكسىچە، ھەر ئايدا پۇل يىغىش، بۇ ھېچقانچە پۇل ئەمەس، بۇنچى-
لىك پۇل بىلەن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ دېمەي، بىرەر رۇبلى-
دىن بولسىمۇ يىغىش.

ۋەسىيەتنىڭ ئىككىنچى مەزمۇنى: ماركوۋناغا ئېيىغا ئون رۇبلى
ئەۋەتىپ تۇرۇش. چۈنكى، كلاۋانىڭ ئانىسىمۇ بۇرۇن يالغۇز ئۆتكە-
نىكەن، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇ بەلگىلەنگەن جايغا بارماستىن، سەرگەر-

دانلقتا ئۆتتۇپتۇ: 1941 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۇ يوتقاندىن چىققان پىتى قېچىپ كىراسنى شەھىرىدىن پرۇنسكىغا بىرىپتۇ، قورقۇنچ ۋە ئاچلىق تۈپەيلىدىن كىرووۋ كوچىسىدا يىقىلىپ قاپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ماركوۋنانىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋاغا كەپتۇ، قىزىنى تۇغۇپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قىزىغا ماركوۋنادىن خەۋەر ئېلىشنى تاپشۇرۇشى باھاسىز گۆھەرنى تاپشۇرغاندەك بىر ئىش ئىكەن.

ــ ئۆزەڭ قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭمۇ ماركوۋناغا ھەرئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇرغىن. زادىلا پۇلۇڭ قالمىغاندا، بىردىنبىر كۆڭلەكىڭنى سېتىپ بولسىمۇ ئەۋەتكىن. ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك ـ تە! ــ دېگەنىدى ئانىسى چىشلەپ يارا قىلىۋەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ، ــ ئېغىر كۈنگە قېلىپ، ھېچ ئامال قىلالماسالىڭ، يا بولمىسا خەققە بوزەك بولۇپ قالساڭ، ماركوۋنانىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇقتۇڭمۇ؟ ماركوۋنانىڭ ئۆيىگە بارغىن.

كىلاۋا ئۇ موماينى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئانىسى ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا ئۆزمەي پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ ۋاپاغا ۋاپا قىلىشى كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، شۇڭا، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئون رۇبلىنى چىقىرىش شۇنداق ھار كېلىدۇكى، ئۇنىڭ سالمىقى باشقا ئىشلارغا خەجلىگەن بىرنەچچە مىڭ رۇبلىدىنمۇ ئېغىر بىلىنىدۇ.

ئانىسى دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىغا كىلاۋادىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. قىزىنى ئوكايسىزلانمىسۇن دەپ، ئانا ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئاغزىنى قىزىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاپ دېگەنىدى. قىزى 20 ياشقا كىرگە ـ

ندى، لېكىن ئانىسى ئانىلارغا خاس تەرسالىق بىلەن ئۇنى ئىش ئۇقمايدۇ دەپ ھېسابلايتتى. ئانىسى مۇنداق دېگەنىدى:
— سىرتىقا چىققاندا ئەقىلىڭنى ئىشلەت، ئەرلەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتمە. خەق سېنى ياخشى كۆرمەن دېسە، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈڭ كېلىدۇ، شۇنداق چاغدا مېنى ئېسىڭگە كەلتۈرگىن! كەلگۈسىدە سەنمۇ ئۆز بەختىڭنى تاپالىساڭ، ئۇ چاغدا... — ئانا بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن ئىككىلىنىپ قېلىپ مۇنداق دېدى، — ئۇ چاغدا مېنى دوراپ بىر ئەر تاپقىن، ھاراقكەشتىن تاپما، بىر بالا تۇغقىن.
كلاۋا ئانىسىنىڭ بۇ ئۇچىنچى ۋەسىيىتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئانىسى بىكاردىن-بىكار پىچىرلاپ، قىزىنىڭ قولىقىنى قىچىشتۇرغان بولمىسا كېرەك. بۇ كېيىنكى ۋەسىيەت قىزىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەي قالماي، ئۇنىڭدا ئانىسىنىڭ ئۆتمۈشىمۇ بايان قىلىنغاندى،...
كلاۋا تۇرۇپ-تۇرۇپ يېشىنى سۈرتكىنىچە ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگە ياۋاشلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى، ئانىسىنىڭ گېپىنى ئۇ چۈشەنگەنىدى. كلاۋا ئاڭلاۋېتىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرسىمۇ، بۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزىگە نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ تەن قۇرۇلۇشۇم ئانامنىڭكىدىن چىرايلىق، شۇڭا ياخشى يىگىتكە ئىتتىكلا ئۇچراپ قالىمەن، جەزمەن توي سارىيىدا خەت ئېلىپ، تويىمىزنى قىلىۋالىمىز دەپ ئويلايتتى. كلاۋانىڭ باشقا ئويلاردا بولمايدى، مۇشۇنداق ئويلىشى تامامەن تەبىئىي ئىدى، چۈنكى، ئۇ تېخى 20 ياشتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىقىنىڭ ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

www.uyghurkitap.com

كالاۋا 12 ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى چىرايلىق ھېسابلىدى؛ 16 ياشقا كىرگەندە ناھايىتى گۈزەل بولۇپ كەتتىم دەپ ھېسابلىدى؛ 20 ياشقا كىرگەندە خەقنىڭ كۆزى ماڭا چۈشىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما كېيىنچە يىگىتلەرنىڭ يېقىنلىشىشقا ئامراقلىقىنى، ئىككىمىز توي قىلساق دېگەن گەپنى ئالدىراپ ئېغىزىدىن چىقارمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە بىر يىگىت تاپتى، ئىككىيلەن يىگىت ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توي قىلىشقا كېلىشتى، يىگىتنى ئۇزىتىدىغان چاغدا، كالاۋا يىگىتنىڭ مەيلىگە باققان بولسىمۇ، يىگىت كېيىن قايناق سۇدا ئېرىپ كەتكەن شېكەردەك ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. بۇ كالاۋانىڭ ئانىسى ئېغىر ھايات بولۇپ، تۇنجى قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ۋاقىت ئىدى.

— ئەركىشى دېگەننىچۇ، تازا قىيناش كېرەك، قىزىم. ئۇنى قانچە يالۋۇرتساڭ، مۇھەببىتىڭلار شۇنچە چىڭ بولىدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېگەنىدى قوشنا ئايال.

— نېمە، شۇنچە چىڭ بولىدۇ؟ — كالاۋا مۇھەببەت دېگەن ياشلىقتەك پايانسىز بولىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. كىشىلەر كىنولاردىن، ھەتتا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بۇنداق قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا تەربىيە بەرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالاتتى.

— بۇ ئادەم بىلەن ئۇزاقراق ئۆتسەڭ، — دەپ چۈشەندۈردى توما ئاتلىق ئايال قوشنا، — كېيىن ئادا-جۇدا بولۇپ كەتسەڭمۇ يەنە باشقىسى چىقىدۇ. بىراق، سەن ئۇنى تېپىشىڭ كېرەك!

بۇ ئىشقا خېلى ئۇزاق بولۇپ كەتتى (تۆت يىل بولدى!)، ئۇنىڭ ھازىرغىچە يىگىتى يوق. ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان، ئۇنىڭ

بىلەن بىللە كىنوغا بارىدىغان، خىرە بىنا ئالدىدا ئۇنى قىزغىن
سۆيۈپ قويىدىغان، باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرىدىغان ئادەم يوق.
كىلاۋا ئۆزىنىڭ كۆزىدىن كېچىلىرىدىكى مۇشۇكياپىلاقنىڭكىدەك
يالغۇزلۇق ئالامىتى چىقىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە نۇرنىڭ ئەكسىلىنىپ
چىقىشقا باشلىغانلىقىنى ۋەھىمە ئىچىدە بايقىدى. شۇ چاغدا ئۇ
سىرلىق قاشلىرىنىڭمۇ، يېڭىدىن تارتىۋالغان، خوپ كېلىدىغان لىفتى-
كىنىڭمۇ ھېچ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى-دە، كېچىلىرى
يىغلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ يېڭى دەۋرى يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئۇنىڭدىكى
ياشلىقتىقا خاس شادلىق ۋە ھاياجاننىڭ ئورنىنى كۆڭۈلنى غەش قىلى-
دىغان ئالدىراشلىق ئالدى. كىلاۋا ۋاژ-ۋۇژ قايناپ تۇرغان بازارغا
بىردىنلا يۈگۈرۈپ چىقمايدىغان، بۈگۈن، ھازىرقى مىنۇتتىلا ئۆزىگە
قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى ھەممە ھايات كىشىلەرگە
سەۋدايىلارچە ئىنتىزار بولۇپ كەتمەيدىغان بولدى. ئۇ ئەزمىلىك
بىلەن ئاشخانىغا ئاستا كىرىپ كەلدى، بۇ يەردە لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنا
ياكى شىتىلە-شاللاق توما ئۇچراپ قالاتتى. ئۇ لىپاتىيە بىلەن بىللە
چاي ئىچىۋېتىپ، لىپاتىيەنىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى ئىشقى-
مۇھەببەتكە دائىر ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ھېكايىلىرىنى كۆڭۈل قويماي راق
ئاڭلايتتى — ئىلگىرى مەمۇرىي باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن بۇ ئايال
ئۆز ھېكايىسىدە ھەدېگەندىلا ئۆزى سۆيگەن-كۆيگەن ئادەملەرنى
مەشھۇر شەخس قىلىپ كۆرسىتەتتى.
— پاۋل ستاخوۋ ئېسىڭىزدە باردۇ، كىلاۋوچكا؟ ئۇچۇ، داڭلىق
ئارتىس، ناي بەك چىققان! ئوبلاستتىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى
كەينى-كەينىدىن ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تىزلانغان. تۇرۇبىسىغا

يامىشىپ ئۇنىڭ بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە چىققانلارمۇ كۆپ، راست گەپنى دەۋاتىمەن! ئاھ، ئۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىكى، ماڭا شۇنداق كۆيەتتىكى، دېمەيلا قويۇڭ! بىر كۈنى ئۇ ماڭا بىر ماشىنا گۈل ئەۋەتىپتۇ، مەرۋايىتگۈل دەڭا! ئۆيۈمدە گۈلنىڭ جىقلىقىدىن ماڭغۇدەك يەرمۇ قالماي قالدى! سىزمۇ ئايال، مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولغان بولسىڭىزمۇ ماڭغۇدەك يەر قالمايتتى. مەن يىلتىزىدىن كېسىۋەتكەن ئوتتەك مەرۋايىتگۈلنىڭ ئۈستىگە گۈپپىدىلا يىقىلدىم...

كلاۋانىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى، ئۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ۋە يۈزىگە ئۇپىنى ياتاقنىڭ تېمىدىكى ھاكتەك سۇركىگەن بۇ توما بىلەن بىللە بولغاندا خۇشال چاغلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رومانتىك تارىخىنى توقۇپ چىقمىغان، بىرەر ئىش بولسىلا ئۇ بويتاق ئۈچ ئايال تۇرىدىغان جامائە تۇرسىدىكى ياتاقتا دەرھال داۋراڭ كۆتۈرەتتى. دەسلەپتە، ئۇ ئەرلەرنى قىيناش كېرەك دېگەن بولسا، ئەمدى ئۇ سۆزدە سەل يۇمشاپ قالغانىدى، ئۇ كلاۋادىن سورىدى:

— قىينىلىۋاتامسىز، بۇرادەر؟ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن، ئۇنى باشلاپ كەلسەم مەيلىمۇ؟

كلاۋا چۆچۈپ رەت قىلدى. دەسلەپتە ئۇ بەك يىرگىنىپ، ئۈنلۈك رەت قىلغانىدى، كېيىن ئاۋازى ئۇنداق ئۈنلۈك چىقمايدىغان بولدى، يەنە كېيىن ئاۋازى پەسەيدى، ئۇنىڭدىن كېيىن... كېيىن يەكشەنبە، باھار، ئاپتاپ ۋە قۇشقاچ. كلاۋا كىچىكىدە كىيگەن كونا كۆڭلەكنى كىيىۋېلىپ دېرىزە سۇرتمەكتە ئىدى. بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇنلا كىچىك كېلىپ قالغان بولۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇرد-

لىرى، قورسىقى، تىزلىرى ۋە يوتىسى تومپىيىپ چىقىپ قالغانىدى. لىپاتىيە ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۈنلۈك جاكارلاپ مېھماندارچىلىققا كېتىپ قالغانىدى؛ تومامۇ يان ئۆيدە تاراق-تۇرۇق قىلىپ ياتىقىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتاتتى؛ كىلاۋانىڭ ھازىرقىدەك خاتىرجەم تۇرۇشى ئاز كۆرۈلەتتى؛ توما كىرىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئېچىلىپ-يايراپ تازىلىق قىلىۋاتاتتى، ھەتتا غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىۋاتاتتى.

— تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، بۇرادەر؟ — ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان كىلاۋاغا قاراپ گېپىنى توختىتىۋالدى، ئاندىن يەنە گەپ باشلىدى، — ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقىدىغان كىشى ئىكەن! — كەينىدىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ، گېپىنى قىسقارتتى، — بىر تازىلىق تېخنىكى مېنىڭكىدە قولۇپ بېكىتىۋاتىدۇ، ئوبدان يىگىت ئىكەن، يەلكىلىرى كەڭ-كەڭ تۇرىدۇ. قولۇپنى بېكىتىپ بولسا، سىزنىڭكىگە يولغا سېلىۋېتەي.

كىلاۋانىڭ ئاچچىقلانغۇسى، رەت قىلغۇسى، بېشىنى چايقىغۇسى كېپكەتتىيۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بەك ئىسسىپ كەتكەندەك بولدى؛ پۇتلىرى، يەلكىلىرى، دۈمبىسى ۋە قورسىقى — ھەممە يېرىگە تەشنالىق ھېسسىياتى تارقىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ، مەيدىسىگە بىرنېمە تۇرۇ-ۋالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ "تېخى تەييارلىنىپ بولمىدىم..." دېگەن سۆزى قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى.

— ناھايىتى نورمالغۇ، بۇرادەر. سىز ھازىر ئوبدان پەشقان كاۋاپنىڭ ئۆزى، نېمە سۆرەلمىلىك قىلىۋېرىسىز؟

— توما! — دەپ چاقىردى كىلاۋا دېرىزە تەكچىسىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەندەك پەس ئاۋازدا، — مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلمەي قالدىم. توما، مەن...

— سىز: بەك ھېرىپ كەتتىم، دېرىزىنى ئېتىشكىمۇ مادارىم يەتمىدى، دېرىزىنى ئېتىپ بەرسىڭىز، دەيسىز. ئاندىن شىرەگە ھاراق شىشىسىنى ئالسىز... ھاراق بارمۇ؟... مەن بېرىپ تۇرايمۇ بولمىسا؟

— توما، قورقۇۋاتىمەن.

— سالامەتلىك ئۈچۈن ـ دە، بۇرادەر! بۇ ئىش ئاغرىق توختاتقۇچى ئانالگىن يېگەندەك شىپالىق.

كلاۋا قورقاتتى، سەسكىنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ تېنى بوشىشىپ، جايىدا مەھكەم تۇرالمايۋاتاتتى؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى نېمىندۇر كۈتمەكتە، نېمىگىدۇر ئىنتىزار بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ "ياق" دېگۈدەك ھالىمۇ قالمىدى، ئۇنىڭ كۆزى كارىۋاتقا چۈشتى، تىترەۋاتقان قوللىرى ئۆزلۈكىدىنلا چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى، چېچىنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ تېخى بېشىنى شاپىلاقلاپمۇ قويدى...

## 2

مۇناسىۋەتسىز ئەرلەر كلاۋا ساموۋاغا باھا بېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كلاۋانى باشقىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىقرار قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ بويى ئېگىز ئەمەس، ئۇ سەمرىپ كەتمەي دەپ تىرىشىپ كۆرسىمۇ، تېنى يەنىلا تولۇق سەمىرگەن؛ ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى يوغان ـ يوغان، ئەمما قارىسا ئالاقزادە بولغاندەك قارايدۇ؛ چېچى كالتە ۋە قويۇق، ئەينى پەتنۇسقا ئوخشايدۇ؛ ئۇزۇن پاچاقلىرى كۆزگە سىغىدۇ، ئەمما ۋاي دەپ كەتكۈدەك

دەرىجىدە ئەمەس. بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىر، بۇ ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، نېمىشقىدۇ، ئۇ ھامان تەمتىرەپلا يۈرىدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنى موسكۋا ئادەملىرىدىن ئايرىۋېلىش بەك تەسكە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى ئايرىۋال-ماقچى بولغان ئادەممۇ ھازىرچە تېپىلمايدۇ تېخى.

بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەبچى. بىرى، كلاۋانىڭ ئويلىغىنىدەك، ئۇنىڭغا قويۇلغان مۇشۇ ئىسىم. ھازىر بۇنىداق ئىسىم قويىدىغانلار يوق، بۇ ئىسىم مومايىنىڭ ئىسمىدەك ئاڭلىنىدۇ، كىشىلەر بىر ئىشلاردا ئۆزىنى تونۇشتۇرسا، گەپنىڭ راستى، مۇشۇنداق ئىسىم قۇلاققا ئازدىن ئاز ئاڭلىنىدۇ. كلاۋا ئۆزىنى ”ئادا“ دەۋالاتتى، بىراق كىشىلەر ئۇنى ”ئادا“ دەپ چاقىرسا، ھە دېيىشنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

سەۋەبىنىڭ يەنە بىرى: ئۇلارنىڭ چارە تەگشەش باشقارمىسىدا (كېزى كەلگەچكە ئېيتىپ ئۆتەيلى، بۇ باشقارما باشقۇرغۇچى باش ئىدارىگە تەۋە ئىدى) ئەركىشى يوق ئىدى، باشقارما باشلىقى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى گاللىنا سېرگېيېۋنا، مۇدىر ئىنژېنىر ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنالار بار ئىدى، بۇلاردىن باشقا ناتاشا، ئولە، لېنىنا، كاتە، دانىيە ۋە ئىلا دېگەن قىزلار بار ئىدى، يەنە بىر ناتاشامۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممە ئادىمى مۇشۇنچىلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھەرخىل ئىكەنلىكى راست. ئالايلۇق، گاللىنا سېرگېيېۋنا ئۆي-ئوچاقلىق بولغان، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى ئېرى تاشلاپ كەتكەن، ئولە تۇل قالغان (باشقارمىدىكىلەر ئۇنى ”ھەم ئانا، ھەم ئاتا“ دېيىشىدۇ. بىر قېتىم لېنىنا ئانا بىلەن دادىنىڭ قوشۇلمىسى ”ھەم ئانا، ھەم ئاتا“ بولىدۇ دەپ چۈشەنىدۇرگەن)،

www.uyghurkitap.com

ناتاشا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن. كاتە بەختلىك چىقتى، ئۇ توي قىلىپ، بالا كۆردى، ئىككى موماي بىلەن بىللە تۇرىدۇ، شۇڭا داشۇنىڭ كەچلىك مەكتىپىدە ئوقۇشقا ئىمكانىيەت ھازىرلىيالىغان. دانىيەنىڭ ئەھۋالىمۇ يامان ئەمەس، توي قىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى، ئۇ بىر يىگىت بىلەن كۆيۈشۈپ-سۆيۈشۈپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بار، ئۆزى ھېلىقى كەچلىك مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. باشقىلارچۇ، ھېلىقى لېنىنا چاقچاق قىلىپ دېگەندەك، "تاشلىنىش، نىكادىن ئاجرىشىش ۋە 'ھەم ئانا، ھەم ئاتا' بولۇش جەريانىدا ئەر كۈتۈۋاتقان" لار. بىراق، چاقچاق دېگەن چاقچاق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلەر بىلەن ئاپئاشكارا، تەپتارتماي دائىم "كېچە-كېچىلەپ" ئويناپ يۈرۈشىنى ئۆزىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ مەخپىيەت-سىر دېگەن نەرسە يوق دەپ تۇرۇۋاتاتتى، ھەرقانداق مەخپىيەتنى ئۇنىڭغا دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىمۇ مەخپىي تۇتمايتتى، ئۆزى ئالاقىلىشىپ تۇرغان "ئوغۇل بالا"نى باشقارمىغا ئەكىلىپ تۇراتتى ھەمدە باشقارمىدىكىلەرگە تونۇشتۇراتتى.

— ھوي، دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن يېڭى تونۇشقان يىگىت قانداقراقكەن؟

ياخشى تەرىپىنى ئالىدىغانلار كۆپ چىقمىدى. كۆپچىلىك يەلكىلىرىنى قىسىپ قويىدى، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا تەرىنى تۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— قەيېرىنى ياقتۇرۇپ قالدىڭ لېنىنا؟ ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈشۈشكە مەن قوشۇلمايمەن. ئۇ يۈزسىزلىك قىلىدۇ، ئويناپ قانغاندا سېنى تاشلايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى ئوبدان بىلىمەن مەن.

— يۈزسىز بولسا بولمامدۇ، مەيلى! — دېدى لېنىنا ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ ئايالىلارنىڭ ئۇششاق گەپلىرىنىڭ بىرتىپىنىغا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا يېڭى-يېڭى يىگىتلىرىنى باشقارمىغا ئەكىلىۋەردى، بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئىچىنى قايناتماقچى ئىدى. مەقسىتىگە يەتسە، غادىيىپ كېتەتتى-دە، گۈلقەقلىرى ئېچىلىپ، خېلى رەتلىك كەلگەن، ھامان نەملىككە ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدىغان ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. شۇ تاپتا ئىلا تازا بىر چىچاڭشىپ كەتسە ئىدى دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئەمما كەم سۆزلۈك، بېشىدىن تاپىنىغىچە سىرلىق بىر خىل پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان ئىلا كۈلۈمسىرەپلا قوياتتى.

— ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا كاللىڭىزنى ئىشلىتىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىدىكەنسىز.

ئىلانى ئىزدەپ ھېچكىم كېلىپ باقىقان ئەمەس، ئەمما، ھەممە شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرى قانداقتۇر بىر بوم ئاۋازلىق ئەردىن تېلېفون كەلسە، ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كوچىنىڭ يېقىنىدىكى دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرغان ژىگۇلى ماركىلىق بىنەپشەرەڭ پىكاپقا قاراپ ئۇچقاندەك چاپاتتى، ئەتىسى ئۇ چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە ئاشپۇزۇلدا ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقنىڭ سىرلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، تېنىدىن بىر قۇتىسى يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىغە توختايدىغان فرانسىيە ئەتىرىنىڭ خۇش پۇرىقى گۈپپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ھالدا ئىشقا كېلەتتى.

لېنىنا بىلەن ئىلا ھەممىدىن داڭلىق قىزلاردىن ئىدى، چۈنكى باشقىلار ھەر جەھەتتىن ئادەتتىكىچىلا ئىدى: ھەۋەسلىرىمۇ، غەم

www.uyghurkitap.com

يەيدىغان ئىشلىرىمۇ، مەخپىيەت ـ سىرلىرىمۇ، قىز ـ قىدىغان نەرسىلىرىمۇ ئادەتتىكىچە ئىدى. ئۇلار ئالدىراش مېڭىشاتتى، ئالدىراپ يۈرۈپ كېچىكىپ قالاتتى، كىملەرنىڭدۇر يولىغا قارايتتى، كىملەرنىدۇر كەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەندىشىدە يۈرەتتى، شۇ كىشى كەلمىسە، بۇ ئۇنىڭ "خەير، ئەزىزىم، مەن باشقا دىلكەش تېپىۋالدىم" دېگىنى ئىدى. قىزلار پالانى يەردە پۈكۈنى نەرسە سېتىپتۇ، پالانى مۇنداق بىر نەرسە سېتىۋاپتۇ، بىر نېمە تىكتۈرۈپتۇ، بىر نېمە توقۇپتۇ، ياكى بىر نېمە ئالماقچى ئىكەن، پالانى نەرسىنى تىكتۈرمەكچى ياكى توقۇماقچى ئىكەن دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى. ئۆتۈك، كالتە چاپان، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم، تۆت كۆڭلەك، ئۇزۇن كۆڭلەك، كالتە يوپكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەركىم ھەر كۈنى باشقارمىغا ئەكىلەتتى ـ دە، ئۇلار توغرۇلۇق ئۇجۇر ـ بۇجۇر سىغىچە مۇزاكىرە قىلىشاتتى، ئۇلارغا باھا بېرىشەتتى، ئۇلارنى كىيىپ بېقىشاتتى. كلاۋامۇ تاپقان ئاللىقانداق نەرسىلىرىنى كىيىپ كېلەتتى، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ باقاتتى ھەمدە ئۇلار ھەققىدە قىزغىن پىكىر بايان قىلاتتى، ئۇنىڭ ھەۋىسى باشقارمىدىكى باشقىلارغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن، قورقۇنچلۇق ھەم جىنايى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدە تۇرمۇشىنى كۆرگەنلا يەردە داۋراڭ قىلىپ يۈرىدىغان سىرلىق شەخسلەر ـ لىپتنا بىلەن ئىلاغا ئىچى تارلىق قىلغىنىغا خىجالەتمۇ بولاتتى.

تەكشەش باشقارمىسى ئۆزىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىت جەدۋىلىدە ئەڭ ئەۋلىيا ـ مۇقەددەس ۋاقىت چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككى قېتىم ـ

لىق چاي ۋاقتى يەنى چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى چاي ۋاقتىلىرىمۇ شۇنداق ئىدى. تۇنجى قېتىملىق چاي ۋاقتى بەك زوررۇر ئىدى: ئاياللار پۇل يىغىشىپ ئالغان تورت، سامبۇسا ياكى ئۆيلىرىدىن ئەكەلگەن گۆشلۈك بولكا بىلەن چاي ئىچىشەتتى، قانغۇچە ئىچىپ، تويغۇچە يەپ بولۇپ، ماگىزىنغا كىرىشەتتى. ئۆيلىرى بارلىرى يېمەكلىك ئېلىشقا ئالدىرايتتى، بويتاقلىرى كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە سەپسالاتتى. بىرەركىم بىر يەردە ئاللىقانداق بىر نەرسىنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۆزىگىلا ئېلىپ بولدى قىلماي، باشقىلارغىمۇ ئالغاچ كېلەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق چاي ۋاقتى ئىگىسىن كېيىپ بېقىش، ياغلىق ـ پاغلىق ئارتىپ بېقىش، بىر ـ بىرىگە ئەقىل كۆرسىتىش بىلەن خۇشال ئۆتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى بىمالال، كۆڭۈل قويۇپ پۈتتۈرەتتى، ئىشچىلار ئويۇشمىسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يىغىنلىرىغىمۇ قاتنىششقا ئۇلگۈرەتتى ھەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشەتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ رەھبىرى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. باشقارما باشلىقى بولغان بۇ ئايال قاتتىق قول ئايال ئىدى، ئۇنى ھەتتا سۇرلۇك دېيىشمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئىكەنلىكىنى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ئۇ ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى قىيىن ھالدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئەمما، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان يېرىمۇ بار ئىدى، بۇنداق بولۇشىغا باشقارما باشلىقىنىڭ ھەرقاچان قاپىقىنى ئاچماي يۈرۈشى، ۋابادەك تۇيۇلۇشى ئەمەس، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەرقانداق ئىشنى قانداق قىلىش، قانداق سۆزلەش ئىنتايىن ئايان بولغانلىقى سەۋەب ئىدي.

www.uyghurkitap.com

— سوتسيالىزم ھېسابات دېمەكتۇر، — دەيتتى لېۇدمىلا پاۋلوۋنا گويا ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا بۇ مەسىلىنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكەندەك، — شۇڭا، باشقارمىمىز ئەڭ سوتسيالىستىك ئورگان.

بۇ كېيىنكى بىر ئىبارىز قاملاشمىغان گەپ راستلا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ھەممىنى ستاتىستىكا قىلىپ، ھېسابلاپ، جازىلارغا بۆلۈپ قويۇش، بىرمۇ بىر تىزىملاش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئايىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق. كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان ئەھۋال شۇكى، بۇ يەر دېگەن ئاياللار دۇنياسى، ئاياللار ھېسابنى ئىنچىكە قىلىشقا قارشى ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار قائىدە-رامكىلارنىڭ بوغۇشىغا چىداپ تۇرالمايتتى، قائىدە-تۈزۈملەرگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتەتتى. شۇڭا، لېۇدمىلا پاۋلوۋنا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى تۈزىتىشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى.

تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇلى دائىم ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش ئىدى، بۇ ئۇسۇل سىناقتىن ئۆتكەن. ئاياللار ئولتۇرۇشى، بىرەرىنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش، بايرام-توي، پەسىللىك مۇكاپات تارقىتىش قاتارلىقلارنى باھانە قىلىشقا بولۇۋېرەتتى. كالىنداردا جەم بولغۇدەك كۈنلەر بولمىسا، ئۇ بىر ئاماللار بىلەن پۇرسەت تېپىپ، كۆپچىلىكنى كۆڭۈل ئېچىش، ئويناشقا ئۇيۇشتۇراتتى.

— قىزلار، پۇل يىغىش قىلايلى! نەچچە بولىدى؟...ۋېرونىكا پروكوۋيېۋنا ھېسابلاپ چىقىڭ. كىچىك ناتاشاغا رۇخسەت، بازاردىن بىر نەرسىلەر ئېلىپ كىرسۇن. پۇلنى تېجەپراق ئىشلىتىڭ جۇمۇ ناتاشا، تورت بىلەن قەنت-گېزەك ئالسىڭىزلا بولىدۇ، ئازراق شاراپمۇ ئېلىڭ، بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغانىدۇق.

— بۈگۈن نېمە كۈن ئۆزى؟ — دەپ سورىدى قورقماس لېنىنا.
— ئۇيالماستىن دەۋاتقان گېپىنى، بۈگۈن قانداق كۈن ئىكەنلى-كىنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دېدى كۆزەيىنەكلىك باشقارما باشلىقى تەرىنى تۈرۈپ توڭلۇق بىلەن، — بۈنىڭدىن خېلى كۆپ يىللار ئىلگىرى بۈگۈنكى كۈندە، شۇ زامانلاردىكى ئەڭ ئىلغار شەخس — ئۇنىڭ كارل ماركسنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي — ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»... «ئايالـلار ۋە سوتسىيالىزم» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىرىنىڭ 4 - بابىنى تاماملىغان. بىز سوۋېت ئاياللىرى، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، مۇشۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ئوبيېكتلىرى ئەمەسمۇ، ئاخىر؟...
ھەممەيلەن ئۇيالغىنىدىن ئاغزىنى يۇمدى. كىچىك ناتاشا ماگىزىنغا بارماقچى بولدى. ناتاشانى "كىچىك ناتاشا" دېيىشى ئۇنىڭ بويى پاكارلىقىدىن ئەمەس، يېشى كىچىكلىكىدىنمۇ ئەمەس ئىدى، بۇنداق ئاتاش ئۇنىڭ پەرمانبەردارلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇ غودۇرلى-مايتتى، كاللا ئىشلەتمەيتتى، نېمە دېسە ماقۇل دەيتتى، شۇڭا ئەتىۋارلىنىپ، مۇكاپات پۇلى ئېلىپ تۇراتتى، شەنبە كۈنى بولسىلا باشقارما باشلىقىنىڭ ئۆيىنى تازىلىشىپ بېرەتتى.
يېشى چوڭراق، ھەممەيلەن ئىسىم فامىلىسىنى ھۆرمەت بىلەن تولۇق ئاتايدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغىنى گالىنا سېرگېيېۋنا ئىدى. ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا دەسلەپتە خېلى ئاكتىپ بولۇپ يۈردى، كېيىن ئېرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ قالغاچقا، كىر-لىشىپ كەتكەن چەينەك پارقىرىمىغاندەك، جىمپىلا كەتتى. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ ئېيتقىنىدەك، باشقارمىدا گالىنا سېر-گېيېۋنا "مۇستەقىل پادىشاھلىق" ئىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا باشقىچە قارايتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى.

ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ھەممىشە ئۇنى باشقىلارغا ئۈلگە قىلاتتى، چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا ئۇنى تەقدىرلەيتتى. ئەمما، بۇ ئىش قىزلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالايتتىمۇ؟ ئۇ ھەسەتخورلۇق قىلماقتا ئىدى. كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چىداپ تۇرالماي، ئۆزى بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان ۋىرونسكا پروكوۋيېۋنا بىلەن كىچىك ناتاشاغا مۇنداق دېدى:

— ئاھ خۇدا، شوپۇرغا تەگسەممۇ مەيلىدى، 20 قېتىم تەگسەممۇ مەيلىدى!

ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان بۇ ندا تەبىئىي ھالدا تېزلا گاللىنا سېرگېيېۋنانىڭ قۇلىقىغا يەتتى — ئايالار تېلېفون بېرىشكەندى. باشقىلار ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلاركىن دەپ يۈرۈشتى. ئەمما، بۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى شۇنداق كەسكىن جاۋاب بەردىكى، كىشىلەر بۇ ھەقتە ئىككىنچى ئېغىز ئاچالماس بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— ئايال كىشى، چوڭ بولۇپ قالغان قىزلار ھامىنى ئەرگە تېگىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى قابىل ئايالنىڭ كەينىدە ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان خوتۇن ۋە ئانىنىڭ تۇرغانلىقىنى ھېچكىم — يېشى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ — ئېسىگە كەلتۈرمىگەن. ھېلىقىدەك چىرايلىق گەپلەر نەزەرىيە جەھەتتىلا توغرا، خالاس؛ ئەمەلىيەتتە، گاللىنا سېرگېيېۋنا (ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئادەتتىكى گاللىكا ئىدى) نىشانى ناھايىتى ئېنىق بىر كىشىگە تەگدى.

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، — دېدى ئۇلار پەتتە كەستۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئەر، — سىز تېخى ياش، تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىڭىز

ياخشى بولغاچقا، داشۆدە ئوقۇيسىز. بۇ بىرىنچىسى. تۆتىنچى يىللىقتا چىقىپ بولغىنىڭىزدا، خەق سىزنى قوغلىۋەتمەيدىغان بولغاندا تۇغىسىز. ئاندىن ماشىنىدا سەيلە قىلىمىز، خەقتە بار نەرسىنىڭ ھەممىسى بىزدىمۇ بولىدۇ.

گالىنا سېرگېيېۋنا بىر قىز تۇغدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن دىسسېرتاتسىيە ياقلىدى، ئوبدانلا خىزمەتكە ئېرىشتى، ئەمما بىرلا نەرسە، "خەقتە بار" ماشىنا كەملىك قىلاتتى. ئۇلار پۇلىنى تېجەپ خەجلەپ، پۇل يىغقىلى تۇردى، نەرسە-كېرەكنىمۇ تۈزۈك سېتىۋالمىدى، شۇغىنىسى، قىزى ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، يىغقان پۇل دوختۇر بىلەن ساناتورىيىگە كەتتى. ئېرى دەردىنى ھاراقتىن ئېلىپ، ھە دېگەندە ئىچەتتى، گالىنا سېرگېيېۋنا بىردەم ئۇنىڭغا، بىر دەم بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇزىدىغان، ئۆزىنى مادارىدىن كەتكۈزىدىغان ئېغىر يۈك زىممىسىگە چۈشكەندەك بولاتتى-دە، كېچىلىرى يىغلايتتى، كۈندۈزى بولسا نېرۋىسىنى مەھكەم تىزگىنلەيتتى.

تەكشەش باشقارمىسى مۇقىملىقتا يېقىن شۇنداق قايىنام ھالەتتە پەسىللەرنى، يىللارنى ئۆزاتتى. كلاۋا ساموۋا پەسىللىك جەدۋەلىنى يوقىتىۋەتمىگەن بولسا، بۇنداق كۈنلەر ئۇزاققىچە داۋاملاشقان بولاتتى. بۇ پەسىل تۈگەي دەپ قالغاندى، جەدۋەلنىڭ كۆچۈرۈلمىسى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ھال ۋەزىيەتنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداش ۋە ھەممە مۇكاپات پۇلىدىن مەھرۇم قېلىش دېگەنلىك بولاتتى. كلاۋا ھۆججەت خالتىلىرىنى بىرمۇ بىر ئاختۇرغاچ بۇرنىنى سەت پۈرۈپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ قورقىنىدىن ئەمەس، بۇ لەنىتى جەدۋەلنى يىتتۈرۈپ قويغىنىغا يىغلىغانىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇرسا، شۇ ئىشنى بىجانىدىل ئورۇندايتتى،

www.uyghurkitap.com

خالس ئەمگەكلەرگە خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ قاتنىشاتتى. ئۇ ھەرقاچان ۋىجدانى بىلەن ئىشلەيتتى. ئەمما، مانا بىردىنلا چاتاق چىقتى.

كلاۋا چاتاقنىڭ چىققانلىقىنى جەدۋەلنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىدىن كۆردى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال باشقىچە بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، خىزمەت مەخپىيەتلىكىنى باش ئىدارىدىن بىرەيلەن ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

كلاۋا جەدۋەلنى يىتتۈرۈشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن گالىنا سىرگېيېۋنا، بىر ئاي بۇرۇن لىيۇدمىلا پاۋلوۋنا "ئادىمىگەلارنى ئازايتىڭلار" دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئىش باشقارما باشلىقى بىلەن ئالاقىسىز ئىدى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولسا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئاخشام يىغلىدى. ئېرى ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى:

— ۋەزىپەمنى ئېلىۋەتتى! مەن...ھەممە ئىشنىڭ يۈكىنى مىسكىن مۇشەققەتتە مەن كۆتۈرسەم، ئېغىر ئىشقا سېلىنغان گۇناھكاردەك ئىشلىسەم، ۋەزىپەمنى ئېلىۋەتتى!...

تەرى تۈرۈلگەن ئېرى ئۇيان-بۇيان مېڭىپ، ئويلانماقتا ئىدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ يېنىدا بىر ھازاغىچە تاماكا چېكىپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي قايتىپ كەلدى:

— باشقارماڭلارنىڭ باشلىقى نېمە تەربىيە كۆرگەن؟ ئادەتتىكى رەھبەرلەرنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان بولغىيدى شۇ! سىز دېگەن كەسىپىي تەربىيە كۆرگەن. كوزىر دېگەن شۇ. ئاساسىي ئىشلارغا كىم باشچىلىق قىلغان؟ سىز ئەمەسمۇ؟ سىز دېگەن باشلىق. كىمنىڭ قىزى ئاغرىق؟ بىزنىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدە ئورۇن

تۇتۇپ ياتىدۇ. كىمنىڭ ئىرى ئىشچىلار سىنىپىدىن؟ سىزنىڭ قولىڭىزدا مۇشۇنداق كوزىرلار تۇرغاندىكىن، قارتىنى يۇرەكلىك ئوينىۋەرسىڭىز بولىدۇ. ئۇلار يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشتىمۇ؟

— مەلۇم قىلمىسا، باش ئىدارە مۇكاپات پۇلنى نەدىن ئالىدۇ؟ بىز مۇكاپات پۇلنى باش ئىدارىدىن ئالىدىغان تۇرساق.

— ئۆتكەن يىللىرى يالغان مەلۇم قىلغان ماتېرىياللارنى جەدۋەلگە قوشۇپ بېرىۋېتىشنى ئۇقمامسىز. ئەلۋەتتە، بۇ دېگىنىم ھازىرلا شۇنداق قىلىڭ دېگىنىم ئەمەس، ئوبدان ئويلىنىش كېرەك.

— ئۇنىڭ تىرەكلىرى جىق تۇرسا.

— بۇ بىزگە پايدىلىق. ئۇ باشقارما باشلىقلىق ئورنىدا بەھۇزۇر ئولتۇرغاندىغۇ ھېچ ئىشتىن غەم يېمەيدۇ؛ سەتچىلىككە چېتىشلىق بولۇپ قېلىشچۇ، قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىغا داغ چۈشىدىغانلىقىنى تۇيسا، ئۆزى كەشىنى توغرىلايدۇ. سىزنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تونۇشتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ھەپتە ئەنە شۇنداق باشلاندى. كلاۋانىڭ جەدۋەلنى يىتتۈرۈپ قويۇشىمۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال ئىدى، يەنى بۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئۆتكەن يىللاردا يالغان مەلۇم قىلغان ماتېرىياللارنى يىتكەن جەدۋەلنىڭ ئورنىغا قانداق سېلىپ قويۇش چارىسىنى ئويلاپ تېپىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋال ئىدى.

بۈگۈن ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان كۈن بولدى: ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئىش بار، پۈتتۈرۈش ۋاقتى مۇقىم بەلگىلەپ بېرىلگەن. قالايمىقانچىلىق چىقمىسۇن ئۈچۈن، سانلارنى كۆكۈل قويۇپ ھېسابلاپ جەدۋەللەشتۈرۈش كېرەك، بولمىسا، ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈلىشتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇشتىن چاتاق چىقىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ ھېساباتى بىلەن بەند، ۋىروندىكا پروكوۋىيېۋنا چىقىدىغان نەتىجىنى ئەسلىدىكىدىن 20% كۆپەيتىش ئۈچۈن سان ـ سىپىرنى كۆپرەك يازماقچى بولدى. بۇ بىر نەچچە سائەتنى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا بۇرۇنقى دوست ـ يارانلىرىغا تېلېفون بېرىش، قىزغىن پاراڭ ئارىسىدا بىر نېمىنى تىڭلاشقا ئىنتىزار بولۇش، بىر ئىشلارغا ۋەدە بېرىش، بىر نەرسىنى سىناش بىلەن ئۆتكۈزدى.

— ئانتونىچ، تىنچلىقمۇ؟ ليۇدمىلا رىچكو سىزنى ياد ئېتىپ تۇرىۋاتىدۇ. كۈنلىرىڭىز قانداق ئۆتىۋاتىدۇ؟ خانىمىڭىز ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ئۇنىڭغا مەندىن سالام، ئۇ دېگەن سىزگە ئالتۇننىڭ ئۆزى جۇمۇ. باللىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ۋىيەي، يەنە نېمە قىلاي دەي-سىز؟ "بالا چوڭ بولسا، غەم يەيدىغان ئىشمۇ كۆپ بولىدىكەن" ئەمەسمۇ! دەم ئېلىپ كەلمىدىڭىزمۇ؟ نەگە باراي دەيسىز؟ مىنىستىرلار سوۋېتى-نىڭ ساناتورىيىسىگە دەمسىز؟ ماڭا قارىسىڭا، خۇدا بۇيرۇسا، ساناتو-رىيىگە بارىدىغان كىنىشكا ئېلىشتىن چاتاق چىقمىسا، شۇ يەردە ئۇچرىشىدىغان ئوخشايمىز! نېمە؟ ۋەي، ۋەي، مەنمۇ شۇنىڭ كېيىنى قىلىۋاتىمەن. سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ راست گەپ قىلغاندىچۇ؟ ليۇداچكا بولمىغان بولسا، سىلەرگە كىم ماسلىشىدۇ دەيسىز؟ بۇ ساننى يېزىۋالىمىز، گرادىشىۋنىڭ قولىدىن ئۆزەم ئالىمەن. ھەئە، شۇنداق، نەق شۇ، بۇنى ئاياللار كۆڭۈل قويۇپ ھېسابلاپ چىققان. ۋاي خۇدا، مېنىڭسىز سىلەر نېمىمۇ قىلالارسىلەر؟ قارىڭلا، سىز خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ. خوشلىشايلى، كېيىن تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرايلى...

ئىش قىزغىن قىلىنماقتا. كلاۋا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، نېمە

بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپ ھېچكىممۇ سورىمىدى. بەشتىن كۆپ ئايال يىغلىغان يەردە بىر كۆڭۈلنى يىغىسىز ئۆتكۈزۈش تەس. ئۇلار ئىشسىز قالغان چېغىدا، سەپدىشىنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى بىلىش كويىدا بولىدۇ؛ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بىر قولنى ئىككى قىلالمايۋاتقان، ئىشىدىن ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىقى كېرەك بولغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ راسا يىغلىۋالغۇسى كېپكېتىدۇ. ئەمما، ئۇلار بىر كۆڭۈلنى بولمىسا بىر كۆڭۈلنى سورايدۇ، قىزىقسىنىپ ئەمەس، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن سورايدۇ. كىلاۋا سەپداشلىرىنىڭ ھازىرلا سورايدىغان بولدى دەپ ھېس قىلىپ، تېخىمۇ چىڭ يىغلاپ كەتتى.

— كىلاۋدىيە، جەدۋەلنى ئەكىلىڭ!

كىلاۋا "مانا ھازىر" دەپ جاۋاب بېرىپ، غەزىپىنىڭ پارتلاش ۋاقتىنى ئارقىغا سوزماقچىمۇ بولغانىدى، كېيىن غاچچىدىلا تىكىۋېتەيچۇ دەپمۇ ئويلىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنداق قىلمەن، بۇنداق قىلمەن دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە ھاي بېرىپ، "يوقىلىپ كەتتى" دېگەن گەپنى ئاغزىدىن ناھايىتى تەستە چىقاردى.

ئۇ بۇ گەپنى ناھايىتى بوش قىلغان، باشقىلارغا بۇ گەپ بەك چۈشىنىكسىز تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئوي-پىكرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى. كىچىك ناتاشا "ۋىيەي" دەۋەتتى. ۋىرونىكا پروكوۋىيېۋنا كىلاۋانىڭ ھۆججەتلەر بىلەن تولغان ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېنىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئۇ دېگەن مۇتلەق مەخپىي ھۆججەت. بەلگىلىمە بويىچە دوكلات قىلىشىمىز شەرت.

ئىشخانا بىردىنلا جىمىپ قالدى، يەرگە بىر تال يىڭنە چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

كەتسمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ھەممەيلەن گويا كلاۋاغا مازا تۇتۇۋاتقاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن تۇراتتى.

ـــ ۋايجانەي، بۇ بىچارە قىزنى قورقۇتۇۋەرمەڭلارچـۇ، ـــ دېدى گاللىنا سېرگېيېۋنا پەس ئاۋازدا، ـــ بىھۇدە گەپـلەرنى قىلىۋەرمەيلى، قانداقتۇر بىر ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانمۇ نېمە دەپ قالمسۇن يەنە، ئۇلە، سىز بۇلتۇرقى دوكلاتـنى ئەكىلىڭ، ئۆزگەر ـ تىپ، ئوتتۇرىچە سانىنى چىقىرايلى، ئاندىن سەل ئاشۇرساق بولدى.

مۇشۇ تاپتا ئۇ بىردىنـلا خۇشاللىقـتىن تىتـرەپ كەتـتى: ئېرى ئېيتـقان ھېلىقـى پەيت ھازىـر كەلـدى ئەمەسـمۇ؛ ھەممەيلەنـنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتـكەن، نېمە ئىـش بولغىنىـنى بىلەلمەيۋاتـقان، ئالدىراشلىقتا پايپېستەك بولۇۋاتـقان چاغـدا، كوزىېـرنى ئوتتۇرىـغا چىقىرىدىغان ئوبدان پۇرسەت ھازىر كەلدى ئەمەسمۇ. ئۇلە ھۆججەت جازىسىنى ئاختۇرغـىلى تۇردى، گاللىنا سېرگېيېۋنانىڭ خۇشاللىقـتىن ئويناپ كەتكەن يۈرىكى مىلىڭ تەستە جايىغا چۈشتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى، ئۇ باشقىلار بىلەن دېيىشىپ قالغانىدى؛ دېيىشىپ قېلىشقا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ كوزىېرنى بەك بالدۇر ئىشلىتىۋەتكەنىدى.

ـــ ئىدارىمىزنى بەك غەلىتە تەسەۋۋۇر قىپسىز! ـــ دېدى ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا نارازى بولۇپ دومسىيىپ، ئۇنىڭ گېپـى بۇ ئىشقا ئالا ـ قىسىز ئادەمنىڭ گېپىدەك ئاڭلاندى.

ـــ غەلـىتە بولغاندىكـىن ئەمىسـە، ـــ دېدى مۇئاۋىـن باشـقارما باشلىقى سوغۇق كۈلـۈپ قويۇپ، ـــ خەق كۆزىـنى بىزنىڭ يىلـلىق چىقىمىمىزغىلا تىكىپ تۇرىدۇ، ئۇلاردا دوستانىلىق دېگەندىن ئەسەر يوق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزگە ئىشكنى مەڭگۈلۈك تاقاتتۇرماقچىغۇ. سىزنىڭچە قانداق؟ مىللىـي دارامەتـنى ئەمەلـىي تېجەشـتىن باشـقا

نەتىجە چىقمايدۇ...

مۇشۇ چاغدا ئولە ئەكىرىۋاتقان قىلىن دوكىلات پالاققىدە يەرگە چۈشتى. ھەممەيلەن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، قايرىلىپ قاراشتى؛ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان لىيۇدەملا پاۋلوۋنانى كۆرۈپ، يەنە دىڭگىدە چۆچۈپ كېتىشتى.

## 3

— قىينىلىپ كېتىۋاتقانسىز، بۇرادەر؟

كلاۋا قىينالغىنى يوق، ئۇ كىيىم دەزماللىماقتا ئىدى. ئۇ كىيىمگە دەزمال سېلىشقا ئامراق ئىدى، چۈنكى، كىيىمدىن ھور كۆتۈرۈلۈشى، دەزمالنىڭ بىر خىل ماسلىقىنى يارىتىشى ئۇنىڭغا ياخشى بىلىنەتتى. ئۇ بەھۇزۇر ئوي-خىياللارغا بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشىكنى چەكمەيلا كىرگەن توما كلاۋادىن ئەخمەقلەرچە بىر سوئال سورىدى، كلاۋا بۇنداق سوئالغا جاۋاب بەرمەسلىكنى ئاللىبۇرۇنلا بىلىۋالغانىدى، توما سوئالدىن كېيىن كلاۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. تومانىڭ قاراشلىرى پىرقۇنلەي باشقىچە ئىدى، كلاۋا بۇ ئايال قوشنىسىنىڭ يەنە بىرەيلەن بىلەن مۇھەببەتلىشكەنلىكىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن پەملىدى.

— يەنە شۇ دەزمال بىلەن ھەپىلىشىۋاتامسىز، كىمگە جاننى ئاتايدىغان گەپ؟ — توما قوشاق ئوقۇۋاتقاندەك ئۇھ تارتىپ قويدى، — يۈرۈڭ، مېنىڭكىگە چىقىڭ، شاراپ ئىچىمىز!

— شاراپقا قارىغۇم كەلمەس بولۇپ قالدى.

— ئەمسە كورەش ئۈچۈن پۇخادىن چىققۇچە شامپان ئىچىۋې-

www.uyghurkitap.com

لىلىك. يۈرۈكە، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.

تومانىڭكىدە لىپاتىيە ئاركاچىيېۋنا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئۈستەلگە داستىخان سېلىۋاتاتتى. توما قىزىل بېلىقنى زاكۇسكا قىلىپ ۋوتكا بىلەن شامپان ئىچكىلى تۇردى، لېكىن ئۈستەلگە ئۈچ كىشىلىك قاچا-قومۇچ قويۇلغانىدى. شۇڭا ئېگىز رومكىغا شاراپ قۇيغىلى باشلىدى.

— شاراپقا قارىغۇم كەلمەس بولۇپ قالدى، — دەپ ئۆز گېپىنى تەكرارلىدى كلاۋا تەرسالىق بىلەن، — يەنە كېلىپ كۆرەش...

— بىر كىشى ماڭا: شاراپ دۇنيانى ئالاھىدە ئۇسۇلدا بويسۇندۇرغان، دېگەن، — لىپاتىيە گەپ قىلىۋېتىپ خام سەينى چىرايلىق بىر ھالەتتە قىستى، — ئايال كىشىنىڭ تەقدىرى غەلىتىلا بولىدىكەن: چوقۇنغۇچىلار چەت ئەلدىنمۇ كەلمەيدىكەن؛ پېشانىمىزغا كۈتۈپ تۇرۇش پۈتۈلۈپتۇ. روھىي جىددىيلىك ۋە يالغۇزلۇقتىلا ئۆتىدىغان گەپ، سىلەر نېمىنى ئارزۇ قىلىسىلەر؟

— يالغۇز ئۆتمەسلىكنى ئارزۇ قىلىمىز، — دېدى توما بۇدۇر چېچىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. 33 ياشقا كىردىم، بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، قېنى كۆتۈرەيلى، بۇرادەرلەر! كىمنىڭ رومكىسىدا بىرەر تېمىم ھاراق قالسا، شۇ ئادەمنى نىيىتى يامان دەپ قارايمەن.

ھەممەيلەن بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. توما ۋارقىراپ كەتتى، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگىلى تۇردى:

— ياق، دەپ بېقىڭچۇ، بىز نېمىشقا بۇنداق كېرەكسىز؟ ياق، ھەممىنى ئېنىق دەڭ، سىز دېگەن دانا بولغاندىكىن.

— بىز كېرەكسىز ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەرلەر ئۆزەمە

كۆڭۈل. گۈلمۇ سوۋغا قىلمايدىغان، هاراق بولمىسا كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. بولدىلا، ناخشا ئېيتىساقچۇ! مېڭىپ-مېڭىپ كېچقالدىم يەر ئاستى پويىز بېكىتىگە...ئەمدى نەگە بارماقچىمەن دەپ سوئال قويدۇم ئۆزەمگە...

— ياق، دەڭا، دەۋېردىڭا!... — بۇگۈنكى ئاساسىي پېرسوناژ لىپاتىيەگە چاپلىشۋالغانىدى، لىپاتىيەنىڭ بولسا مۇشۇ تاپتا ناخشا ئېيتقۇسى كېپكەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى باشقىلار ئېتراپ قىلمىغان تالانت ئىگىسى دەپ هېسابلايتتى.

ئەمما، هازىرچە ناخشا ئېيتىشقا بولماي قالدى، چۈنكى لىپاتىيە هەرقانچە قىلسىمۇ ناخشا ئاهاڭى بىلەن سۆزىنى تەڭ ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى، بىرىنى ئويلاپ تاپسا، يەنە بىرى ئېسىگە كەلمەيۋاتاتتى، نەتىجىدە ناخشا ناخشا بولماي قالدى. گىرادۇسى يۇقىرىراق شامپاندىن جىقراق ئىچىۋەتكەن كلاۋا هە دەپ كار-كار كىكەرمەكتە ئىدى.

— ياق، دەپ بېقىڭا، چۈشەندۈرۈپ بېرىڭا ماڭا، مەن نېمىشقا ئارتۇقچە ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قالىمەن؟ مەن كلاۋادەك جانسىز-روهسىز، ياكى سىزدەك چوڭ بولغان بولسام، ماتروسلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇمدا گەپ يوق بولاتتى. شۇنداقمۇ؟

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئازار يېگەنلىكىدىن بىراقلا سەگەكلەشكەن لىپاتىيە ئاركاچېيېۋا، — سىزچۇ، توما، ئۆزىڭىز ئوبدان ئايال، شۇغىنىسى، گېپىمگە خاپا بولماڭ، سىز تەربىيە كۆرمىگەن. سىز دائىم ئىنسانلار ئاللىقاچان هەل قىلىپ بولغان مەسىلىلەرنى سورايسىز. مەسىلەن، ناهايىتى داڭلىق هېلىقى لېئوند-پرلى مىرونوۋىچ دېگەن كىشى بىدك ئەقىللىق. قارىماسىز بۇ

ئشنىڭ قزىقلقىنى، ئۇ شۇنچە قابلىيەتلك تۇرۇپ ماڭا كۆيۈپ قالدى، مېنى دەپ ئەقلدىن ئازغلى تاس قالدى دېسەمۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيۈپ چىدىيالماي، ئۆلۈۋېلىش ئويىدىمۇ بولغانىدى.

— نېمشقا ئۆلۈۋالمدى؟

— ھەم، ئۇ بۇنداق قىلشنى مۇۋاپىق كۆرمەگەن ۋە يالغۇز-سىرىغان، — لىپاتىيە بېھۇدە ئازار يەپ قېلىپ ھاياجانلانغان بولسمۇ، ئۆپكىسىنى بېسۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئايالار ئائىلە ئۈچۈن، جىنسىي ھەۋەس ئۈچۈن زۆرۈر، شۇڭا ئۇلار چىرايلىق-سەتلىك بويىچە ئايرىلمايدۇ، يېشى بويىچە تېخىمۇ ئايرىلمايدۇ. كەچۈرگەيسىلەر، بۇ ئومۇمىي پرىنسىپ ئەمەس، بىلىشنى خالساڭلار، ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، ئۇ خوتۇنلارغا ۋە يولدىن چىققان ئايالارغىلا ئىشلەيدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى كلاۋا كېكىرىپ بولۇپ.

— توغرا گەپ بولدى، — دېدى توما ئۇستەلنى مۇشتىلاپ، ئۇ ئاغزىنى بۇزۇشقا تاسلا قالغانىدى، — توغرا، بۇرادەرلەر، بىز خەق چېلىپ ئويناپ تاشلاپ قويىدىغان گىتارغا ئوخشايمىز. ئەر خەق ئويناپ بولۇپ، قانۇنىي خوتۇنىنىڭ قېشغا كېتىدۇ.

مۇشۇنداق پاراڭلىشۋېتىپ، ئۇلار بىردىنلا غىڭ-غاڭ بولۇشۇپ قالدى، كېيىن يارىشىپ قېلىشتى. توما قارىشىنى سەممىيەت بىلەن داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، بىزنىڭ تېشىمىزلا بۇلغانغان، خالاس. بىزنىڭ قەلبىمىز پاك، بىزنى سىلاپ-سىپاپ قويىدىغانلا بولسا، نەپىس رومكىدەك ۋال-ۋۇل پارقىراپ كېتىمىز. گەپنىڭ

راستى، بۇرادەرلەر، بۇ دۇنيانى دۇنيا قىلىپ تۇرغانلار بىز، بىزنى پۈتۈن دۇنيا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى دېيىشكە بولىدۇ...

زىيادە شاللاقلىقىدىن زەئىپلەشكەن، يۈزىگە ئۇپىينى بىر ئىلىك سۈرتكەن، جىق جاھان كۆرگەن توما يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلىشتىن بۇرۇن پويىز بىلىتىنى ئالدىن ساتىدىغان دېرىزىدىن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى 13 يىل كۈزەتكەنىدى. ئۇنى ھەمىشە كىشىلەر تاشلىۋەتكەن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۇ قانداقتۇ بىر كىملەر بىلەن بىللە ماڭغان، ئەمما كېيىن ئۇ ئادەملەر ساتقىنلىق قىلغان، لېكىن توما ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. ئۇ ھېچنېمىدىن تەپتارتمىغان كېچىسىمۇ سۈتتەك ئاپئاق پېتى تۇرغان، چۈنكى، ئۇ جىقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، دەل 33 ياشقا كىرگەنىدى.

ئەتىسى كلاۋانىڭ پەسىللىك مۇكاپاتى تۇتۇپ قېلىنىدى. ئاشۇ ئون رۇبلىغا ئۇ چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ ئادەتتىكى تۇتۇپ قېلىش بولماستىن، مەھرۇم قىلىش ۋە مۇسادىرە قىلىش ئىدى، بۇ ئىش ئادەمگە بەك ئازار بېرەتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، كىچىك ناتاشا مۇكاپات پۇلىنى تارقىتىش جەدۋىلىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— قول قويۇڭ.

كلاۋا قول قويدى. ناتاشا جەدۋەلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئون رۇبلى بېرىش ئورنىغا، مۇنداق دېدى:

— ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ھازىرلا قېشىمغا كىرىپ كەتسۇن دەيدۇ.

كىلاۋا قورقۇپ قالدى. ئادەتتە، ئۇ ھەرقانداق رەھبەردىن ئىختىيارسىز قورقاتتى، ئىشخانىدىكى رەھبەردىن تېخىمۇ قورقاتتى.

كلاۋا ئىشخانىغا كىردى.

— مېنى چاقىرتقانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ قورقىنىدىن سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ.

— خاتالىقنى بويىنىڭىزغا ئالامسىز؟ — دەپ سورىدى كلاۋانىڭ ئارتۇقچە خۇپسەنلىكىگە تاقەت قىلغان ليۇدمىلا پاۋلوۋنا.

كلاۋا جەدۋەل ئۆزى يوقلىپ كەتتى، بۇنىڭغا مەن جاۋابكار ئەمەس، دەپ ئېيىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ليۇدمىلا پاۋلوۋنا جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. كلاۋا گېپىنى تۈگەتمەيلا سالپىيىپ قالدى.

— بۇ سىزنىڭ مۇكاپاتىڭىز، — دېدى باشقارما باشلىقى قەغەزگە قىستۇرۇقلۇق ئون رۇبلىنى كلاۋاغا كۆرسىتىپ، — ۋىجدانلىق ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى كىنولاردىن كۆرگەن بولغىدىڭىز.

كلاۋا ئۈچۈن بۇ ئون رۇبلى قانداقتۇر مۇكاپات پۇلى بولماستىن، سۈنئىي تۈۋىتلىق شىمنى ئوڭلاپ بەرگىنى ئۈچۈن لىپاتىيە ئاركاچىيېۋناغا بېرىدىغان ھەق ئىدى. بۇ شىم "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولەگە سەل كىچىك كېپقالدى، شۇڭا كلاۋاغا پۇلى ئەرزان بولغاندىكىن سىز كىيىڭ، دەپ تەكلىپ بەردى. كلاۋا ناھايىتى خۇشال بولدى، پۇلنى بەردى، شۇنداقلا ئوڭشاش ھەققىنى مۇكاپات پۇلىنى بەرگەندە بېرىۋېتەرمەن دەپ يۈردى. ئەمدى ئۇ قوشۇلماسلىقتىن ئەمەس، كاللىسىدا جىددىي ھېسابات قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۈنچىقماي تۇراتتى. مۇشۇ مىنۇتتا كلاۋا كوللېكتىپنىڭ ئالدىدا، دۆلەت ھەتتا ليۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭ ئالدىدا خىجىل بولغىنى يوق، ئۇ لىپاتىيە ئاركاچىيېۋنانى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇياتتا قالدىم دەپ قىزارغانىدى. لىپاتىيە بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ

تاشلانغان بولۇپ، هازىر قوشۇمچە ئىش قىلىپ پۇل تېپىش يولى بىلەن تۇرمۇشىنى ئاران-ئاران قامداپ كېلىۋاتاتتى.

— كوللېكتىپىمىزغا روھىي زەربە بەردىڭىز، — دېدى لېۋدىملا پاۋلوۋنا قەغەز قىستۇرغۇچنى بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، — شۇڭا، مېنىڭچە، زەربە يېگەن كوللېكتىپىمىزنى دەپ مۇكاپات پۇلنى ئېلىشتىن باش تارتسىڭىز، توغرا قىلغان بولىسىز.

— شىمنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ بوشقىنا سورىدى كلاۋا.

— كىيىۋېرىسىز-دە! — دېدى باشقارما باشلىقى سېخىلىق بىلەن، ئۇمۇ ئايال كىشى-دە، — كىيمەن دېسىڭىز، ياق دېمەيمەن.

كلاۋا چۈشىنىش ئىقتىدارىنى تامامەن يوقاتقانىدى، ئۇ باشقارما باشلىقىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا ھېچكىم ئۇنىڭدىن گەپنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلغىنى يوق، ئۇنىڭدىن "بويرۇققا بويسۇنۇش"لا تەلەپ قىلىنغانىدى.

— دېمەك، يولداشلارنىڭ بىر پەسىلنى ئۇگۇشلۇق تۈگەتكەنلىكىگە ئاتاپ بېرىلىدىغان چاينىڭ خىراجىتىنى سىز چىقىرىسىز. چۈشەندى-ڭىزمۇ؟ سىزنىڭ مۇكاپات پۇلىڭىزنى كىچىك ناتاشاغا نەرسە-كېرەك سېتىۋالىدىغانغا ئىشلىتىڭ دەپ بېرىۋېتىمەن. — باشقارما باشلىقى كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى، ئۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقسا دەپ تۇرغانىدى، ئەمما ياش چىقمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمشاپ قالغانىدى، — سىز چايغا ھېلىقى شىمنى كىيىپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

كلاۋانىڭ ھېلىقى شىمنى ئېلىشقا پۇلى بولمىغاچقا، چايغا كىيىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنغان بۇ شىمنى كىيىپ كەلمىگەنىدى. ئەلۋەتتە، لىپاتىيە ئاركاچېيېۋناغۇ پۇل بەرمىسىمۇ شىمنى ئۇنىڭغا بېرەتتى، ئەمما كلاۋا ئۇنداق قىلىش ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى،

شۇنىڭ بىلەن گەپنى باشقارما باشلىقى بۇ شىمنى كىيگىلى قويمىدى دېگەن يەرگە ئاپىرىپ كۆپ يالغان سۆزلەرنى توقۇدى. ئۇ ئون رۇبلىنىڭ بىر قىممەتلىك ئولتۇرۇشقا (چايغا) يەتمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى (ھازىر ھەممىلا يەردە "چاي" دەۋالدى). ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا ئالاھەزەل قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما كۆپچىلىكتىن يىغىلغان پۇل نەتىجىدە بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاز بولدى. قىزلار شەرتسىز خۇشال ئىدى، ئەمما گالىنا سىرگېيېۋنا سوراپ قالدى:

— تورت ئەرزانلاپتۇمۇ، قەنت-گېزەك ئەرزانلاپتۇمۇ؟

— ساموۋا مېھمان قىلىدىغان بوپتۇ، — دېدى ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا چېقىشۋېلىپ.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ئۇ قولۇمدا يەنە بىر مۇھىم كوزىر بار دەپ ئويلايتتى.

كلاۋا بۇلارغا سۆزسىز چىدىدى. يۇقىرىدىن بۇيرۇغاندىكىن، ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا نەدە ئورۇن بولسۇن! شۇڭا، ئۇ ھېچكىمگە تىنمىدى. ئەمما، ئۇ ئىشخانىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە چىدىغۇسىز جىملىق-يالغۇزلۇق سېزىمى كەلدى، ئىچىنى بوشىتىۋالىدىغانغا بىرەر لېتىر بولسىمۇ ھاراق بەرسە بولاتتىغۇ دېگەن ئارزۇدا بولدى. ئۇ بىر پەس بىئارام بولغان، بىر پەس ئازابلانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى توما تونۇشتۇرغان ھېلىقى "ئانالگىن" نىڭ ئىدارىسىگە 17-تۇرالغۇغا سەھىيە تېخنىكى ئەۋەتسەڭلار دەپ تېلېفون بەردى. دورۇس، بۇرۇن بۇنداق كېلىشىم يوق ئىدى، شۇڭا بۇ سايىسار ئۆزىنىڭ ئورنىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن چاقىرمىسىمۇ 11 قېتىم كەلگەنىدى. ئەمما كلاۋا قاتتىقلىق قىلدى، ھەر بىر قېتىمدا، تومانىڭ

ياردىمىدە قىلچە تۈزۈت قىلمايلا ئۇنى يولغا سېلىپ تۇردى. ئەمما، هازىر، چاي مەيدانىدا ئولتۇرۇۋېتىپ سائىتىگە چاندۇرماي قاراپ قويدى. ئادەتتە ''هەم ئانا، هەم ئاتا'' ئوله بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كېتەتتى، شۇڭا كلاۋا بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ باھانىسىدە چىقىپ كېتەرمەن دەپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ''هەم ئانا، هەم ئاتا'' ئوله ئورنىدىن تۇرۇشىغا (''بالامغا قاراپ باقاي!'' دەپ)، ئۇ غىپپىدىلا تاشقىرىغا چىقىۋالدى.

سىلىسار تامغا يۆلەنگىنىچە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئايال كىشى دېگەن ۋاقتنى ھېسابلاشنى بىلمەيدۇ دەپ بىردەم غوتۇلدىغاندىن كېيىن، لىفتقا چۈشۈپ كلاۋالار تۇرۇشلۇق قەۋەتكە چىقتى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى كلاۋا كېيىن چىقىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچسۇن، لىپاتىيەنى چاقىرىپ (ئۆيدە بار بولسا)، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئەتە ئەتىگەنگىچە مېنى ئىزدەپ كىرمەڭلار دەپ قويسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. كلاۋا ئازراق ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۆيىگە كىردى. ھېلىقى سەھىيە تېخنىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئۇ ئاستاغىنا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. كلاۋا يېرىم لىتىر ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، مونچىغا كىرىپ كەتتى؛ يۇيۇنۇپ بولۇپ بۇرۇنقى كىچىك كۆڭلىكىنى كىيدى. ئەمدى ئۇ راستلا كاۋاپقىلا ئوخشاپ قالغان، ئەسلى ھالىتىگە قايتقانىدى. بۇ ئارىلىقتا سىلىسار يېرىم شىشە ھاراقنى ئىچىپ بولغانىدى.

ئايالنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلىش مۇمكىن، ئەمما ھېچكىم ئۇلارنى مۇھەببەت تەقەززالىقىدىن مەھرۇم قىلالمايدۇ. ئايال كىشى قانچە قېتىم ئالدانغان بولسۇن، خەق ئۇلارنى قانچە قېتىم ئالداپ كەتكەن بولسۇن، قىلچىلىك ئىمكانىيەت بولسىلا، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەـ

قىيەت قازىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئايال كىشى تونۇلۇشىدىلا شۇنداق، بۇنى ھەرقانداق ئىجتىمائىي تەرەققىيات، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ياكى باشقا جەھەتتىكى تەرەققىيات قىلچە ئۆزگەرتەلـ- مەيدۇ. شۇڭا، شىركەيىپ بولغان مېھمان ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرگەن كلاۋانى تارتقاندا، كلاۋا بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانـ- لىقىنى دەرھال بايقىدى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن-دە! يۈرىكى ئوت بولۇپ يانمىسا، مېنى شۇنچە قىزغىن تارتاتتىمۇ؟ شۇنداقمۇ بولارمىدى؟ شۇنداقمۇ؟...ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئەنە شۇنداق ئويلاۋېتىپ، ھېلىقى ئون رۇبلىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇچرىغان ھاقارەتـ- تىنمۇ، ياكى چايدا ئۈچ يۈتۈم ھاراق ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈنمۇ، كلاۋا پالاققىدە يىقىلدى....

## 4

كۈنگە جۈمە، لىيۇدمىلا پاۋلوۋنا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپا باشلىقى ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى چاقىرتتى. ۋىرونىكا ئىشخانىـ- دىن بىردەمدىلا چىقتى ۋە يېنىپ كېلىپ: سائەت تۆتتە يىغىن ئېچىـ- لىدىكەن، دېدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپا باشلىقى يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەڭ مۇھىمى، بۈگۈن ھەممىڭلار ئىقتىسادچىللىق مەسىلىسىنى ئويلىنىپ قويۇڭلار. مەسىلەن، توك، مايلىق قەغەز، ئاق قەغەز ئىشلىتىشتە تېجەشلىك بولۇش مەسىلىسى. ھەممە ئەھۋالنى ماڭا يېزىپ تاپشۇرۇڭلار. تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە تەييارلاپ قويىدىكەنمىز، ئۆمەكتىكىلەر بىزنىڭ ئاكتىپلىقىمىزنى كۆرۈپ قويسۇن. يەنە بىر

ئىش، مەجلىستە جىم ئولتۇرۇپ كەتمەڭلار. لىننا، سىزغۇ بىرىنچى بولۇپ سۆزلەيسىز. يەنە قايسىڭلار سۆزلەيسىلەر؟

— مەن، — دېدى گالىنا سېرگېيېۋنا.

بەلگىلىمە بويىچە يىغىنغا كەلسىمۇ، يىغىن تۈگىگىچە ئولتۇرسىمۇ ھېچقاچان پىكىر بايان قىلمايدىغان گالىنا سېرگېيېۋنانىڭ بۇ قېتىم بىردىنلا ئاكتىپ بولۇپ كەتكىنىگە ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. قىزلار گەپ قىلماي تۇردى، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا ئەمدى سورىماي قويدى.

ھەممە يىغىنلار ئىش ۋاقتىدا ئېچىلاتتى، يەنە كېلىپ قەتئىي تۈردە تەرتىپ بويىچە ئېچىلاتتى: ئاۋۋال بىرەيلەن دوكلات بېرەتتى، كەينىدىن ئىككىيلەن سۆزلەيتتى، ئاخىردا قارار ماقۇللىناتتى. ئەمما، بۈگۈنكى يىغىن باشقىچىرەك يىغىن ئىدى، خىزمەت تەكشۈرۈشكە ئادەم كېلەتتى، لېۋدمىلا پاۋلوۋنا يوليورۇق بېرەتتى، شۇڭا ئىككىنچى قېتىملىق چاي ئىچىش ۋاقتى ئېلىنىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ گالىنا سېرگېيېۋناغا يوليورۇق بېرىش تەلەپپۇزىدا ئەمەس، مۇنداقلا سوراپ بېقىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلدى:

— نېمە توغرۇلۇق سۆزلىمەكچىسىز، گالىنا سېرگېيېۋنا؟

— ئۆزەمنى تەنقىد قىلماقچى، — دېدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ياخشىغۇ، — دېدى باشقارما باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — ئۆزىنى تەنقىدلەشمۇ بەك مۇھىم.

ئۇ بۇ يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. چۈنكى ئۇ بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان، بەزى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كۆرگەن، بەزى ئەھۋاللارنى ئىگەللىگەنىدى، شۇڭا، پىرىنسىپال،

سەممىي، ئاق كۆڭۈل دېگەن تەسىراتنى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن، مۇئاۋىنىم تەختىتىن چۈشۈش ئالدىدا ئەنۋى چىرايلىق گەپلەرنى قىلىدۇغۇ، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ يەنە: مۇئاۋىنىم ئىشكىنى جاقىلدە يېپىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، يا بولمىسا، چىچاڭشىپ تۇرۇپ كەمچىلىكلەرنى ئاشكارىلاپ، ئارتۇق-چىلىقلارنى يوشۇرۇشى مۇمكىن، دەپمۇ ئويلىدى ۋە ھەر ئىككىلا ئېھتىمالغا تەييارلىق قىلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا جەڭنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى.

گالىنا سېرگېيېۋنامۇ جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدى. ئېرى ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرما بېكىتىپ، تاكتىكا بەلگىلەپ بەرگەن، كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى مۆلچەرلەپ، يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى:

— ھەممە كوزىر بىزنىڭ قولىمىزدا. جەڭگە يۈرەكلىك كىرىڭ، بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىڭ. قانچىكى باتۇرلۇق كۆرسەتسىڭىز، ئۇ ئورنىنى شۇنچە چاپسان بوشىتىدۇ. ھەرىكەت قىلىڭ!

چوڭ ئاياللار دەككە-دۈككىدە، ياش قىزلار خاتىرجەمسىزلىكتە تۇراتتى، ئەتىر، يۈز مېيى ۋە گىرىم پۇرىقى بىلەن تولغان باشقارمىدا ھاۋا قېتىپ قالغاندەك بىلىنەتتى، كلاۋادىن باشقا ھەممەيلەن بىر بوران چىقىدىغان بولدى دەپ تۇرۇشماقتا ئىدى. كلاۋالا ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، چۈنكى ئۇ بۇنداق يىغىنلارنى ئۆزى بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارايتتى: ئۇ ھېچقاچان يىغىنلاردا پىكىر بايان قىلمايتتى، ئۇنى ھېچكىممۇ تەقدىرلىگەن ئەمەس، شۇنداقلا ھېچكىممۇ تەنقىدلىگەن ئەمەس. يىغىنلاردا ئۇ موللام مۇشۇك بولۇپ جىم ئولتۇراتتى،

ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا بىمالال باش قاتۇراتتى. دۇرۇس، بۈگۈنكى يىغىندا ئىقتىسادچىللىق مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندۇ؛ ئۇ چىقىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى ۋە بىر ھازاغىچە ئۇھ تارتىپ خورسىندى، كېيىن تۇيۇقسىزلا بىرنەرسە ئېسىگە كېلىپ، خېلى قىممىتى بار بىر تەكلىپنى قەغەزگە دەرھال يازدى. ئەلۋەتتە، قەغەزگە ئېيتىنى يېزىشى كېرەك ئىدى، ئەمما مۇشۇ چاغدا "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە ھۆججەت جازىسىنى رەتلىشىپ بەرسىگىز دەپ قىچقىرىپ قالدى، ئۇ ياردەمگە كەتتى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ماھىر كىچىك ناتاشا ئۈستەلدىن ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋناغا بەردى. بۇ چاغدا يىغىن باشلىنىپ قالدى: باشقارما باشلىقى ئىقتىسادچىللىق مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلىمەكتە، قىزلار ئۈن-تىنسىز ئاڭلىماقتا، ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى مېھمانلار كۆرەڭلىك بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتماقتا. كلاۋا سەھىيە تېخنىكى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىدىكى ئەھۋالنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

بۇ چاغدا لىۋدمىلا پاۋلوۋنا گېپىنى تۈگەتتى. ئۇ ئورۇندۇقىغا سالاپەت بىلەن كېلىپ ئولتۇرۇپ، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋناغا قاراپ قويىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە، مېھمانلاردىن بىرى — كۆزەينەكلىك، سۆرۈن تەلەت ۋىجىك بوۋاي — قەغەزنى پۇلاڭلاتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، قالپاقلىق مىخ ۋە باشقا مىخلارنى تېجەش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دوكلات ناھايىتى جانلىق بولدى. ئەمما، بىزنىڭ قولىمىزدا سىلەرنىڭ خادىملاردىن بىرى بەرگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر تەكلىپ بار، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: "سان-سىپىرلارنى قايتا-قايتا كۆچۈرۈۋەرسەك، ھەممە ئىش قالايمىقان بولماقتىن

باشقا گەپ يوق، بىزنىڭ بۇ ئورۇننىڭ ئىشكىنى تاقاپىلىۋەتسە، ھەقىقىي ئىقتىسادچىللىق دېگەن شۇ بولىدۇ.» مېنىڭچە، بۇ تەكلىپ ناھايىتى ئورۇنلۇق. خېلى ئورۇنلۇق!

— بۇ چاتاقنى باشقىلارغا دۆڭگەپ سالماسلىق كېرەك! — دېدى باشقارما باشلىقى قاتتىق ئاۋازدا، — باشقارمىمىزدا ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلمىغانلىقىنى قۇرۇق گەپ بىلەن ياپىدىغانلار بار.

— مەن بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلەي، — دېدى گالىنا سېرگېيېۋنا، — مەن ئۆزەمنى تەنقىدلەپ ئۆتمەكچى.

بۇ گەپلەر كلاۋانىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندى. ئۇ پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى ئويلاۋاتاتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئۇمۇ باشقىچە ئاھاڭ بىلەن چىققان گەپلەردىن بىرنېمىنى بايقىغاندەك بولغانىدى، ئۇ مۇشۇنداق خىرەلىكتە بىر كىمنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى-دە، قەددىنى رۇسلىدى.

— ...مەن ساموۋانىڭ بىخەستىلىكىنى ئاقلاۋاتقىنىم يوق. ئەمما، سوۋېت رەھبىرىي خادىملىرى خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات پۇلىنى خالىغانچە تۇتۇۋالسا بولىدۇ دېگەن ھوقۇقنى بىزگە كىم بېرىپتۇ؟ يەنە كېلىپ، بۇ مۇكاپات پۇلى قاراپ تۇرۇپ كوللېكتىپ يەپ-ئىچىشكە سەرپ قىلىنغان!...

كلاۋا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيلا قالدى: بۇ گەپ گالىنا سېرگېيېۋنانىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ، ھە. گالىنا سېرگېيېۋنا قىزىرىپ-تاتىرىپ، ھۆرپىيىپ كەتتى، ئىككى بوۋاي بىلەن بىر موماي قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. قىزلىرى چوش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتقان، چوڭ ئاياللىرى خىيالغا پاتقان بۇ كوللېكتىپ بىراقلا ئېسىگە

كەلدى، ھەممەيلەن گىرىم قىلىۋالغان كالپۇكىنى يېرىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ سۆزلىگۈچىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. گاللىنا سېرگېيېۋنا ھەققىي ئايال سۈپىتىدە پاكىتلارنىڭ ئۆزىنى سۆزلەشكە ئامالسىز بولغاچقا، ئەمەلىي ئەھۋال، مىش-مىش گەپ، يالغان-ياۋىداق ئۇسەك سۆزلەر، قىياس-پەرەزلەر ۋە ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن غۇملارنى، ئەنە شۇنداق ئارىلاش-مىنى خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقان ئائىلىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيماقتا ئىدى.

لېۋدمىلا پاۋلوۋنا ئورۇندۇقتا مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان قىزلار ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر باشلىرىنى سىلكىشىپ ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك بېشىغا ئاق كىرگەن موماي خاتىرە يېزى-ۋاتقان بولسا، ئەمدى ئۆمەكتىكى ئۈچەيلەن بەس-بەس بىلەن خاتىرە يازماقتا ئىدى. ھەممەيلەن بەك ئىلھاملاندى، شۇڭا، قورق-قىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن يىغىن رىياسەتچىسى ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى، يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىنىمۇ، ھەتتا ئاساسىي قاتلامغا كەلگەن ھېلىقى ئۈچ مېھماننىمۇ ئەسلىرىدىن چىقارغانىدى. گاللىنا سېرگېيېۋنانىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، چوڭراق مېھمان باشقارما باشلىقىغا بۇرۇلدى.

— ئەقلىدىن ئازغان، — دېدى لېۋدمىلا پاۋلوۋنا.

ئۇ قىلچە تېرىكمەستىن، ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپلا سۆزلىدى. ھەممەيلەن، مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇش ئۇنىڭ توغرىلىقى، ئېغىر-بېسىقلىقى، رەھبەرلەرگە خاس ئاقىللىقىنىڭ ئەڭ ئوبدان پاكىتى، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشتى. باشقارما باشلىقى يۇقىرىدىكى

www.uyghurkitap.com

گەپىنى مۇنداقلا دەپ قويغانىدەك كۆرۈنەتتى، شۇ گەپتىن كېيىن، باشقارما باشلىقى ئۆزىنى ئاقلاشقا ئالدىرىمىدى، ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، يۈز-كۆزى قىزىرىپ كەتكەن، ئاشكارا ئىلىشىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا قاراپ قويىدى-دە، تۇساتتىنلا كىلاۋاغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— كىلاۋوچكا، بۇ پەسىللىك مۇكاپات پۇلىنى ئالدىڭىزمۇ؟

كىلاۋا گويا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك ئورنىدىن شاققىدە تۇردى-دە، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بېشىنى چايقىدى، ئۇ دەسلەپتە "ياق، ياق" دېمەكچى بولغانىدەك، كېيىن "ھەئە، شۇنداق" دېمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ باشقارما باشلىقىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان بولماستىن، "مۇكاپات پۇلى تارقىتىش جەدۋىلى" ناملىق ئۆز ئىمزاسىنى قويغان جەدۋەلدىن قورققانلىقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. كىلاۋا دەسلەپتە راست گەپ قىلماقچى بولدى، كېيىن راست گەپ قىلماي، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دېمەكچى بولدى.

— مۇكاپات پۇلىنى زادى قانداق بىر ياقلىق قىلدىڭىز؟

كىلاۋا ئاغزىغا پاختا تىقىلىپ قالغانىدەك گەپ قىلالمىدى، ياردەمسىز قالغان ھايۋاندەك ليۇدمىلا پاۋلوۋناغىلا قاراپ قالدى.

— ئاسقىسپ كەتمەڭ، راست گەپ قىلسىڭىزلا بولدى، — دېدى باشقارما باشلىقى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ كۈلۈپ قويۇپ، — سىز دېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ: ئۇلۇشكۈن يىگىتىم توي قىلايلى دېگەنىدى، ئائىلىلارنىڭ ھاياتىدا خۇشاللىنارلىق بۇ ئىشنى سەپداشلىرىم تەبرىكلىسە، چىقىم ئۈچۈن مۇكاپات پۇلۇمنى بەرسەم، مۇشۇنىڭغا رۇخسەت

قىلسىڭىز، دېدىڭىز. شۇ چاغدا ئىشخانامدا ھېلىمۇ ياخشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىمىزنىڭ باشلىقى ۋېرونىكا پروكوۋيېۋنا بىلەن بىزنىڭ جەمئىيەت ئەربابىمىز كىچىك ناتاشا بار ئىدى. خىجىل بولماڭ، كلاۋوچكا، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز بىزنىڭمۇ خۇشاللىقىمىز، كۆڭلىڭىزنى تامامەن چۈشىنىمىز، ھېچكىم سىزنى ئەيىبلىمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمگە، — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، لېۋدمىلا پاۋلوۋنا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا مەنىسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى، — ماڭا ئىككىلەن گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. ۋېرونىكا پروكوۋيېۋنا، سىز دەپ بېقىڭچۇ، كلاۋا ساموۋانىڭ مۇكاپات پۇلى ھەققىدىكى ۋەقە ئاشۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دەپ تېڭىرقاش ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتتى ۋېرونىكا پروكوۋيېۋنا، — پۈتۈنلەي توغرا.

— سىز دەپ بېقىڭا، ناتاشا؟ ساموۋا پەسىلىك مۇكاپات جەدۋىلىگە قول قويغانمۇ؟

— قويغان، — دېدى كىچىك ناتاشا دەرھاللا.

— كلاۋوچكا، ئەمدى سىز دەڭ، ئىشخانامغا قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىڭىزنى، بەختىڭىزنى دوستانە تەبرىكلەشكە ھەممىمىزنى قانداق تەكلىپ قىلغانلىقىڭىزنى، دەسلەپتە مېنىڭ قانداق رەت قىلغانلىقىمنى، ۋېرونىكا پروكوۋيېۋنانىڭ قانداق قىلىپ سىز ئۈچۈن گەپ قىلغانلىقىنى ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا تەرتىپى بويىچە دەپ بېقىڭا. ھە؟ دەڭا، كلاۋوچكا! دەۋېرىڭ، قورقماي دەڭ.

لېۋدمىلا پاۋلوۋنا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپلا قالماي، كەيپىياتىنى تىزگىنلىۋالغانىدى. كىچىك ناتاشا ھېلىقى ھەققىي ئەمەلىي ئەھۋالغا گۇۋاھلىق بەرگىنىدىن كېيىن، لېۋدمىلا پاۋلوۋنا

ئۆز ئورنىغا خاتىرجەم ئولتۇردى-دە، يەنە گەپ قىلىپ تۇردى:
ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئادىتى بويىچە، قول ئاستىدىكىلەرگە سەپسېلىپ
چىقتى. بۇ تاپتا، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى گاللىنا سېرگېيېۋنا بىلەن خىزمەتچى
كلاۋدىيە ساموۋانى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ۋە تەكشۈرۈش ئۆمەكـ
دىكىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەندىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاـ
تىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى، ھازىرقى سەپ ئەنە شۇنداق ئايرىلـ
غانىدى.

— ھوي، كلاۋدىيە، سىزگە قاراپ قالدۇق!

كلاۋانىڭ كۆڭلى قاراڭغۇ گەمىگە چۈشۈپ كەتكەندەك قاراڭـ
غۇلاشتى. مانا ئەمدى ئۇنى يالغانچىلىق قىلىشقىلا ئەمەس، ساختا
گۇۋاھچى بولۇشقىمۇ ئۈندەۋاتاتتى، ئۇ يالغانچىلىق قىلىشقىمۇ زورمۇ-
زور ماقۇل دېيىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇ ساختا گۇۋاھلىق بەرسە
قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يارنىڭ
گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا
ئىككىلا يول بار ئىدى، بىرى، گاللىنا سېرگېيېۋنانى غەرق قىلىش،
يەنە بىرى، ئۆزىنى غەرق قىلىش. ئۆزىنى غەرق قىلىش ئۇنىڭغا
بەك قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى؛ باشقىلارنى غەرق قىلىدىغان
ۋىجدانسىزلىقنى ئۇ ھېچقاچان قىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ گەپ
قىلالماي ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، بۇ چاغدا ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى.

— يالغان گەپ قىلساڭ، ئىشقا كەلمەيلا قوي، — دېدى ئېرىدىن
ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا كەينى تەرەپتىن پەس ئاۋازدا.

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانى ئىلادىن باشقا قىزلار
بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئىلا بۇ دۇنيادىكى ئادەم ۋە نەرسىلەردىن
ئۆزىنىڭ چىرايلىق يۈتىسى بىلەن كىلىشكەن مەيدىسىنىلا ھۆرمەتـ

لەيتتى. ناتاشامۇ مۇستەقىل قارىشى بار ئايال ئىدى، ئۇنى "مۇس-
تەقىل پادىشاھلىق" بولۇشقا شەرتى توشمايدۇ دېگەندىمۇ، ھېچ
بولمىغاندا "مۇستەقىل كىنەزلىك" دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ياتلىق بولۇپ
ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، ئېرىنىڭ ناتونۇش بىر قىز بىلەن باشقىچە
ئويلاشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىغان بىر ئەھۋالدا تۇرغىنىنى
كۆرۈپ قالدى. ئۇ چامادانىنى كۆتۈرۈپ دەرھاللا بىر دوستىنىڭكىگە
كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ئېرى كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋ-
ۇردى، سېنىڭسىز ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەلا دېگەندەك گەپلەر
بىلەن قەسەم ئىچتى، تاڭ ئاتقۇچە ئىشىك تۈۋىدە تىزلىنىپ چىقتى.
ناتاشا ئېرىنىڭ سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرىغا قاراپ ئېرىپ كەتمىدى،
بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەنلا، ناتاشانىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا
كۆكۈلىنى غەش قىلىدىغان، ئەمما ناھايىتى زامانىۋى ئېنىقلىغۇچى
قوشۇلۇپ قالدى. ئېرى كەتتى، مۇھەببەت جاراھىتىدىن تارتۇق
قېپقالدى. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا پرىنسىپقا قەتئىي
ئىشىنەتتى، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ھەرقاچان ئېتىقادىغا ئۇيغۇنلاش-
تۇرۇشقا تىرىشاتتى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كلاۋانىڭ قۇرۇق كاللىسىدىن غىل-پاللا
ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇگەشكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن (چۈشىنىشكە چولى-
سىمۇ يوق ئىدى، ئۇ ئاستا-ئاستا بىلىپ قالاتتى)، بەلكى پۈتۈن
ۋۇجۇدى، تېرىسى، ئىچكى ئەزالىرى ئارقىلىق ھېس قىلغانىدى.
شۇڭا، ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، سودايى بولۇپ قالغان يېزا
ئاياللىرىدەك ئۈنلۈك ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ! ياخشى كۆرمەيدۇ! مېنى ياخشى
كۆرمەيدۇ ئەمەسمۇ!...

ئۇ ۋارقىرىغىنىچە يىغلىغان پېتى سىرتقا چاپتى، كېتىۋېتىپ ئورۇندۇققا پۇتلىشىپمۇ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى، ئۇنى ئىزدەپمۇ تاپالمىدى، تاپال-مىغانىكەن، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يىغىن ئىلاجسىزلىقتىن كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

## 5

ناتاشا "ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا" بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئۇنى "ترويىسكايا" دەپ چاقىراتتى. ئەخمەقلەرچە مۇھەببەت ئۇنى "سوروكىننا" قىلىپ قويدى. بىراق، ئوخشاشلا ئەخمەقلەرچە غۇرۇر ئارقىسىدا ئۇ قىز ۋاقتىدىكى فامىلىسىنى قايتا قوللاندى، پەقەتلا ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئېنىقلىغۇچى قوشۇلغانىدى.

ھېلىقى ۋەھىمىلىك كۈنى ئۇ ئىشلەۋاتقاندا، كۆزى ئېنىق كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئۇنى شىپاخانىغا ئاپىرىشتى، كېيىن ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئۆزىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئېچىپ قارىۋىدى، ئۆزى ياتىدىغان كارىۋاتتا باشقا بىرىنىڭ ئېرى بىلەن ياتقانلىقىنى كۆردى. ناتاشا ھەممە نەرسە ئۆتمۈش بولۇپ قالدى، مۇھەببەت ۋە ھاياجان، ئۆي-ۋاق ۋە بالا، بىر-بىرىگە ماس سوقىدىغان يۈرەكلەر ۋە تۈگىمەس ئاۋارىچىلىكلەر، ئەيتاۋۇر، ئەقلى جايىدا بولغانلىكى ئايال كىشى بەخت دەپ ئاتايدىغان ھەممە نەرسە يوقالدى، دەپ ئويلىدى.

ناتاشا شۇ چاغدا يىغلىغىنىچە چامادانىنى كۆتۈرۈپ، غەزەپ-

ئاچچىقى بىلەن، ئالاقزادىلىك ۋە ئازاب ئىچىدە "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولەنىڭكىگە كەلدى. "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە ئۇنى ئېپ- قالدى ھەمدە ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە تەسەللىي بەردى، كۆيۈندى.

— نېمە بولسا بولسۇن، كەتكىنى كەتتى، ناتاشا!

ئەمەلىيەتتە، ناتاشا ھەممىدىن ۋاز كەچكىنى يوق، ئەمما ئۇ ئولەنىڭكىدە تۇرۇپ قالدى. ئولەنىڭ ۋالادىك دېگەن ئوغلى بار ئىدى. ئولە كېيىن تۇغۇلغان يالغۇز بالا بولغاچقا، ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلانغان بىر جۇپ ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ قالدى. ئولە بەخت-تەلەيلىك بولۇپ تۇغۇلغاندى، ھەربىي ئاپتوموبىلنى ئەسلىدىنلا ئەبجەق "موسكۋىچ" قا (ئولەنىڭ ئاتا- ئانىسى چۈشكەن) سوقۇۋەتكەن مەست شوپۇر بۇنى بىلسىچۇ كاشكى. بۇ ۋەقە بۇنىڭدىن يەتتە يىل مۇقەددەم بولغان، ئۇ چاغدا ۋالادىك بۇ دۇنياغا كەلمىگەنىدى، ئەمما ئولەنىڭ ھەممە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ بالا مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشتى. ئولە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن تولۇق غەيرەت-شىجائەت بىلەن ئۆتتى، ئىككى ئېغىز- لىق ئۆيىنى بىنادىكى بىر ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيگىمۇ تېگىشىۋ- ۋالدى. ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، 20 ياش چېغىدا تۇغدى. بالىنىڭ دادىسى مۇز توپ مەيدانىدىكى قىزغىن تاماشىبىن- لاردىن ئىدى. ئۇ ئولەنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇغۇتخانىنىڭ ئىشى- كىگە ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن ئەرۋاھتەكلا غايىب بولدى، ياش ئولە ئۇنى چۈشىدىلا كۆرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئولە ئۇنىڭدىن ئاغ- رىنىش ئورنىغا ئالاقە-مۇناسىۋىتىمىز بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە غالى- بىيەت مېنىڭ بولدى دەپ ھېسابلىدى. تەڭشەش باشقارمىسىدا،

www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئەل قايان، مەن شۇبان دەپ تۇرىدىغان مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلە ئېغىر ـ بېسىق، غەمكىن "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" بولۇپ قالدى. ئۇ چىرايىنى ئاچماي يۈرەتتى، سەپداشلىرىغىمۇ چىرايىنى ئاچمايتتى؛ بولۇپمۇ باشقارمىدىكىلەردىن تارتىنىپ يۈرەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئادەمنى چۆچۈتەرلىك مەخپىيەتنى خاتىرجەم ئېيتقىلى بولىدىغان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشالا بىلەتتى.

ئەمما، ئۇبدان ئويلاپ باققاندا، ئۇلەنىڭ مەخپىيىتى ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبى دەريادىكى قايىنامغا ئوخشايدۇ، ئەمما ھەممىلا قايىنامدا شەيتان بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇلەنىڭ "قايىنىمى"دا راستلا شەيتان بار ئىدى، بۇ شەيتانغا ھېچقانداق نەرسە — ھېلىقى مۇز توپ تاماشىبىنىمۇ، ۋلادىكىمۇ، ناتاشامۇ، يالغۇز ئانىنىڭ سەل ئېغىر كۈنلىرىمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۇلە بىركىمنى ياخشى كۆرۈپ — ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ دەۋرىيلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك — قالسا، مىجەزى ئۆزگىرىپ كېتەتتى، ئۆزىمۇ روھلۇق بولۇپ قالاتتى: شەيتان قايىنامدىن چىقىپ، تېنىدىكى سۇنى سىلكىنىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئەتراپىغا كۆز تىكەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلە ئۇنىڭ مىجەزىگە باقاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەرلەر، ھازىرقى ئەرلەر ۋە كەلگۈسىدىكى ئەرلەردىن ھېچ پەرقى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشاغا ئاسانلىقچە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان تاگەنكا ئويۇنلىرىنىڭ بېلەتىنى، ياكى كىنو سارىيىنىڭ كىنو بېلەتىنى، ياكى بولمىسا لېيكىن ياكى ئارا پوگاچېۋالار ئويناپ چىققان درامىنىڭ بېلەتىنى ئەكىلىپ بېرەتتى.

— تاسادىپىي ئۇچراپ قالدى، — دەيتتى ئۇ باشقا تەرەپكە قاردۋېلىشقا تىرىشىپ، — بارالمايدىغان بولدۇم، ئىسىت.

ناتاشا كۈلۈپ قوياتتى، بىلەتنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئاخىرقى پويىزغا چۈشۈپ قايتىپ كېلەتتى. يۈزى چوغدەك قىزارغان، چاچلىرى پاخپايغان، قىزغىن ۋە ئويچان ئۇلە ئاشخانىدىكى ئۈستەل يېنىدا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— قىزىقمىكەن؟

ناتاشا بىر باشتىن سۆزلىگىلى چۈشەتتى، ئۇلە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى، ۋايىجىنىمەي دەپ كېتەتتى، لېكىن خىيالى نەلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى. ناتاشا بۇنى ئوبدان بىلەتتى، كۆرەڭلىك بىلەن ئاغزىنى دومسايتىپ قوياتتىيۇ، ئۆزى ئويناپ كېلىۋاتقان ئويۇننى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇراتتى. ئەگەر ئۈچىنچى دېگەن ئادەم پەيدا بولۇپ قالمىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىپ كېتىۋەرگەن بولاتتى. بۈگۈن ناتاشا ئاخىرقى قېتىملىق پويىزدا قايتىپ كەلگىنىدە، ئىشىكنى شۇ ئادەم ئاچتى.

— دېمىسەم دېمىسەم، بۇ بىزنىڭ ناتاشاغۇ دەيمەن؟ توڭلاپ كەتكەنسىز؟ ئولېنكا، مېھمان كۈتۈش مۇزىكىسىنى چالايلى، چاي-پاي ئىچەيلى، ئاندىن بىر رومكىدىن شامپان ئىچەيلى!

ناتاشا ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىرىنچى قېتىم تۇرۇپ قالغىنىدا كۆزىيېشى، چامادان ۋە يۈگۈرۈكنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېسىگە كەلگەن بولسا، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ۋارقىرىۋېتىش قاملاشمايدىغاندەك تۇراتتى (ئۇنىڭ تويۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتكۈسى كەلگەن بولسىمۇ)، ئۇنىڭ يادىغا چامادانىنى ئېلىشمۇ كەلمىدى، ئۇلە ھېلىقى يوچۇن ئەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ

قارىماقتا ئىدى. ئەمما بۇ پەقەت تاشقى ئامىل ئىدى، ئىچكى ئامىل بىرلا، مۇشۇ ئىچكى ئامىل تۈپەيلىدىن، يەنە كېلىپ مۇشۇ بىردىنبىر ئىچكى ئامىل تۈپەيلىدىن، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

ھەممە چاتاق ئۇ ئەرنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن چىققان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ۋە ئىسسىق چىراي بۇ ئادەمنىڭ كۈلكىسى باشقىچە ئىدى. ياق، بۇ كۈلكە ئەمەس...يەلكە. يېيىلغان يەلكىلەر گويا يەر ئاستى پويىزىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشاش كەڭ... ياق، ئۇ يەلكە ئەمەس، چاچ. قېنىق زىغىر رەڭ قويۇق چاچلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاق سانجىلغان. بۇنداق چاچ ئايالالارنىڭ قولىنى ماگنىتتەك تارتىدۇ...ياق، ئۇ چاچ ئەمەس، كۆز، بوش قىسىلغان كۆل رەڭ كۆز، قىزلارنىڭكىدەك تال-تال ئۇزۇن كىرپىكلىرىچۇ تېخى. ھە، ياق، بۇ كۆز ئەمەس، كۆزنىڭ نۇرى! ئاۋاز! بوي! ئىككى بىلەكچۇ تېخى، ئادەمنىڭ شۇ بىلەكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرگۈسى كېلىپ كېتىدۇ، راستلا شۇ بىلەكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرسىڭىز، ئاسلاندەك تۈگۈلۈپ تۇرسىڭىز، بىر خىل سېھرىي سىزنى ئەركىلىتىدۇ، ئىسسىتىدۇ، ئىختىيارىڭىزنى يوقىتىسىز...

— نېمە بولدى، ناتاشا؟

ناتاشا خىيالدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئېسىگە كەلدى.

— مەنمۇ؟ ئامانمۇسىز. ئۇنىڭبىرسال تېخنىكا مۇزېيىغا شائىرلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا بارغانىدىم...

ئۈچەيلەن ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ شامپان ئىچىشكە باشلىدى. "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە كۈلۈمسىرەيتتى، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشامۇ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى، پەقەتلا بىرىنىڭ كۆزلىرى ياشقا

تولغان، يەنە بىرىنىڭكىدە ياش يوق.

— تىراللىبۇستا تونۇشۇپ قالدۇق، كۈلكىلىك بوپتۇمۇ؟ يەنە كېلىپ، شۇ زاماتلا، يول ئۈستىدىلا كۆيۈپ قالدىم، ئىشىنەمسىز؟ ھېچنېمىسىنى يوشۇرغۇم يوق، يالغانچىلىق قىلىش، يوق ئىشنى توقۇپ چىقىشقىمۇ تىلىم بارمايدۇ. مېنىڭ ئائىلەم بار، ئۇقتىڭىزمۇ؟ بالام يوق، ئۆيۈم يوق، ئەھۋال ئېنىق بولدىمۇ؟ ئاجرىشىپ كېتىش ئاسان گەپ، ئەتە ئاجراشسامۇ مەيلى، لېكىن بىرەر سەۋەب تېپىش كېرەك. شۇنداقمۇ قىزلار؟ ھازىر دانالار ئەخمەقلەرنىڭ يېرىنى ئاغدۇرىدىغان ۋاق، بۇنداق گەپنى ئاڭلىغانمىدىڭلار؟

ئۇ توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى، كۆزىنى ئولەدىن ئۈزمەيتتى. ئۇ كۈلسە يۈزى نۇرلىنىپ كېتەتتى، ئۇ كەتمەكچى بولغاندا سەھەر ۋاقتى بولايلا دەپ قالدى. ئولە ئاشكارىلا (ناتاشانىڭ ئالدىدىلا!) ئۇنى سۆيۈپلا كەتتى، ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ قويۇۋەتمىدى، تېخى كىچىك قىزلاردەك ئەركىلەپ تۇرۇپ: "كېتىسىڭ، ئەتتىك كېتىسىڭ. خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى" دېدى. ئەركىشى ئاخىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە ئىشىكنى يېپىپ، كەينىگە بۇرۇلدى-دە، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىشىككە يۆلەندى. ئۇ ناتاشاغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— قانداق؟...

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا: ئۇ قىزىلكۆزلۈك قىلىشى مۇمكىن، ئۆينى دەپ سىزگە يېقىنلاشقان، گەپچىلىك قىلىدىغان ئادەمكەن، مۇتتەھەم ھەم چىرايلىق، ھەم مۇتتەھەم كۆرۈنىدۇ، قايسى تەرىپى ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دەپ كۆڭلىدىكى راست گەپنى قىلماقچى بولدىيۇ، ئولەنىڭ كۆزىگە

قاراپ، بۇ گەپلەرنىڭ ئۆلەگە خۇش ياقمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— ئۇخلاپ قالايلىچۇ، — دېدى.

— كۆزۈك قىزىرىۋاتىدۇ!... — دەپ لەززەتلىنىپ ئۇنلۇك تۇۋلىدى "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئۇلە تەپتارتماستىن.

كېيىن كلاۋانىڭ مۇكاپات پۇلىغا ئايال‌لار چاي قىلدى. تەكەببۇر مېڭىسىدىن ھەرقانداق قىلىپمۇ چىشلىرى ئاپئاق ئىگور ئىۋانوۋىچنى چىقىرىۋېتەلمىگەن ناتاشا ھەر بىرەيلەننىڭ نېمىشقا بۇنداق ئاز پۇل بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلالماي قالدى. ئىگور ئىۋانوۋىچنىڭ يۈزى نۇرلىنىپ تۇراتتى، ناتاشا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكتەك كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى، ئۇ تېخى ناتاشاغا كۆزىنى قىسىپ قويدى. گەپتىن گەپ يوقلا كۆزنى قىسىپ قويۇش ياخشى ئەمەس، خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى كۆز قىسقىنىنى "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئۇلە كۆرمىدى. كېيىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنى بولغاندا، مەتۇ كلاۋا ۋە باشقىلار بۇرۇنقىدەك جىم ئولتۇردى. بىراق، گالىنا سېرگېيېۋنا توساتتىنلا باشقىلارنى پاش قىلغىلى تۇردى. يەنە شۇ ئەخمەق كلاۋا...

— يالغان گەپ قىلىساڭ، ئىشقا كەلمەيلا قوي، — دېگەنىدى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا شۇ چاغدا پەس ئاۋازدا.

ئىگور ئىۋانوۋىچ ھەپتىدە ئۈچ-تۆت قېتىم كېلەتتى، "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئۇلە گىدىيىپ كېتەتتى، شۇڭا ناتاشا يېڭىدىن تونۇشقان بۇ ئادەم ئادەتتىكىچە ئادەم ئەمەس، خوتۇنىنى ئالداپ يۈرگەن ئادەم، دەپ خۇلاسە چىقارماي تۇرالمىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم بۇ يەردە تۈنەيدۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئايالىغا نېمىلەرنى

دېگەندۇ، ئۇلە بۇنى بىلىشكە قىزىقمايتتى: ئاياللار ئۆزى ئالدام خالتىغا چۈشسە چىدىيالماي كېتىدۇ، ئەمما، باشقىلارنى ئالداشقا نېمىشقىدۇ بارا-بارا چىداپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىۋانوۋىچ ئۇلە ۋە ۋلادىك بىلەن قىزىقىپ ئوينىدى، ئىككىلىسىنى ياكى بىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ، قىزىقچىلىق قىلدى، پاراڭ سېلىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ، ئۆينى بېشىغا كىيدى، ئۇ كەلگەندە شاكىلات كەمپۈت ئالغاچ كېلەتتى، ھەربىر ئېغىز قىزىق گېپىنى سوئال بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇلە ئۆزىنى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان ھۆر-پەرىلەردەك سېزەتتى.

— تىراللىبۇس بىلەتتى ئېلىپ كەلگەن بەخت بۇ، ھەيران قالارلىقمۇ؟ ھە؟ بۇنداق ئىشنى كىنولاردا كۆرۈپ ئىشەنمەي يۈرگەندۇق، شۇنداقمۇ؟

ئەمدى "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئۇلەنىڭ "زامانىمىزنىڭ كىشىلىرى" تىياتىرىغا ۋە "ئارتىسلار ئائىلىسى"گە بېرىشقا چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئوچۇق ئېيتقاندا، ناتاشا بىلەنمۇ كارى بولماس بولۇپ قالدى. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا بۇنى دەرھاللا بايقىدى، ئۇنى ھازىرغىچە بېشىدىن ئۆتمىگەن ئەجەللىك يالغۇزلۇق غۇژژىدە ئورىۋالغاندەك بولدى. ئۇ كىنوخانا ياكى قەھۋەخانىدا ئەخمەقلەر، ھاماقەتلەرنىڭ يۈزى قېلىنلىق قىلىپ يولسىزلىق بىلەن چاپلىشىۋېلىشلىرىغا چىداپ، كېيىنرەك قايتىپ كېلىشكە تىرىشتى. ئەمما يەلكىلىرى كەڭ، ئاۋازى يېقىملىق، قاراشلىرى مېھرىلىك، كۆلۈشلىرى سېھىرلىك لەنتى ئىگور ئىۋانوۋىچنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى مېڭىسىدىن پەقەتلا چىقىرىۋېتەلمىدى. ئەتتەگەي، ئۇ ئاشۇ بىلەكلىرىنىڭ ئارىسىغا ئەخمەق ئۇلەنى قانداقلارچە ئېلىپ قۇچاقلىۋالغاندۇ (ئۇلەگە

www.uyghurkitap.com

ۋلادىك كۇپايە قىلالمامدىكىنە!)، يەنە كېلىپ ئاشكارىلا قۇچاقلىدى، خۇشال ھالەتتە، چاقچاقلىشىپ ۋە شاقىخو گەپ قىلىشىپ تۇرۇپ قۇچاقلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ كىشى تامامەن ئۆيىنى دەپ كەلگەن، بولمىسا نېمىنى كۆزلەيتتى؟ ئۇلە ئادەتتىكىلا ئايال تۇرسا، كۆز چۈشىكۈدەك بىرىبېرى بولمىسا، غۇرۇرىمۇ بولمىسا، ئۇبدانراق قارىسىڭىز، پۇتى قىسقا تېخى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ دېگەن تۇل قالغان ئانا، "ھەم ئانا، ھەم ئاتا". ھىم، گەپنىڭ راستى، "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" لارغا كىممۇ سەپسېلىپ قارايدۇ؟ قارىمايدۇ. ئۆزى ئىزدەپ كېلىدىغانلار چىقىپ قالسىمۇ، ئۇنداقلار كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ. ھازىر توت كوچىغا كەلگەندىلا قەدىمنى توختىتىپ، بىردەمدىن كېيىن ئولېمپىك دەملىشىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەردەك تەرەپ-تەرەپتىن ئۈچقاندەك ئۆتۈشىدىغان قىزلار جىق. توساتتىن پاكار ئۇلەنى ئېپقالىدىغان كىم بار؟ ياق، ئىگور ئىۋانوۋىچنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆزلەۋاتقىنى ئېنىق، ئىگور ئىۋانوۋىچنىڭ ئاشۇ 24 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيگە كۆڭلى چۈشكەن...

ناتاشا ھەر كۈنى ئەمەس، ھەر سائەتتە دېگۈدەك ئاشۇنداق خىيال سۈرەتتى، ئاشۇنداق ئويلايتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئويلىرىنى ئۇ ھېچكىمگە دېگىنى يوق، ئىما قىلغىنىمۇ يوق، بۇ ھەقتە بىر ئېغىز گەپ قىلغىنىمۇ يوق. بۇ "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئۇلەنىڭ بىكار ئاۋارە بولۇۋاتقىنىدىن بىشارەت بەرگەنلىكىدىنلا ئەمەس، — ئۇلە قۇيۇننىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان، بەختكە چۆمگەن، ھازىر ھوردەك ئاسمانغا ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە — ئىردىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ ئۆيگە ئېرىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئازابلانغانلىقىدىن بولغانىدى، شۈك-

لاشقا، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا دۇشىنى يوغان ئېچىپ قويۇپ، ئىككى قېتىم ھۆكرەپ يىغلىۋالدى.

## 6

شەنبە كۈنىمۇ ئىشقا بارىدىغان كۈنلەردىكىدەك ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىلاۋانىڭ قاسغۇدەك ئۆي ئىشلىرى بولمىسىمۇ، بىر ئېغىزلىق ياتىقى بار، ياتىقىنى بىر غېرىچ-بىر غېرىچتىن تازىلاپ پاكپاكىز قىلىۋېتىدۇ. بۈگۈن ئۇ راستىلا ئادەتتىكىدىن بىر سائەت كېيىن تۇردى، ئەمما، يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتمىدى، چېچىنى ئېچىپ بولۇپ، قولىغا چىققان كىيىمىنى كۆڭۈلشىمەيلا كىيدى-دە، تار كىيىمى بىلەنلا تازىلىققا چۈشتى. ئىشكىنىڭ سول تەرىپىدىن باشلاپ تامنى سويۇق سوپۇن، ھۆل دەسمال ۋە قۇرۇق لاتا بىلەن ئالدىرىماي، كۆچەپ سۈرتكىلى تۇردى.

كىلاۋا ئۆي يىغىشتۇرۇش، كىر-قات يۇيۇش قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتىن زېرىكمەيتتى، كىيىم دەزماللاشقا تېخىمۇ ئامراق ئىدى. ئومۇمەن، ئۇ ئىدارە، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئەمەس، ئۆي، ئائىلە ئۈچۈن ياشايتتى. ئۆيىدە ئىناقلىق ئاساسىي ئورۇندا ئىدى. ئۆيدە كلاۋا ئەقىللىق، زېرەك ئىدى، ئۆيدىكى سەرەمجانلارنى ياغدا ياغلىغاندەك پارقىرىتىۋېتەتتى، ھۇزۇر بەخش ئەتكۈدەك قىلىۋېتەتتى، سەينىمۇ يېپىشلىك قورۇيتتى. باشقارمىدا بولسا نادانلىشىپ قالاتتى، كاللىسى ئىتتىك ئىشلىمەس بولۇپ قالاتتى، جاپا تارتىپ كېتەتتى، تارتقان جاپاسىغا چۈشلۇق ئىشنى جايىدا قىلىسىمۇ كاشكى، ھېلى ئۇنى يوقىتىپ، ھېلى بۇنى ئۇنتۇپ قېلىپ، سۆرەم-

پالاسلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى.
كلاۋا تامنى كۆچەپ سۈرتۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ سورىغان لەنىتى سوئاللىنى ۋە ھېلىقى سىلېسار بەرگەن قاباھەتلىك جاۋابىنى ئويلاپلا تۇردى. بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنچە ئەلەم چەككەن، شۇنچە ئەنسىز-لىكتە ئۆتۈپ كەلگەن، شۇنچە جىق ياش تۆككەن كلاۋا ئەمدى ئۇنىڭ سىرتىقىنى ئالالمايدىغانلىقىغا ئىشەندى، مەن ئەخمەق ئەجەبمۇ شور پېشانە ئىكەنمەن، غەيرەتلىنىپ، ھېلىقى ساپېسارنى بوسۇغامدىن ئىككىنچى ئاتلىيالمايدىغان قىلىۋېتىشىنىڭ ئامالىنى قىلىشىم كېرەككۇ دەيتتى.
مۇشۇ شەنبە كۈنى ئۇنىڭ باشقارمىسىنىڭ باشلىقىمۇ ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئىشنى كىچىك ناتاشا قىلى-ۋاتاتتى، ليۇدملا پاۋلوۋنا بولسا تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئالدىدا دوست-يارانلىرىنىڭ ئىسىملىكى تۇراتتى، ئۇ قارىماققا ئۇششاق ئىشلار توغرۇلۇق قۇرۇق پاراڭ سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلاردەك ئۆزىنىڭ مەنزى-لىگە قەدەممۇ قەدەم بىمالال يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى.
— سىز ۋىتالى سېمىيونوۋىچ بولامسىزا؟ ئامانمۇسىز، ۋىتالى؟ سىزگە بىر ئۆيلۈك ئادەمدەك گەپ قىلىپ، تېلېفون بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بۇ ئۆمرىڭىزدە تاپالمايسىزغۇ دەيمەن. ياق، مەن ئىلىنا پېتروۋنا ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، ئەمەس. مەن ليۇدا. قايسى ليۇدا؟ سىزدىن بىر سىنىپ كېيىن ئوقۇغان، ئىچىدە سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىم ئىدى؟ چوكچىلىق قىلىپ، ئېسىڭىزگە كەلتۈرگۈڭىز كەلمەيۋاتقاندۇ. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مەن رىچكو، ليۇدملا رىچكو، ئېسىڭىزگە كەلتۈرەلىدىڭىزمۇ؟ ھەئە، دەل شۇ. قارىڭا، قانداق

تۇردىڭىز، ھازىرمۇ شۇنداق ياشمۇ؟ نېمە؟ ئانچە ياش ئەمەس؟ قويۇڭە، يالغان ئېيتماڭە، سىلەر ئەرلەرچۇ، بىزنىڭ ئېلىمىزدە 100 ياشقىچىمۇ قېرىمايسىلەر. نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى دەمسىزا؟ قارىڭا، كوستە سماكىن نەدە؟ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە بىر مەزگىل ئىشلىدىغۇ دەيمەن؟ ساۋاقداشلاردىن ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار بارمۇ، بىلمەيمەن دېدىڭىزما؟ ماقۇل ئەمىسە، گېپىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، خەير، سىزنى سۆيۈپ قالىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرايلى...

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئىسمىلىككە بەلگە سالدى، ئاندىن يەنە بىر نومۇرنى چۆرىدى:

— سىز فېدور ستېپانېچمۇ؟ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ ليۇدمىلا رىچكو سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. قايسى ليۇدمىلا دەيسىزغۇ؟ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىڭىزدا سىزنى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن كىم ئىدى؟ مەن، سۆيۈملۈكۈم، مەنچۇ! نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز دەمسىز؟ بىر باشقارمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. مۇنداق ئويلاپ قالدىم، ياش چاغلىرىمىزدىكىدەك مېنىڭكىدە جەم بولساق دەيمەن. نېمە دەيسىز؟ چىدىيالمايمەن دەمسىزا؟ ماقۇل، كېلەلمىسىڭىز مەيلى! قارىڭا، ساۋاقداشلاردىن بىرەرىنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغان يېرىڭىز يوقما؟ يوق؟ ھەممىڭلارنى بىر يىغقۇم بار ئىدى، بۇنىڭغا قىزىقاتتىم. ماقۇل ئەمىسە، كېلىپ تۇرارسىز، خوش، سىزنى سۆيۈپ قالىمەن...

ئۇ ئىسمىلىكتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئەتىگەندىن باشلاپ تېلېفون بېرىپ چىقتى، لېكىن نەتىجىلىك يولى تېخىچە تېپىلمىغانىدى. ليۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتتى، ئۆزىمۇ سالپىيىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى، كۆنمۇ كەچ بولۇپ قالـدى، ئەمما مەنزىـل ئەتىگەنكىدەكلا يىراقتا ئىدى.

ــ دىنائىدا سىدورووۋنامۇ؟ دىناچكا، تىنچلىـقمۇ، سۆيۈمـلۈكۈم سىنى سۆيۈپ قوياي، چىرايلىقىم! سەن گۈلدەك چىرايـلىق جۇمۇ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولۇپ كەتتى...

ياق، يىپ ئۇچى تېپىلمىدى، كىرەكلىك ئادەم تېخى يوق ئىدى. لىيۇدمىلا پاۋلوۋنا يىلتىز تارتىپ قالغانـدەك مىدىر ـ سـىدىر قىلـماي ئولتۇراتـتى. شۇ چاغـدا كىچىـك ناتاشا بىر كىـچىـك تەشتەكـنى چېقىۋەتتى.

ــ هازىرلا قاداپ قويۇڭ، تۈكۈرۈك بىلەن چاپلىسىڭىزمۇ چاپلاڭ! سىلەردەك نادانلارنى ئوبدان ئەدەبلەپ قويمىسا بولمايدۇ...

شۇ چاغدا لىيۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭ كالـلىـسىغا بىردىـنلا بىرئوي كەلدى، ئاشۇ "نادانلار"نىڭ قىلىقى ئىلهام بېغىشـلىدىـمۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى، ئاياللارنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ تەلەپ تۇپەيلىدىن، ئۇ تۇيۇقسىزلا گالىنا سېرگېيېۋنانى ئېسىگە كەلتۈردى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى هېچقاچان ئېسىدىن چىقارغىنى يوق، بۇ چاغـدا ئۇ گالىنا سېرگېيېـۋنانىڭ ئۆزىـنى ئەمەس، ئەپۇ قىلىپ بولمايدىغان تويىنى قىلىۋالغانلىقىـنى ئېسـىگە كەلـتۈرگەنىـدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: بۇ چايان ئېرىنىڭ دۆلەتتە ئوبدان ياشاۋېتىـپتۇ ـ مىش، ئېرى ئاپتوموبىل شوپۇرى ئىمىش،... نەدە ئىشلەيدىغاندۇ؟... هە راست، پاۋىل ئىۋانوۋىچـنىڭ قول ئاستىدا!!

ــ ماڭا پاۋىرـىي كېرەك، تېلېفـونغا ئـىتتىـك چاقىرىۋەتسـىڭىز، هۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشەتتىم!

خۇداغا شۈكۈر، پاۋىل ئىۋانوۋىچ ئەقـلى ـ هوشى جايىـدا ئادەم

ئىكەن، ئۆزىگە كىمنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يوشۇرۇنچە كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگەللەپ بېقىش، چاندۇرماي سۆزلىشىپ بېقىش، ئۇستىلىق بىلەن بىشارەت بېرىشكە ماقۇل بولدى.

— پاشىنكا ئىۋانوۋىچ، ئويلاپ بېقىڭ، شوپۇرىڭىزنىڭ خوتۇنى بىزگە لازىملىق خادىم ئىدى، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇغىنىسى، كېرەكلىك ئادەملەردە كۆرۈلىدىغان بىر قىلىق ئۇنىڭدىمۇ بار، يەنى ئۇ دائىم ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىدۇ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنىدىڭىزمۇ؟ نېمە؟ ئۇ باھا جەدۋىلىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك؟ 20 كوپېك؟ بەك ئەرزانغۇ؟ دانالىق بىلەن باھانى چۈشۈرىدىڭىزغۇ دەيمەن. رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان سىڭىل-ڭىزنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىمۇ شۇ. قارىڭا، سىزگە قايىل بولدۇم جۇمۇ، خەير - خوش.

بۇ تېلېفوننى چارشەنبىنى ئۆتكۈزۈپ بەرسىمۇ بولاتتى، ئەمما ليۇدمىلا پاۋلوۋنا دۈشەنبە كۈنىمۇ ۋاقىتنى بىكار ئىسراپ قىلىۋەت-مىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا بىكىنىۋېلىپ تۈرلۈك لايىھەلەرنى ئويلاپ باقتى، قەغەزگە ئىسمىلىكىنى يېزىپمۇ چىقتى، مەكتەپتە تەتۈرىچە قىلىشنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئېغىزدا دېگەنىدىن قەغەزگە يازغان ئۈنۈملۈكرەك بولىدۇ دەپ ھېسابلايتتى.

سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ ھاكاۋۇر گالىنا سېرگېيېۋ-نانىڭ قاراشلىرىدىن ئالاقزادىلىك ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، بۇنى باشقىلار بايقىمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ليۇدمىلا پاۋلوۋنا بايقاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ليۇدمىلا پاۋلوۋنا بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇلۇشكۈن ھەممە تەلەپنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدىغان

پاشىنكا ئىۋانوۋىچقا تېلېفون بەرگەنىدى.

— ھەممە ئىش پۈتتى، — دېدى پ. ئىۋانوۋىچ، — شۇ چاغدا راستلا ماڭا كۆيۈپ يۈرگەنمىدىڭىز؟

— راست بولماي ئەمسە، — دېدى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا، — خوش. كېيىن تېلېفوندا سۆزلىشەيلى.

قارىمامدىغان بۇ كۆزلەرگە! چۈش بولماي تۇرۇپلا نېرۋىسى چىدىيالماپتۇ — دە، شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى "مۇستەقىل پادىشاھلىق" قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

— گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى باشقارما باشلىقى تىنچلىق سوراپ بولغاندىن كېيىن ھۆججەتنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ، — ئولتۇرۇڭ.

ئۇ "ئولتۇرۇڭ" دەپ بولۇپ، كىرگۈچىنىڭ تېزى سىقىراپ ئاغرىسۇن دەپ، بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۈچىنچى قېتىم جىمىلىق باسقاندا، ئۇ ھەيران قالغاندەك تەلەپپۇزدا سۆيلىدى:

— گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، گالىنا سېرگېيېۋنا.

ئىشخانىغا كىرىدىغان چاغدا گالىنا سېرگېيېۋنا يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ راسا بىر ئۇرۇشۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، ليۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئالدىراشلىقى ۋە ئىككى قېتىم جىم بولۇۋېلىشى گالىنا سېرگېيېۋنانى گاڭگىرىتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ گېپىنى ماھىيەتلىك مەسىلىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى:

— ليۇدمىلا پاۋلوۋنا، ئېرىم تۈنۈگۈن ئارىلىشىپ قالدىڭ دەپ...

دېمەك، چاقىرتىلدى. دېمەك، ئۇ ساختا ئىزاھات ئاڭلىدى.

— ئۇ بىركىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ؟ — دەپ كۆيۈنۈپ سورىدى باشقارما باشلىقى.

— دېمەك... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ دەرھال سورىدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى.

— ئېرىڭىز شوپۇرغۇ دەيمەن؟ ئاشنىسى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا چاتاق چىققان بولسا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنىڭغا بارلىق كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن. ئەلۋەتتە، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى بولمىغان بولسا. ماددىي زىيان مەسىلىسى بولسا، بىز مەڭگۈ بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

گالىنا سېرگېيېۋنا گاڭگىراپلا قالدى. ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىنى ئاقلىغىلى كەلگەن، شۇنداقلا داۋاملىق ليۇدمىلا بىلەن ئېلىششقا بەل باغلىغانىدى، ئەمما تۇيۇقسىز...

— بىر ئېغىز گەپ قىستۇرسام بولارمۇ، ليۇدمىلا پاۋلوۋنا، مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. مەن...

— مەن سىزنى بەك قەدىرلەيمەن، سۆيۈملۈكۈم، — باشقارما باشلىقى ناھايىتى تەسىرلىك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئۇھ تارتىپ قويىدى، — ھەتتا سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىز ئويلاپمۇ باقمىغانسىز. مېنىڭغۇ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى، سىز مەن بىلەن خوشلاشماقچى بولۇۋاتىسىز، مېنىڭ مەيدانىمنىڭ قەتئىيلىكى بىلەن سىزنىڭ يېڭىلىشقان يېرىڭىز ئەنە شۇ. ئەھۋال سىزگە مەلۇم، پات ئارىدا بىزگە يېڭى خادىملار شتاتى چۈشمەكچى، بولاردىن...

غارۇڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدىن ئاڭلىنىۋاتقان غۇڭ-غۇڭ گەپنىڭ ئومۇمىي مەنىسى چۈشىنىشلىك ئىدى، ئەمما بولارنى ئومۇملاشتۇرۇپ،

ئاردىكى مەنتىقىلىق باغلىنىشنى تېپىپ چىققۇدەك ئىقتىدار گاللىنا سېرگېيېۋنادا يوق ئىدى. ئۆزىگە كەلگەن ھاقارەت — قىسقارتىلىش، قولىدىكى كوزىر، دانىشمەن ئېرى، كېسەل قىزى، ئەخمەق ساموۋا ۋە باشقىرما باشلىقىنىڭ كۈچلۈك ھۆجۇمى، مانا بۇلار ئۇنىڭ كاللىسىدا ئارىلىشىپ كەتتى. باشقىرما باشلىقىغا ھەممە ئىش ئايان ئىدى، ھازىر ئۇ گاللىنا سېرگېيېۋنانى گويا بېلىق شورپىسى قىلىش ئۈچۈن بېلىقنى پارچىلىغاندەك مىجىپ پارچىلاپ تاشلاشنى ئويلاۋاتاتتى...

— ...ئىشىكنى تاقىشىمىز كېرەك، دەپ ساموۋاغا خەت يازدۇرغىنىڭىز قورقۇنچلۇق ئىش.

— ھېچكىمگە ھېرنەرسە يازدۇرغىنىم يوق، — دېدى گاللىنا سېرگېيېۋنا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بولدىلا، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزگە ئەقىلسىز كىچىك ناتاشاغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايمەن. باشقارمىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا قىلغان ھېلىقى گەپلىرىڭىز...

گاللىنا سېرگېيېۋناغا يەنە غۇڭ-غۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر-بىرسىگە ئارىلىشىپ كەتكەندى. تۇنۇگۈن ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كېلىپ ئۇشۇك چۈشكەندەك بولۇپ:

— ئەخمەق! ئىسپاتسىز سەكرەپسەن! كوزىرنى ئوتتۇرىغا ئاتماسەن! — دېگەندى.

— ...بۇيرۇق ئىمزالىنىپ بولدى، ئەمما ئايرىلىپ كەتمەكنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ھۆججەت خالتىسىدىن ئۆزى چۈشتىن ئىلگىرى يازغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، — بىزنىڭ قورۇلما سىستېمىمىز مۇنداق بولدى: مەن چوقىدا، ساموۋا

تەكتىدە، سىز ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاندىڭىز.

— مېنى ئېلىۋەتتىڭلارما؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قورقۇمسىراپ.

— ئۆزىڭىزنى ئەمەس، ۋەزىپىڭىزنى ئېلىۋەتتۇق، ۋەزىپىڭىزنى. بىز سىزنى ئېلىپ قالىمىز، سىز ۋىرونىكا پروكوۋىيېۋنانىڭ ئىشىنى قىلىسىز. ۋىرونىكا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ ئىشىنى، ناتاشا "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولەنىڭ ئىشىنى، ئولە لىنىنانىڭ، لىنىنا ئىلانىڭ، ئىلا كاتەنىڭ، كاتە دانىيانىڭ، دانىيا كىچىك ناتاشانىڭ، كىچىك ناتاشا ساموۋانىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق.

— ساموۋاچۇ؟

— ساموۋا؟ — دېدى باشقارما باشلىقى ئۇنىڭغا سۇرلۇك قاراپ قويۇپ، — سىزنىڭ ئەخمەقلىقىڭىزنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا چاپلىنىشى مۇمكىن، شۇڭا تەنقىدلىنىدۇ. دېمەك، ئويلىنىپ باقىدىغان گەپ.

— ھە...

— بىلىپ تۇرۇپتىمەن. شۇنداق، خىزمىتىڭىز ئۆزگەرگەندىن كېيىن 20 رۇبلى زىيان تارتىسىز. ئەمما مەن خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ۋىرونىكا ئىككىڭلارنىڭ خېلى ئورنى بولسۇن دەپ ماقۇللۇق بەردىم. مېنىڭچە، ئەمدى بىر-بىرىڭىزنى چۈشىنىشتۇققۇ دەيمەن؟

ئاھ، گالىنا سېرگىيېۋنانىڭ قەلبىدە قۇدرەتلىك بىر يانارتاغ پارتلاش ئالدىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بولدى! مانا، بۇ تاغ ياندى، بېسىمى ئۆرلىدى، سىرتقا قىزىل چوغ چاچراتتى، مۇشۇ تاپتا گالىنانىڭ بويىنى خورازنىڭ تاجىدەك قىزىرىپ كەتتى. مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، قوروپ

كەتكەن لەۋلىرىنى 100 ياشلىق مومايدەك يالاپ- يالاپ قويدى.
كېيىن ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، ملك تەسلىكتە:
— ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشاچۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەر بىر خادىمغا قولۇپ ئاچىدىغان بىر تال ئاچقۇچ تالـلاپ بېرىشكە ماھىر بولۇش رەھبەرنىڭ قابىلىيىتى بولىدۇ. — ليۇدملا پاۋلوۋنا پىسەنتسىز كۈلۈپ قويدى، شۇنداقلا سېھرىنى كۆرسىتىشتە ئەسلىدە زەئىپلىشىپ كەتكەن ۋاستىسىنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقا سالدى — ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ گەپ چىقتى:
— سىزگە ئارشاك سۆيى كېرەكمۇ؟...

## 7

ھەممە ئىش بۇرۇنقى قائىدە بويىچە كېتىۋاتاتتى. جەمئىيەت ئەربابلىرى ئەھۋالنىڭ ناچارلىقى ھەققىدىكى دوكلاتنى تېزلا يېزىپ چىقتى (ئۇلار ھوشيار تۇرغاچقا بۇ ئەھۋال پاش بولدى). ئەمما، ھازىرقى زاماندىكى سىرلىق قانۇنىيەت تۈپەيلىدىن، بۇ دوكلاتنىڭ بىر قۇرى يېزىلماي تۇرۇپلا مەزمۇنىنى ليۇدملا پاۋلوۋنا بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغىنى تېپىلمىغان بولسىمۇ، بىر ئاق كۆڭۈل كىشى تېپىلغانىدى.
— باسۇرۇشنىغۇ باسۇرۇپ قويدۇق، لېكىن كۆچۈرۈشكە بولمىدى. ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ، تەييارلىق بار يەردە بالا- قازا يوق دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ليۇدملا پاۋلوۋنا.
— سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى باشقارما باشلىقى قىزغىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

بولۇپ.

— بۇنچىلىك ئىشقىمۇ رەھمەت دەمدىغان، — تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ناتونۇش بىر ئەرنىڭ خېلى يېقىملىق بوم ئاۋازى ئاڭلاندى، — قارىڭا، دوستلۇقىمىزنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن، سىزدىن ئۆتۈنىدىغان كىچىككىنە ئىشىم بار ئىدى. ۋىتالى سېمېيونوۋىچ بىلەن ئالاقىڭىزنىڭ ئوبدان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، پۇرسەت بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ قويسىڭىز، بىر قىزىم بار ئىدى، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇ ئىشلەيدىغان سېستىمىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى. قىزىم تاشقى سودا جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، ھەممە جەھەتتىن شەرتى توشىدۇ. مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، قائىدە-يوسۇنىمىز بويىچە، ئالدىڭىزدا تازىم قىلاتتىم، لىۇدمىلا پاۋلوۋنا. ھېلىقى كىچىك ئاۋارىچىلىق توغرىسىدا، سىز ئۈچۈن تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزەم بېرىپ دەۋالىشىمەن. ماقۇل ئەمسە، ئىشلىرىڭىزغا ئاسانلىق تىلەيمەن.

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، لىۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى دېمەيلا قويايلى. تۇرمۇشنى قانچىلىك چىۋەرلىك بىلەن قانداق ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنىمۇ دېمەيلا قويايلى. مۇشۇنداق گۈزەل ھاياتتا، ھەممەيلەن بىر-بىرىگە ياردەملىشىشكە تىرىشىدۇ. ياق، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ۋە ئىشلەش، ئىشلەش ۋە كۆرەش قىلىش كېرەك. باشقارما باشلىقى ئاۋۋال كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلدى.

— قىزلار، گالىنا سېرگېيېۋنانى قىچقىرىۋېتىڭلار، ھازىرلا قېشىمغا كىرسۇن!

ئۆتكەن قېتىمقى ئۇنتۇلغۇسىز سۆھبەتتىن كېيىن مۇئاۋىن

باشقارما باشلىقىنىڭ يۇرۇش-تۇرۇشلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار پۇتۇنلۇشكەندەك تۇراتتى، ئۇلارنى ئىككىلىسى مەمنۇن بولدى دېگەندىن كۆرە، بىر-بىرىنى يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىنى ئەمەس، بىر-بىرىنى يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىنى تاپتى دېگەن توغرۇك ئىدى. گاللىنا سېرگېيېۋنا خۇشال بولۇش ئورنىغا گويا تۇيۇقسىزلا كىچىك ناتاشا بولۇپ قالغاندەك، بېشىنى كۆتۈرمەي يول ماڭىدىغان بولدى، ئىشىك چېكىلسە، بىركىم ئۈنلۈك گەپ قىلسا ۋە تېلېفون جىرىڭلىسا تىترەپ كېتىدىغان بولدى.

— ساموۋاغا دوس تارتىشىپ بېرىشكە باشلاپسىزغۇ؟

— مەن... — دېدى گاللىنا سېرگېيېۋنا، ئاندىن پەرىشانلىقتا جىمىپ قالدى، ئۇ دەردىنى ئۈن-تىنسىز ئىچىگە يۇتماقتا ئىدى.

— سىزگە ئېيتىپ قوياي، سۆيۈملۈكۈم، مىدىرلايدىغان پەيت كەلدى. شۇنداق، ھەرىكەت قىلىدىغان پەيت! بەزىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە (سېھرىي كۆچكە باي بۇ تەكەللۇپ سۆزنى دەپ قويۇش كۆڭۈلنى لەززەتلەندۈرىدۇ!)، كومىتېت پائال كۈرەش قىلىشنى باشلاپتۇ. پائال كۈرەش! ساموۋانى تېز ئارىدىلا چاقىرتىدىغانلىقىنى يۈرەكلىك پەملەش مۇمكىن، ئۇ ئەخمەق چوقۇم راست گەپ قىلىدۇ. دېمەك، ساموۋاغا قارشى ماتېرىيالنى تەييارلاپ قويۇشنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشۇم كېرەك.

— لېيدىملا پاۋلوۋنا! — گاللىنا سېرگېيېۋنا ئورۇندۇقتىن ئۆزىنى يەرگە پالاققىدە تاشلاپ تىزلىنىدىغاندەك، بىر ھازاغىچە قىمىرلاپ كەتتى، ئاندىن ئاخىر ئورۇندۇقتا ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق

قىلىشقا قولۇم بارمايدۇ. بۇ بەك... بەك... بەك...

— بەك نېمە بولىدۇ؟

— بەك زۆرۈر، — دېدى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دۇدۇقلاپ، — يولداشلارچە ياردەم، زۆرۈر...

— ئەقلىڭىز ئىشلىدى، — دېدى باشقارما باشلىقى ئويلاپ كۆرۈپ ماقۇل بولۇپ، — ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانى يۆگەنلەپ قويۇڭ.

گالىنا سېرگېيېۋنا ئەسلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇتەخەسسىس، ئەقىللىق ئايال ۋە ئاق كۆڭۈل يولداش ئىدى، ئەمما هازىرقى مىنۇتتا ئېرىنىڭ تىلغا ئالغۇسىز كەسپى، ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ۋە ئىش هەققىنىڭ ئۆسۈشى، ئۆي-جاي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ماقۇل دېيىلىشى، ئاز خىراجەت بىلەن چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش، قىزىنى ساناتورىيىگە ئوخشايدىغان پىئونېرلار لاگېرىغا ئەۋەتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە خىيالىغا كەلگەن هەم كەلمىگەن بىرمۇنچە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىڭ هەرگىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋىرونىكا پىروكوۋيېۋنانىڭ قولىدا ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. هايات تاشلىق دەريادىكى جىددىي ئېقىندەك بولىدۇ، ئائىلە بولسا قولۋاققا ئوخشايدۇ، قولۋاقنى هەيدەشتە چېۋەرلىك، ئىقتىدار بولغاندىلا، قولۋاق ئامان قالىدۇ. هەر بىر بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا، مۇرەسسەلىشىشكە توغرا كەلدى، هەر قېتىم مۇرەسسەلەشكەندە، پىكرى چېچىلدى، هالبۇكى، ئادەمنىڭ پىكرىنىڭ چېچىلىشى جەزمەن سالامەتلىككە زىيانلىق. شۇنىڭ بىلەن، گالىنا سېرگېيېۋنا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، تۆشۈككە كىرىۋالغان

ئىككى چاشقانغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى: تېشىدىكى چاشقاننىڭ ئەھۋالى مەلۇملۇق، ئىچىدىكى چاشقان بولسا ئۇنى كېچە-كۈندۈز غاجايتتى. ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى، غۇرۇرى ۋە شىجائىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى، كېچىلىرى كىرپىك قاققىلى قويمايتتى. گالىنا سېرگېيېۋنا كىشىلەر بىلەن تىراللىبۇسلاردا ئۇرۇشىدىغان، ئۆچىرەتتە ۋارقىرىشىپ قالىدىغان، ھەممە ئادەمگە قوپاللىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، دېمەك، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى ئادەتتىكى موسكۋالىقلاردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۆزىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈلۈشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان كلاۋا بۇرۇنقىدەكلا ئېھتىيات بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ شەخسىي ئىشلىرىنى ئويلاشقىلا بېرىلىپ كەتكەچكە، ھېلىقى كۈندىكى يىغىندىكى پېشكەللىكنى ئەمدى ئويلىمايدىغان بولغانىدى.

ئۇ ھېلىقى سلېسارنىڭ گېپىنى يېرىم ئايغىچە راسا ئويلىغاندىن كېيىن، بۇ "ئانالگىن" بىلەن باردى-كەلدى قىلىشمىسام بولغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدى. بۇنداق ئىش ئۇياتلىق، ئادەمنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمايدىكەن، قىسقىسى، مەن دېگەن ئايال كىشى، دۇنيادا ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق، غۇرۇر-ئىززەت بولمىسا بولمايدۇ، دەپ ھەممىنى تەپسىلى ئويلىۋالغان كلاۋا بۇ ئويلىرىنى توماغا ئېيت-قىلى ماڭدى، چۈنكى، ھەقىقىي ئايال كىشى سۈپىتىدە، كلاۋا ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ياقلىشى ياكى قارشى تۇرۇشى چاغلىق ئىش ئىدى.

توما "قارشى" ئىدى.

— قارىڭا قاپاقباشلىقىڭىزنى، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە!

تومانىڭ 17 رۇبلىنى خاتا ھېسابلاپ قويغانلىقىنى كلاۋا ھەرگىز بىلمەيتتى. ئۇ بۇ دوستىغا خەيرىخاھلىق قىلمىدى، بەلكى غۇررۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئېغىز ئاچتى.

— نېمە ئۇ غۇررۇر-پۇررۇر دېگەن! — دەپ چېچىلىپ كەتتى توما، — شورى قۇرۇپ كەتكەي! بىزنى ئايال دېيىشىدۇ، ئەمما ئەرخەق ھەر يىلى "8-مارت" بايرىمى كۈنى بىزنى ئېسىگە بىر قېتىم كەلتۈرىدۇ، يەنە كېلىپ ھاراقلىرىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ غۇررۇر-پۇررۇر دەپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟!

كلاۋا ئۆزىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق غوتۇلداۋەردى، ھېلىقى ئايال قوشنىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى-دە، گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇل قىلىۋەردى. ئاساسلىق ئىش كلاۋا ساموۋانىڭ گېپى ئاۋۇغانسېرى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئىدى. ئۇ ۋارقىراپ-جارقىراپ قالغان تومانىڭ قېشىدىن رەسمىي كېتىپ، ھېلىقى سلېسار-نىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى دېدى، ئىككىنچى مېنى ئىزدەپ بارغۇچى بولماڭ، دەپمۇ قويدى. سلېسار ئۇنىمايي يوغان ئاۋازدا گەپ قىلدى، ئەمما كلاۋا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالمىدى. كلاۋانىڭ غۇررۇرى غالىب كېلىپ، دەرھاللا ئۆزىگە ئاتاپ گۈل سېتىۋېلىش، ئەرزان باھالىق گۈللەردىن سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىگە سوۋغات تاللاۋاتقاندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا ئۇنىڭكىگە تەكشۈرۈشكە كەلدى. ساموۋا ئۆيدە بولمىغاچقا، مېھماننى قوشنىسى توما كۈتۈۋالدى. چۈشىنىكسىز ۋە ئارتۇقچە تاپا سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغانىدى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ئىشلارنى گېپىنى قىزىقىسىنىپ ئاڭلاۋاتقان تەكشۈرگۈچىگە بىراقلا ئېيتىپ بەردى.

ۋىرونىكانىڭ تەكشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى توما كلاۋاغا ئېيتمىدى، دەسلەپتە كلاۋادىن رەنجىگەنلىكىدىن ئېيتمىدى، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ كەتكەچكە ئېيتمىدى.

كلاۋا ئۆزىگە ئۆزى گۈل تەقدىم قىلغان، شۇنداقلا ئۆتكەن ئىشلارغا چېكىت قويغاندەك بولسىمۇ، ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي ئۆزىنى ئاقلاش ئارزۇسى ــ ئاياللارغا خاس ئارزۇ يەنىلا ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغانىدى. كلاۋانىڭ ئىچىدە ئۆزى ھەققىدىكى گەپلەر نۇرغۇن ئىدى، ئىچىدىكىنى دەپ ـ دەۋېلىپ قورسىقىنى بوشىتىۋالاي دېسە، گېپىنى دېگۈدەك ئادىمى يوق ئىدى، نەتىجىدە چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولۇپ يۈردى، ئۆزىنى ئاقلاش ئارزۇسىمۇ سۇسلىشىپ كەتتى. ئولەنىڭ ئۆيىگە باشقا كۆڭلى بارسىمۇ بولىدىغان ئىگور ئىۋانوۋىچ ھېلىقى كۆڭلى بارمىغان بولسا، بۇ ئارزۇسى راستلا سۇسلاپ كېتىۋەرگەن بولاتتى. ئىگور ئىۋانوۋىچ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمىگەنىدى، ئەمما ئولەنىڭ چاقىرىلداپ سۆزلەشلىرىدىن، تاتلىق كۈلۈشلىرىدىن، ئۇچقاندەك مېڭىشلىرىدىن، ئەيتاۋۇر باشقىچە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن ناتاشا ئىگور ئىۋانوۋىچنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەملىدى. "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە چىنىڭ كۆڭلىنىڭ، ناتاشا شۇنچە پەرىشان بولاتتى. ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، ئۇ يوقلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئارقىدا قالدى، كلاۋادىن باشقا ھەممىيلەن كېتىپ بولدى، ئۇنىڭ كلاۋا ساموۋا بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ كېيىن قىلىشى تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك.

ــ كېتىشكە ئالدىرىمايدىغانسىز؟ ــ دەپ روھسىز ھالەتتە سورىدى ئۇ، بۇ سوئالغا كلاۋانىڭ قانداق جاۋاب بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق ئىدى.

— ئالدىردىشىم يوق، ئالدىرايدىغان نېمە ئىشىم بولسۇن! بارىدىغان يېرىممۇ بولمىسا، — دېدى كلاۋا دەرھال جاۋاب بېرىپ.

— بارىدىغان يېرىم يوق؟ ئەمىسە قەھۋەخانىغا بارايلى، مەن مېھمان قىلاي.

ئەسلىدە كلاۋانىڭ قەھۋەخانىغا بارغۇسى يوق ئىدى، ئەمما ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ گېپىنى يىرالمىدى. كلاۋا ئۇنىڭ ئىشتا كەسكىنلىكىدىن ئاز-تولا قورقاتتى، ئۇنىڭدىكى ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا خاس پرىنسىپچانلىققا ھەۋەس قىلاتتى. شۇڭا، كلاۋا دەرھال بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى، خۇشال بولغان قىيا-پەتكىمۇ كىردى.

قەھۋە-سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىنىڭ كىيىم ئامانەت قويۇش بۆلۈمىدە خىزمەتچى تار ئىشتانلىق ئىككى قىزغا شامالىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقاچقا، ئۇلارغا بىردەم تۇرۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ناتاشا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، كلاۋا ھاڭۋېقىپ قالغانىدى، خېلىغىچە ھوشىنى يىغالمىدى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە پەلتوسىنى باشقا بىركىمگە بىرقېتىممۇ كۆتۈرتكىنى يوق! ھەتتا ئۆتكەن يىللاردا بەختىيار ئۆتۈۋاتقان ناتاشا (ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا تېخى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتمىگەن) باشقارمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشپۇزۇلغا قىچقارغان چاغدىمۇ، كلاۋا خىزمەتچىنىڭ مۇبارەك قولىدىن كالتە پەلتوسىنى تارتىۋالغانىدى. بۇگۈن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم، كلاۋا قولۇمنى قايسى تەرەپكە سۇنسام يەڭگە كىرەر، بۇنچە-لىك مۇلازىمەت ئۈچۈن نەچچە پۇل ئالىدىغاندۇ، دەپ ئازابلىنىپ ئويلاۋاتاتتى. قولى بوشىغان خىزمەتچى بوۋاي ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالماقچى بولغاندا، بوۋاينىڭ نېمە قىلىدىغىنىنى بىلمەيلا قالدى.

— تۈگۈلۈۋېلىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ناتاشا سوغۇققىنا، — "بىرىنچى ئۆي"گە كىرەمتىڭىز؟ ئىشىكى سول تەرەپتە.

— ھېلىلا كىرەي، — دېدى كلاۋا بوش ئاۋازدا، — بوۋاي كەتكەندە كىرەي.

— ئۇ ھېچنەگە كەتمەيدۇ، — دېدى ناتاشا ۋە كېيىنى تۈگىتىپلا زالغا كىرىپ كەتتى.

چاقچان غىزالىنىش ئاشپۇزۇللىرىدىن باشقا يەرگە كىرىپ باقمىغان كلاۋا قورقۇپىراق تۇراتتى، شۇڭا سەي تىزىملىكىنىمۇ قولىغا ئالمىدى. ناتاشا ئىككى كىشىلىك ماروژنى، ۋىنو، پېچىنە ۋە ئاجايىپلا ئېتى بار يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق تىزىملاتتى. كلاۋا ھاراققا ئامراق بولمىسىمۇ، يۈرەكلىك ئىچىشكە باشلىدى، ناتاشا مېھمان قىلغاندىكىن، ئىچمىسە سەت تۇرىدۇ-دە. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، كلاۋانىڭ ئاغزى ئېچىلدى، ئاياللارنىڭ غۇرۇرى توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىدى، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت باغلاش ئەھۋالىنى ئاقلاپمۇ چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان ناتاشا كۈلۈپ كەتتى.

— سىزدە خام خىيال بولغانمۇ؟

— خام خىيال؟ — كلاۋا توساتتىنلا بىرنى كېكىرىۋەتتى، — ئىسپىرتنىڭ تەسىرى، — دەپ ئىتتىك ئەسكەرتىپ قويدى ئۇ، — نېمە خام خىيالنى دەيسىز؟

— چۈشىڭىزدە كۆرگەن نەرسە، — ناتاشانىڭ چىرايى سەتلىشىپ، ئاغزى قىڭغىر بولۇپ قالغانىدى، — ھەممىسىنى ئىچىۋەتكۈلۈك. نېمىنى چۈشىدىڭىز؟

— بىر خىل تۇغۇندىنى، — ئېشىپ قالغان يېرىم رومكا ھاراقنى بىراقلا ئىچىۋەتتى كلاۋا، ئۇ ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئەمدى

كېكىر مەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنـدىن كېيىـن ئۇھ تارتـىپ قويۇپ مۇنداق دېدى، ــ بالا تۇغسام دەيمەن.

ــ ئوھـو، سـىزنىڭ بۇ خـىيالـىڭىز قالـتىسـكەنغۇ! ــ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا دىمىقنى قېقىپ قويـدى، ــ بۈگۈن بىرىگە سۆركەلسىڭىز، توققۇز ئايـدىن كېيىـن تۇغـسىز. سىزگە بىرمۇ ئەر تېپىلماسمۇ؟

بۇ ئـىش ئادەمـنىڭ يـۈزى قارا بولىدىـغان بىر ئـىش. كـلاۋا ئۆزىـنىڭ نەزەرى ئۈسـتۈن قىز ئىكەنلىكـىنى كۆرسـتىپ قويۇشنى دەرھال ئويلىدى. ئەمـما، مۇشۇ پەيتتە ئۇرانگوتانـدەك قاپاقباش، بەدىنىنى يۇڭ قاپلاپ كەتكەن قارىۋاي سلىسار توغرۇلۇق قىلىنغان گەپنىڭ ناتاشاغا ھېچبىر تەسىرى بولمايتتى، يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن خام خىيالغا چېتىشلىقى يوق بىرنېمە تۇرسا، شۇڭا، كـلاۋا قېپقىزىللا يالغان گەپ توقۇدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ قانداقتۇ گۈزەل خىيال ھەققىدە سۆزلىمەسـتىن، خام خـىيال ۋە غۇرۇرنى تېما قىلىپ يالغانچىلىق قىلدى.

ــ بىر ئادەم بار ئـىدى، ــ دېـدى ئۇ ئـۈسـتەلـگە چاپلىشـىپ ئولـتۇرۇپ پەس ئاۋازدا، ــ تارتىـشقۇدەك ئادىمـىمۇ يوق ئىدى، ھاراقـمۇ ئىچـمەيـتتى، ماڭا بەك ـ بەك كـۆيەتتى، توي قىلساق دېدى، پۈتۈشۈپمۇ قويغانىدۇق، قىزلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مېھمانخانىغا بارماقچىمۇ بولدۇق. ئەمما، تۇيۇقسىز، مەن...سىز چۈشىنىسىز، بۇ...

ــ نېمە بولدىڭىز؟

ــ ھەي، ھېلىقى، ھېلىقىچۇ ھېلىقى.

ــ ئېغىر بوي بولۇپ قاپسىزمۇ؟

— ھەئە. ئەمما ھېلىقى كىشى بۇنداق بالدۇر بېلىق بولساق بولمايدۇ، ئۆزىڭىز چورتىتىدە بىرنېمە دەڭا، بۇ بالىنى تۇغامسىز، ئالدۇرۇۋېتەمسىز؟ دېمەسمۇ، كەينىمگە بۇرۇلۇپلا كەتتىم. ھەي، ھەي، شور پېشانە ئەخمەق-تە مەن، كېيىن... كېيىن ئالدۇرۇۋەتتىم.

— بۇ قاچانقى ئىش؟ — ئىرىسدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا قىزىقىپ سورىدى.

— بۇمۇ؟... — كلاۋانىڭ قۇپقۇرۇق كاللىسىغا جاۋاب كەلمىدى، ھاراق ئۇنىڭ بېشىغا چىقىۋالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ جاۋاب بەردى، — 4-ئايدىكى. بىر ھەپتىلىك ئىسپىراپكا ئەكىلىپ بەرگەنىدىم، ئىسىڭىزدىمۇ؟ كېكىرتىكىم ئىششىپ قالدى دېگەندەك قىلىۋىدىم. ھېلىقى توك دوختۇر ئالدام خالتىغا چۈشتى، تېخى ماڭا ئالدۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى، تۇنجى بالىنى ئال- دۇرۇۋېتىش بەك خەتەرلىك، تۇغماس بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار، دېدى. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلدى. ئەمما مەن ئالدۇرۇۋېتىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ ئالدۇرۇۋەتتىم، كېيىن ھېلىقى كىشىنى قوغلىۋەتتىم.

— يارايسىز! — دېدى ئىرىسدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا ئۈستەلگە شاپىلاقداپ قويۇپ، — ئۇچۇ؟

— ئالدىمدا تىزلىنىپ يېلىندى، — كلاۋا يىغلامسىرىدى، — مەن پەرۋا قىلمىدىم، ئىرىپ كەتمىدىم، شۇنداق قىلىپ قوغلاندى قىلدىم. تۈنۈگۈن كەتكەن، بوسۇغىدىن ئاتلىشىغىمۇ ئۈنىمىدىم. كەت، ئىككىنچى كەلمە بۇ يەرگە، دېدىم. مەن ھېچ ئىش بولمى- غاندەك، گەپ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قاپقارا ئىككى قازاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى،

ئەكەلگەن گۈلنى تىشكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەتتى. بولغان ئىش شۇ.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى ئىېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا ئۇھ تارتىپ، — ياخشىسىدىن بىرەر - يېرىمى چىقىپ قالمسا، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكى.

ئۇلار جىم بولۇشۇپ، بىرنېمىلەر چاييناپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

— قېنى، خام خىيال ئۈچۈن رومكا كۆتۈرەيلى! — دېدى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا قەتئىي تەلەپپۇزدا، — رەھمىسىز خام خىيال ئۈچۈن.

— كۆتۈرەيلى! — كلاۋا خۇشال بولۇپ ماقۇللىدى. رومكا سوقۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئاتاپ پىچىرلىدى، — بىر بالا تۇغسام بولاتتى، بالا تۇغسام ماڭا ھەمراھ بولاتتى، بولمسا، ئۇيان ئۆرۈلسەمۇ، بۇيان ئۆرۈلسەمۇ يالغۇز بولۇپ قالدىكەنمەن، يېگانە قىرىق بوغۇم قۇرتتەك يېتىم بولۇپ قالدىكەنمەن...

ئۇ ئازار يېگەن، ئىگە - چاقىسىز يېتىم ئادەمدەك يىغلىغىلى تۇردى، بۇ ھالىتى گويا ئۇنىڭ ئۆزى كېچەيۈكۈندۈز ئارزۇ قىلغان بالىغىلا ئوخشايتتى.

## 8

ئارىسالدا بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئىدارىدە جاڭجال چىقارمىغان بولسىمۇ، ھازىر ئۆيىدە ئاچچىقتىن بوغۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېرى تېخى كەلمىدى، قىزى

دوختۇرخاندا يېتىپ قالدى، شۇڭا، گالىنا سېرگېيېۋنا دەردىنى ئانىسىدىن ئېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى، ئانىسىنىڭ يۈرىكى قىلدىنغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۈچ تال تىنچلاندۇرغۇچ دورىسىنى يېدى.

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئويلىمايمەن، خىيالمۇ قىلمايمەن!...

زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىشكە كۆنمىگەن كۆڭۈل ئازاب چەكمەكتە، قىسىلماقتا، بۇ كۆڭۈل بىلەن بىللە گالىنا سېرگېيېۋنامۇ ئەندىكمەكتە. ليۇدمىلا پاۋلوۋنانىڭكىگە بېرىپ ئىزاھات بېرەي دەپ تۇرۇشىغا ئېرى يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەقلىگە ئەل ـ جامائەت قايىل ئىدى، ئۇ خوتۇنىنى توسۇپمۇ قالمىدى، خوتۇنى بىلەن گەپ تالىشىپمۇ ئولتۇرمىدى، بەلكى ئىختىيارسىزلا مۇنداق دېدى:

— "ئەخمەق تۇتۇش" ئويۇننى ئوينىمىغىنىڭىزغا خېلى بولغاندۇ؟ ھازىر خەق سىز بىلەن دەل "ئەخمەق تۇتۇش" ئويۇننى ئويناۋاتىدۇ، شۇغىنىسى كوزىر خەقنىڭ قولىدا. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇتقىلى بولامدۇ؟ بولىدۇ، قولىڭىزدىكى قارتنى باشقا ئەخمەققە تاشلاپ بېرەلىسىڭىز ئۇتقىلى بولىدۇ. ھازىر ھەممەيلەن مۇشۇنداق قارت ئويناۋاتىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ. يا سىز خەققە تاشلاپ بېرىسىز، يا خەق سىزگە تاشلاپ بېرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق.

— كۆڭلىڭىزدىكى گەپ ئەمەس بۇ، كۆڭلىڭىزدىكى! — خوتۇنى ئەقلىدىن ئاداشقاندەك توۋلىدى، — خەق ئۆگىتىپ قويغان گەپتۇ؟ شاتۇتىنىڭ دورامچىلىقىدۇ؟

— ئەقىللىقلاردىن ئۆگەنسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى ئېرى ئورۇنلۇق گەپ قىلىۋاتقاندەك، — مېنىڭ باشلىقىم ياغاچ ئەمەس، كۆرۈشكەندە شۇنداق دېدى، گەپ ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ بۇ قۇلاقتىن

چىقىپ كەتكەندىن يۇرەككە ئورنىسا ياخشى ئەمەسمۇ. يەنە كېلىپ، بۇ گەپ ئادەتتىكى ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان تۇرسا.

پەرتۇق تارتىۋالغان خوتۇنى تېخىچە ئېسەدەيتتى، تىترەيتتى، ئەمما ئاۋازى ئۆچكەندى، ئېھتىمال ئېرىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەندۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋالدا قۇلىقىدا بىرەر-يېرىم ئېغىز گەپ بولسىمۇ قالاتتى. شۇڭا، ئېرى پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— گەپ كىمنىڭ سىزگە بۇيرۇق بېرىشىدە ئەمەس، سەمىمىي بولۇشىدا، شۇنداقتۇ؟ دېمەك، بىزمۇ بۇنى ئۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ بىرىنچىسى. ئىككىنچىسى، مېنىڭ جاراھەتلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى، ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىسىز، ئەمما ماشىنامنىڭ قانچىلىك نەرسە توشۇيالايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ قارىسامسىز، پاۋېل ئىۋانوۋىچ ماڭا قاراشلىق ئىدارىدە ئىشلەڭ دەيدۇ، تېخى ماڭا كەلگۈسىدە ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قانچىلىك مال تاپشۇرۇشنىمۇ بەلگىلەپ بەردى. جاننى تىكىپ قويۇپ ئىشلەيدىغان گەپ، ئۇ يان، بۇ يان چاپىدىغان ئىش، بەربىر ماشىنا مېنىڭ. ماقۇل، تەرتۇرلۇك قىلىپ، رەت قىلىپ باقايلىچۇ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ دەمسىز؟ يەنە كېلىپ، سىزدەك، مەندەك ئادەم دېگەن سامانىدەك، يېپىنسەي دەرياسىغا تاشلىسا، دەريانى ئۆزۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن جىقلىقىدىن. شۇڭا، مېنىڭ گېپىم: ئاساسلىق جەھەتتە پرىنسىپال بولۇش كېرەك، مەسىلەن، كوللېكتىپنىڭ شان-شەرىپى، ۋەزىپىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش، ئەقلىغە مۇۋاپىق غۇرۇر دېگەنگە ئوخشاش جەھەتلەردە ئازراقمۇ يول قويغىلى بولمايدۇ، خىزمەت ئورنىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ، بۇ جەھەتلەردە بوشىشىپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۇششاق

ئۇشلارغا كەلگەندە گالوچكا، سىز مېنىڭ خوتۇنۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان، كىمگە ھەشقاللا دېيىشىمىز لازىملىقىنى بىلىسىز، بىزگە خەقنىڭ كۆزى تىكىلىك ئىكەنلىكىنى، سىرتقا چىقىپ قالغان لىم ئىكەنلىكىمىزنى، بۇنداقتا ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسىز.

— دېمەك، غۇرۇر-ئىززىتىڭنى يوقات دېمەكچىمۇ؟

— ئۇيلاپ بېقىڭ، دىئالېكتىك پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرۈڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ھەممە ئىش سىزگە چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

— سىز ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېقىڭا... — خوتۇنى ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتتى، — مېنىڭ "ئاخىرقى مۇستەقىل پادىشاھلىق" دېگەن لەقىمىم بار.

— يوقىلاڭ گەپكە تەگەپ كېتىۋاتىسىزغۇ! — دېدى ئېرى كۈلۈپ قويۇپ، — مۇستەقىل پادىشاھلىقنى نەدىن تاپالايسىز ھازىر؟ دۇنيا بۇنداق پادىشاھلىق بولۇپ بۆلۈنگىنى يوق. دەۋر كىشىلەرگە شۇنداق ئىلھام بېرىۋاتىدۇ، گالوچكا، دەۋر دېگەن تارىخنىڭ داۋاملىشىشى، داشۆدە بۇنى ئۆگەتكەنغۇ.

گالىنا سېرگېيېۋنا پەسكويىغا چۈشتى، كۆپ ئېسەدىمەيدىغان بولدى، تىترىكىمۇ توختىدى، پەقەت كۆزلىرىدە غەم، چىرايىدا ئىرەنسىزلىكلا قالدى، ئۇ ھەممىنى كەچۈرگەندەك قىلاتتى. ئېرى بۇنى بىلدى-دە، كېلىچەك، دەم ئېلىش، ئاغرىق قىزى ھەققىدە پاراڭ سالدى. يازچە قىزىمىزنى بالىلار ساناتورىيىسىدە دەم ئالدۇرساق ئوبدان بولاتتى، دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىرەنسىزلىك بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان خوتۇنى كۈتۈلمىگەن بىر يەردە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

ــ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بىسىم ئىشلەتمەي، بىر ئۆينىڭ ئادەملىرى پاراڭلاشقاندەك پاراڭلى-شىپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئېرى بوشقىنا ئۇھ تارتىپ قويۇپ، خوتۇنىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، ئاندىن:

ــ مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىڭ، ــ دېدى ـ دە، تېلېۋىزور كۆرگىلى ماڭدى.

بۇ چاغدا ئۆيدە تېلېۋىزورى يوق كلاۋا ھېساب ـ كىتاب قىلى-ۋاتاتتى. ئالدىن ئالغان پۇلنى زورۇر چىقىملارغا ئاساسەن بىرنەچ-چىگە بۆلۈش، پىلاندىن تاشقىرى خىراجەت ئۇچۇنمۇ بۇنىڭدىن پۇل ئاجرىتىش كېرەك ئىدى. مەسىلەن، ئىشخانىدىكى بىر ئورۇن-دۇق ئىككى پايپىقىنى ئىلىۋېلىپ يىرتىپ قويدى، بۇ پايپاقلارنى ياماشقىمۇ بولمايدۇ، باشقىلار بۇ ئورۇندۇقتىن نېرى قاچاتتى، ئەمما ئۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ سالدى. قوشۇمىسى تۇرۇلگەن كلاۋا پۇللارنى بۆلمەكتە، بۆلگەندىمۇ ئېسىدە قالغىنى بويىچە بۆلمەكتە، ئالدىدا تۇرغان قەغەزگە يېزىلغان نەرسىلەر پۇل بىلەن ئالاقىسىز.

قەغەزگە ئىسىملار يېزىلغانىدى. كلاۋا ئۆزىنىڭ تىلىكىنى يوشۇر-مايتتى، ئۆزىنىڭ لەنەتلىك ئىكەنلىكىنى، شۇ-چاغلاردا شۇنچە توخۇ يۈرەك ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئويلاپ، چۆچۈپ كېتەتتى. ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىپ كەتتى، قورقۇپ كەتكەن كلاۋا پۇلنى دەرھال قەغەز بىلەن يېپىۋالدى ـ دە، لىپاتسىيە ئاركاچيېۋنانى تارتىنماي كىرىۋېرىڭ دەپ چاقىردى.

— سىزنى قەھۋە ئىچىۋالسۇن دەپ كىرىۋىدىم، — دېدى لىپاتىيە. لىپاتىيە قەھۋە چەينىكى، "پەۋقۇلئاددە سوۋغات" ماركىلىق چوك تورت ۋە كىچىكرەك بىر تال شاكىلات ئېلىپ كىرگەنىدى، — مېنىڭ ئۆيۈم كىچىك، نەرسە - كېرەك جىق ھەم قالايمىقان. ئەلۋەتتە، قەھۋە ئىچىش ھەشەمەتلىك، ئەمما، بىز خوتۇن خەقلەر بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەيمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى كىلاۋا، — قەرزىڭىزنى بېرىۋېتىش بۇرۇندىنلا ئېسىمدە بار ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ قەرز قايتۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى، ئەكسىچە، يېرىم ئايدىن كېيىن بەرسەم دەپ ئېيتىپ باقماقچىدى. ئەمدى ئۇ پرۇنسكىدىكى ماركوۋنا دېگەن مومايغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولغان ئون رۇبلىنى لىپاتىيەگە بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. "ئۇ ماركوۋنا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ ئويلىدى كىلاۋا، — كېلەركى ئايدا 20 رۇبلى ئەۋەتىپ بېرىمەن."لىپاتىيە رەھمەت - ھەشقاللا دەۋاتقاندا، كىلاۋا پۇل ۋە كەلگۈسىدىكى باللىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان قەغەزنى يىغىشتۇرۇپ، قەنت، ئىستاكان، بولكا ۋە خام قايماق ئالدى.

— بەلەن بولدى، — دېدى لىپاتىيە ئاركاچىيىۋنا ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ، — زىياپەت قىلىپ تەبرىكلەيلى، زىياپەت قىلىپ تەبرىكلەيلى!

ئۇ ئۆزىنى خۇشال كۆرسىتىشكە شۇنچە تىرىشسىمۇ، ئاۋازى مەيۈس چىقتى. كىلاۋا بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى، سوراپ بېقىشتىنمۇ خىجىل بولدى. لىپاتىيە ئاركاچىيىۋنا توختىماي سۆزلەپ كەتتى، كىلاۋا بۇ قوشنىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ بەك يېرىم ئىكەن-

لىكىنى ئۆيلىماقتا ئىدى. كلاۋانىڭ ئۆنىگە راستلا ئىچى ئاغرىپ كەتتى، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆنىڭدىن سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا تەلپۈنگەن. شۇنداق، شۇنداق، ھازىر ئادەملەر ئاشخانىدا ياشايدىغان، ھەممەيلەن چاي ئىچىش ئورنىغا هاراق ئىچىدىغان بولۇپ كەتكەن ئالاھىدە دەۋر. چۈنكى، چاي ئىچىشكە بىكار ۋاقىت بولمىسا بولمايدۇ، ھاراقنى بولسا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن غورتتىدە ئىچىۋەتسە بولۇۋېرىدۇ. مەن راھەت - پاراغەتكە ئۆزىنى ئۇرىدىغان ئايال ئەمەس، سىز گەپ ئارىلىماڭ، مەن بىلىمەن، شۇڭا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىردىم. سىز بىلەن بىللە بولسام، كلاۋوچكا، كۆڭلۈم يۇمشايدىكەن.

— بىتاپ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كلاۋا غەيرەتلىنىپ.

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان لىپاتىيە بېشىنى قۇشقاچتەك ساڭگىلىتىۋېلىپ، گەپ قىلمىدى. كېيىن كلاۋاغا قاراپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى تەرىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— كلاۋوچكا، تۇرمۇشتىن ئادەمنىڭ كۆپ ياخشىلىقىنى سىز بىلىسىز. شۇنداق، شۇنداق، كۆپ ياخشى، بۇنىسى ماڭا مەلۇم. مەن تۇرمۇش ۋە ئادەمنى چۈشىنىمەن، بۈگۈن ئۆيلاپ باقسام، مەن ھېچكىم كېرەك قىلمايدىغان، ئېتىبارسىز پەش ئىكەنمەن، مېنىڭ پەشچىلىكىمۇ قىممىتىم بولماسلىقى مۇمكىن. قىسقىسى، پەشچىلىك يوق، شۇنداق. شۇڭا دورا يىغۋاتىمەن. دوختۇر يېزىپ بەرگەن رېتسېپ بويىچە ئالغان دورىلىرىمنى بىر - بىرلەپ يىغىپ كەلدىم. ھەرخىل دورىلاردىن لىق بىر ئىستاكان دورا يىغدىم، بەك چىراي-

لىق دورىلار. مەن بىر قېتىمدىلا بۇ دورىلارنى ئىچىۋەتمەكچىد ئاندىن...

كلاۋا ئورنىدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستەلگە سوزۇلغان قولى بىر هازاغىچە تىترەپ كەتتى. ھېسسىياتنىڭ بىردىنلا ئۇرغۇشى ئارقىسىدا، ئۇ گەپ قىلالماي قالدى، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ھېلىقى قولنى سەممىي مىدىرلىتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز، كلاۋوچكا؟

— ئەي... ئەينەك...

— شۇنىڭدىن باشلاپ ئويۇم ئۆزگەردى، بۇگۈن سىزنىڭ يېنىڭىزغا قۇتۇلۇپ قالغانلىقىمنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كىردىم.

— ئۇستاكان!... — كلاۋانىڭ ئاغزى ئاخىر گەپكە كەلدى، — ئۇستاكاننى ماڭا بېرىڭ!

— ئۇستاكان؟... — لىپاتىيە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تولغۇلدى، — ۋىيىەي، كلاۋوچكا، سىز شۇنچە ياخشى تۇرۇپ، نېمىشقا... نېمىشقا چاقچاق قىلىسىز؟

— دورا سالغان ئۇستاكان نەدە؟

— ئۆيۈمدىكى دېرىزە تەكچىسىدە، — دېدى لىپاتىيە دۇدۇقلاپ.

كلاۋا لىپاتىيە ئاركاچىپىۋنانىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىغانىدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆچەپ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆيى قەدىمكى پوسۇندىكى سەرەمجانلار، مىس ئەسۋابلار، ئەينەك ئەسۋابلار ۋە ماي بوياق رەسىملەر بىلەن تولغان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، كلاۋا ئىشىكنى ئاچىدىغان چاغدا قورقتى. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇرۇق دېرىزە تەكچىسىدىكى تۆرلۈك دورىلار بىلەن تولغان ئۇستاكانغا دەرھال كۆزى چۈشتى. ئۆيگە كىرىپ ئۇستاكاننى قولىغا

ئالغاندىن كېيىن، ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى.
ئۆيىنىڭ ئىچى قوپقۇرۇق بولۇپ، تامدا بىرنەچچە كۆكلەك ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۈستى-ئۈستىلەپ قويۇلغان چامادانىنىڭ ئۈستىدە كىچىك شىشىلەر تۇراتتى، ياغاچ ساندۇق جاۋەن بولسا كېرەك، كونا قاتلانما كارىۋاتقا يۇڭ ئەديال رەتلىك سېلىنغانىدى. بۇلاردىن باشقا، ئۆيدە ئىككى ساندۇق، بىر ئورۇندۇق ۋە بىر توكۇر كىچىك ئورۇندۇق بار ئىدى. بار-يوقى راست شۇنچىلىكلا سەرەمجان ئىدى. كلاۋا ئۆلۈكتىن قورقۇۋاتقان ئادەمدەك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ دورىنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىپ، ئىستاكاننى يۇدى، ئاندىن قايتىپ كىردى.
— قېنى نەرسىلىرىڭىز...نەرسىلىرىڭىز نەدە؟
— سېتىپ يېدىم.
— ھېچ ئۇقماي قالدىمغۇ، — دېدى كلاۋا ئاچچىقلىنىپ، — ئوغرى كىردىمۇ نېمە؟
— مەن ھېچقاچان نەرسەمنى يىتتۈرگىنىم يوق، مەن دېگەن تەلەيلىك تۇرسام. ياق، سىزنى ئالداپ قويىدۇم، كلاۋوچكا، دارىلئېتامدا چېغىمدا بىر كۆنى بەتىنكەم يوقاپ كەتتى. ئۇقتىڭىزمۇ؟ ئوغۇللارنىڭكىدەك بەتىنكە، بەك چىلىك ئىدى، ھازىر بۇنداق بەتىنكىلەر ئىشلەنمەيدىغان بولدى. بولسا بىر جۈپ ئالاي دېۋىدىم، بۇنداق بەتىنكە بەك ئىسسىق، قۇرۇق بولىدۇ.
— دارىلئېتامدا؟ — كلاۋا باشقا سوئال سورىماي، گومۇشتەك قاراپ تۇرغىنىچە شۇنداق دەپ سورىدى.
ئۇنىڭ نەزەرىدە، ھەممە ئارتىسلار ئارقىسىدىن پايپاسلايدىغان لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنانىڭ دارىلئېتام بىلەن ھەرقانچە بولسىمۇ

ئالاقىسى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئۆي مۆلچەرىدىكىدەك سەرەمجانلىق ئۆيلەردىن بولماي، قۇرۇق ئۆي ئىدى.

— شۇنداق، شۇنداق. دادام 1943 ـ يىلى ئىككى ياش ۋاقتىمدا يوقاپ كەتكەنىكەن، مەن ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككىنچى يىلى تۇغۇلغانىكەنمەن. مېنىڭ دۇنياغا كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئاتا ـ ئانام قەۋەت خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

— قانداق بولۇپ يوقاپ كەتكەن؟ قۇربان بوپتۇمۇ؟

— شەھەرلىك كېڭەش چاقىرىپ كەتكەنچە كەلمەپتۇمىش. ئۇ چاغدا نېمىسلار بېسىۋاپتىكەن. كېيىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى، مېنى باشقىلار دارىلئېتامغا ئەكىرىپ بەردى.

كلاۋا ئۇنىڭ گېپىنى قىلچە چۈشەنمىدى، ئورۇق، تەن تۈزۈلۈشى سەت لىپاتىيەگە، ئۇنىڭ قورۇق باسقان بويىنىغا، چاچ بوياي-دىغان دورا كۆيدۈرۈۋەتكەن شالاڭ چېچىغا، ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن زاڭاقلىرىغا، ساڭگىلاپ قالغان جاۋغىيىغا كۆزىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كلاۋا لىپاتىيەنى بۇرۇن تونۇمايدى-غاندەك، تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى.

— قەھۋە ئىچىڭ، كلاۋوچكا، سوۋۇپ قالىدۇ. قەھۋىنىڭغۇ ئىس-سىقىدا ئىچسىمۇ، يىلمان پېتى ئىچسىمۇ، سوۋۇتۇپ ئىچسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، قانداق چاغدا ئىچسىمۇ ئىچىشلىك. بىلەمسىزكىن، مەن بىر كىشىگە چوقۇنغان...

— يېشىڭىز چوڭ ئەمەستۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ سورىدى كلاۋا.

لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنانىڭ يۈزى قىزلارنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ رەسىمنى تۇردە بېشىنى چايقىدى.

— يېشىمنى تامامەن ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

— دېمەك، سىز...ئەمدىلا 40تىن ئېشىپسىز-دە، — كلاۋا ئىستاتىستىكا ساھەسىدە بىكار يۈرمىگەنىدى، — ئەمما، قانداق بولۇپ...زادى نېمىشقا...بۇنداق قىيىن كۈنگە قالدىڭىز؟

— ۋايجېنىمەي، كلاۋوچكا! — دېدى لىپاتىيە ئىرەن قىلماي قولىنى شىلتىپ قويۇپ، — تۇرمۇش دېگەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ بېقىشقا بولىدىغان چامادان ئەمەسقۇ؟ تۇرمۇش گۈزەل بولىدۇ، چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ، ھەر بىر ئايال كىشى بۇ گۈزەللىكنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يەردە ناھايىتى مۇھىم ئىش تۇرمۇشنىڭ ئاشۇنداقلىقىنى ئەستە تۇتۇشتۇر.

بۇرۇن گېپىدە بۇنداق چىڭ تۇرۇۋالمايدىغان كلاۋا لىپاتىيەگە كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىڭىزنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەرسىڭىز دەپ تۇرۇۋالدى.

— شۇنداق، كلاۋوچكا، دارىلئېيتامدا ياشىغانمەن. سۆزلەپ بەرسەم بېرەي، چۈنكى ئۇ بالىلىق دەۋر بىلەن باغلىنىشلىق، كىمنىڭ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقتىنى يۈزسىزلىك قىلىپ يامان دېگۈسى كېلىدۇ؟ دارىلئېيتامدا بالا بەك جىق، يېمەكلىك بەك ئاز ئىدى. ئۇ چاغدا ئورۇقلاپ قورايدەكلا بولۇپ قالغانىدىم. بىزگە سەيپۇڭلۇقنى ئۆگىتىپ، تۈرلۈك ئەھۋاللاردا قانداق ياشاشنى ئوبدان ئۆگەتمىگەنىكەن، شۇڭا ھازىرغىچە بىزنىڭ ھېلىقى دارىلئېيتامدىن چىققانلاردىن بىرەرىنىڭمۇ ئەمەلدار بولغىنىنى ئۇچراتمىدىم. مېنىڭچە، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بىزنى تەقۋادار دىندارلاردىن قىلىپ تەربىيىلىگەنلىكى بولسا كېرەك.

— دىندار؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى كلاۋا قورقۇپ، — سىلەرنى خۇداغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلىدىمۇ؟

— كوللېكتىپقا ئىشىنىشكە، — دېدى لىپاتىيە سۇرلۇك قىياپەتتە، — بىزگە كوللېكتىپ مەڭگۈ توغرا، ھەرقاچان شەخسنىڭ ئەقىللىق، سەممىي، ئالىيجاناب، لىللا بولىدۇ، دېگەن قاراشنى سىڭدۈردى. تۇرمۇش چۆمۈلە ئۇۋىسى بولمىسىمۇ، چۆمۈلە شۇنداق تەربىيە ئالغان چېغى، بۇ مۇتلەق توغرا. بىراق، چۆمۈلە ئۇۋىسىدا ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق بولىسچۇ كاشكى، چۆمۈلە ئۇۋىسىدا چۆمۈلە-لەرنىڭ ھەممىسى قورسىقى تويغۇچە ئوزۇق يەيدۇ. بالام بولمىغان-دىكىن، ئادەتتىكى چىشى چۆمۈلە بولسام، چۆمۈلە ئۇۋىسىدا چۆمۈلە تۇخۇملىرىغا قاراپ بەرسەم دېگەن ئويىمۇ كاللامغا كېلىدۇ.

كلاۋا ئويلاپ قالدى: لىپاتىيە ئاركاچېنىيۇنا پوتۇنلەي توغرا ئېيتىدۇ؛ مەنمۇ چۆمۈلە تۇخۇملىرىغا ئوبدان قارىيالايمەن. شۇنىڭ بىلەن كلاۋا بەك مەيۈسلەندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئەمدىلا باشلاپ قويغان، ئەمما يېزىپ بولمىغان ئىسىملىك كەلدى، ئۇ ئىسىملىككە ئەمدى يېڭى ئىسىم يازماسلىق قارارىغا كەلدى.

— نېمە قىلىشنى ئۆگەتكەن دېدىڭىزا؟

— سەيپۇڭلۇقنى ئۆگەتكەن، — دېدى لىپاتىيە قەتئىي تەلەپ-پۇزدا، — لىللالىق بىلەن ئوبدان ئويلاپ باقىدىغان بولسام، مېنىڭ ھېچقانداق ھۈنىرىم يوق، ماڭا قانداق ياشاشنى ئۆگەتسىمۇ، ئىككى نومۇر ئالغان يەنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولاتتىم. ئەمما، ھېلىمۇ ياخشى بىزگە سەيپۇڭلۇقنى ئۆگەتكەنىكەن، تۆگمە قاداشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئۆگىنەلمىدىم. كېيىن كىيىم-كېچەك زاۋۇتىغا كىرىپ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىكىگە مەخسۇس ماشىنىدا تۆگمە قادىدىم. ئۇ مەزگىل گۈزەل مەزگىل ئىدى. قارىڭا، كلاۋوچكا، ئويلاپ بېقىڭا،...ياق، سىز كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەيسىز، ئۇ چاغدا

ناخشىنى قانداق ئېيتقىنىمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەيسىز! ئەل-ۋەتتە، تۆگمە قادىغان چاغدا ئەمەس، مەدەنىيەت سارىيىدىكى ناخشا گۇرۇپپىسىدا ناخشا ئېيتقان. ھازىرغۇ ئەھۋال ياخشى بولۇپ كەتتى، ھەممە يەردە مەدەنىيەت سارايلىرى سېلىندى، مۇھەببەت-نىڭ ئورنىنى مەدەنىيەت سارىيى ئالدىغۇ دەيمەن. بىراق، مەن پۈتۈنلەي مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئەرگە تەگكەن. ئەرنىڭ ئىسمى داراسېۋىچ. ئۇۋان نىككىنىچ، شۇ چاغدا ئۇ 42 ياشتا ئىدى، مەن دەل 20 ياشقا كىرگەنىدىم. ئۇنىڭ قىزىدەك كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ چاغدا ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختىيار سەزدىم. ئۇ چاغدا يۈزۈمنىڭ ئالمىدەك قىزىل ئىكەنلىكىگە، ھەتتا تېنىمنىڭ خېلى چىرايلىق-يارىشىملىق ئىكەنلىكىگە سىز ھازىر ھەرقانچە قىلسامۇ ئىشەنمەيسىز، داراسېۋىچ ئۇرۇشتا ئىككى قېتىم يارىلانغانىدى، قورچاق ساقچىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆل-تۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: "لىبوچكا، بىز دۇنيادا ئەڭ بەختلىك بولۇپ قالىمىز، لىبوچكا..."

لىپاتىيەنىڭ جۈدەڭگۈ، ھارغىن مەڭىزىگە مارجاندەك ياش دومىلاپ چۈشتى. ئۇ بۇرنىنى تارتىپ كۈلۈمسىرىۋىدى، ياش قورۇق-لارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى-دە، كېيىن بىردىنلا ئېڭىكىدە پەيدا بولۇپ قالدى، ئاندىن بۇ ياش قاپىدىكى قەھۋەگە تېمىپ چۈشتى. كلاۋا تېنىنى مىدىرلىتىشقىمۇ، تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇراتتى، ئۆيىنىڭ ئىچى ئاقىقان ياشنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت-تىمتاس ئىدى.

— كېيىن ئۇ موسكۋاغا يۆتكەلدى، ئەمەلدارمۇ بولدى، ئىككە-مىزگە ئىككى ئېغىزلىق چوڭ ئۆي تەقسىم قىلىشىپتۇ، بۇ دەۋاتقىنىم

شۇ زاماندىكى ئىش. ئوبدان بولدى، قايسىبىر كىتابتا بىر بىلغىنىم-
دەك، بەھۇزۇر تۇغۇۋالدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتىمەن. داۋام
قايتىپ كەلگەچكە، ئۆيدە قالايدىغان ئوتۇن يوق ئىدى، شۇ
ئۇرۇش يىللىرىدا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭ تەسىرىدە
تۇغماس بولۇپ قالغانىكەنمەن. ئېرىم ئوڭلىنىپ قالسىز دەپ
تۇردى، كۆرۈنمىگەن دوختۇر قالمىدى. داۋالىق دورا يەۋەرگەن
بولسامىمغۇ ئەھۋال ياخشىلىنىپ قالارمىدىكىن، بىر كۈنى ئۇۋاي
نىكمكىنچ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ سافادا يېتىپ قالغىنىچە ئورنىدىن
تۇرمىدى، ئۆلۈپ كەتتى. دەسلەپتە ئۆلۈپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن،
كەچلىك تاماق ئېتىۋاتاتتىم، تومانىڭ ئانىسى بىلەن پاراڭلاشقاچ —
ئۇ چاغدا تومانىڭ ئانىسى تېخى ھايات ئىدى — توما...

— ئېرىڭىز بىلەن نەدە تۇرغانىدىڭىز؟ بۇ يەردە ئۈچ ئېغىز
ئۆي بار، ھەر بىر ئادەم بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدۇغۇ؟ — دەپ
پەس ئاۋازدا سورىدى كىلاۋا.

— ھەئە، مۇشۇ يەردە تۇردۇق، — دېدى لىپاتىيە پەس ئاۋازدا
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، — بىكاردىن بىرمۇنچە گەپ قىلىپ
كېتىپتىمەن.

— توختاپ تۇرۇڭ، — كىلاۋا شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزى-
نىڭ يېنىغا باردى-دە، يەنە قايتىپ كەلدى، — يەتتىنچى يىللىقتا
ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. بىز سىزنىڭ
بىر ئېغىز ئۆيىڭىزدە تۇرغان، شۇ ئۆي سىزنىڭمىدى؟

— شۇنچىۋالا ئادەمگە ئۆي بەك زۆرۈر بولۇپ تۇرغاندا،
ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى نېمە قىلاي؟ ماڭا بىر ئېغىزلىق ئۆي كۇپايە.
خاتىرجەم بولۇڭ، كىلاۋوچكا، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ئېرىم يەنە



www.uyghurkitap.com

بىر ئۆيدە، قاتلانما كارىۋات تۇرغان ئۆيدە ئۆلۈپ كەتكەن.
— ئاھ خۇدا، — دەپ خورسىندى كلاۋا، — مەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇ چاغدا چېچىڭىز قوڭۇر ئىدى.
— ئۇ چاغدا ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەنىدىم، — دېدى لىپاتىيە رەسمىي تەرزدە، — تۇرمۇشىمىز ناچار ئىدى، نېمىشقىدۇ، جاراھەت ۋە كېسەل ئازابىدا ئۆتەتتۇق. ئارتىسلار تۇرالغۇسىغا بېرىشقا ئامراق ئىدىم. ھازىر بۇ بەك كۆلكىلىك بىلىنىدۇ، شۇنداقمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن سەيىيارە ئويۇن قويۇش ئەترىتىگە كىرىپ، "لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنا"بولۇپ قالدىم.
— قانداقسىگە بۇ ئىسمىنى قويۇشتى؟
— دەپ بېقىڭا، "ئېۋلامپىيە" دېگەن ئىسمىنى قوللىنىۋەرگەن بولسام، ئارتىسلارنى باشقۇرۇشقا قويامتى؟ مېنىڭ ئېتىم "ئېۋلامپىيە"، دادامنىڭ ئېتى "ئاپكىي"ئىدى، دادامنى فاشىستلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مەن "لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنا" دېگەن ئىسمىنى قوللانسام، ئەل-جامائەت سالاھىيەتنامىسىدە شۇنداق يېزىقلىق ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ. ئەمما، ئالدامچىلىق قىلغاندا مەڭگۈ ئاچچىق بەدەل تۆلەيدى-غان گەپ، كلاۋوچكا، سىز ھەرگىز ئالدامچىلىق قىلماڭ. مۇنۇ گېپىم مۇتلەق توغرا: ئېۋلامپىيە ئاپكىيېۋا دېگەن ئىسمىنى قوللىنىۋەرگەن بولسام، لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنا بولۇپ قالمايتتىم.
ئۇنىڭ ئاڭلىماققا قۇرۇق گەپتەك تۇرغان بۇ گەپلىرىگە ئازاب يوشۇرۇنغانىدى، كلاۋا ھەممىنى چۈشەندى. چۈشەنگەندىن كېيىن، تۇساتتىنلا ئۆزىنى لىپاتىيەدىن چوڭدەك سەزدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، لىپاتىيەنىڭ ئەقىل كەملىك قىلىۋاتقان بېشىنى مەيدىسىگە چىڭ باستى.

— توختاپ تۇرۇڭ، كلاۋوچكا، توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى مىدىر-سىدىر قىلالماي تۇرغان لىپاتىيە پەس ئاۋازدا، — سىز مېنى قوغلايسىز، دەرھال-لا قوغلايسىز، مېنى قوغلاپ بولۇپ ئۆزىڭىزنى سوپۇنلاپ يۇيىۋېتىسىز. سىز ئىشىنەمسىز، مەن ئوغرى ئىكەنمەن. ئۆزەممۇ ئىشەنمەي قالدىم، ئەمما شىكايەتنامىدە ئېنىق يېزىلغان، مېنىڭ ئۆزەمنىڭ نەرسىلىرى دەپ يۈرگەن نەرسىلىرىمنىڭ نەرخى مەرھۇم ئېرىم ئىۋان نىكىتىچ ئۆمۈر بويى ئىشلەپمۇ تاپالمىغان ئىش ھەققىگە باراۋەر ئىمىش، ئۇنىڭ ھەر بىر يارىسى 3000 رۇبلىغا تەڭ كېلىدىكەن — ھەممىسى شۇنچىلىك پۇلغا تەڭ ئىكەن. شۇنداق، شۇنداق، كلاۋوچكا، مېنى سوتقا چاقىرتتى. سوت مېنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق ئېلان قىلمىسا ياخشى بولاتتى، چۈنكى ئەمدى مەن ئىدىئولوگىيە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تارماق-لىرىدا ئىشلىيەلمەيدىغان بولدۇم، ھەتتا سودا تارمىقىدىمۇ ئىشلىيەل-مەيدىغان بولدۇم. روھيەت جەدۋىلىگە بۇ ئىشنى يازغىنىمدىن كېيىن، كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كېتىشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئادەم چىقمىدى. مەنغۇ ئوبدانراق ئىشنى تالاشقىنىممۇ يوق، شاپائەت قىلسىلا ئىكەن، بوتكىدا گېزىت ساتسام، ماقالىنى ئۆزگەرتىد-ۋەتكىلىمۇ، بىر تىيىن پۇلنى ئېلىۋالغىلىمۇ بولمايدۇغۇ، مۇشۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىلا ئىكەن، دەپ تەلەپ قويدۇم. بالا تۇغالماي-دىغان ئايالنى نېمىشقا شۇنداق ئازابلايدۇ، توپاقنى چىمدىپ ئۆل-تۈرگەندەك ئازابلايدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ قورقۇنچ ئىچىدە ئەكس سادادەك تەكرارلىدى كلاۋا.

— ”سولخايلار مۇزىكا ئولتۇرۇشى“نىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ مەنمۇ بىلمەيتتىم، بىر رازۋېتكىچى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويغان. ناھايىتى ئوبدان بىر رازۋېتكىچى بار، ئادەمنىڭ دەردىگە يېتىدۇ، ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن رومان يېزىپ چىقىش مۇمكىن. ھەئە، ھەئە، ئۇ ماڭا بىرمۇنچە قەغەزلەرنى كۆرسەتتى، ئۇلارنى ”ساختا ئىسپات“ دەمدۇ، بىرنېمە دېدى، تېخى مەن ئىمزا قويۇپتۇمىشمەن. مەن...

ئىشىك ئېچىلىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن توما ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ كەينىدە يۇمىلاق يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئەر (كىلاۋا بۇ كىشىنى تونۇمايتتى)بىلەن كىلاۋاغا تونۇشلۇق ھېلىقى سىلىسار بار ئىدى، سايىسارنىڭ قويىندا ئىككى شىشە تۇراتتى.

— مانا شۇ! — دېدى توما توۋلاپ، — كاۋاپ دېگەن شۇ! نەدە ئوينايمىز، بۇرادەر؟ مۇشۇ يەردىمۇ، مېنىڭكىدىمۇ؟ مەشەدە ئوينىغىنىمىز تۈزۈك بولار، — مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، توما لىپاتىيەنى كۆرۈپ قالدى، — سەن نېمىشقا كىردىڭ بۇ يەرگە؟ يوقال كۆزۈمدىن، داپ يۈز! نېمە؟ تاياق سېغىنىپ قالدىڭمۇ قانداق؟

— كەچۈرۈڭ... — لىپاتىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىستاكان، قەھۋە چەينىكى ۋە قول تەگمىگەن تورتنى يىغىشتۇرغىلى باشلىدى، — كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ گېپىڭىز راست، پۈتۈنلەي توغرا.

كىلاۋا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقماي ئولتۇرۇپلا قالدى. ئىككى ئەركىشى ئۆيگە كىردى، ”يۈزى يومىلاق“كىشى ئىشىك تۈۋىدە ھىجىيىپ تۇردى، مېڭىشى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان سىلىسار گۈس-گۈس مېڭىپ ئۈستەل يېنىغا كەلدى-دە، شىشىلەرنى ئۈستەلگە دوققىدە قويدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

— تورتىنى قويۇپ قوي! — توما پەلتوسىنى يەرگە تاشلاپ بۇيرۇق بەرگىلى تۇردى، — سېنىڭ چىشلىك ئۆتمەيدۇ ئۇنىڭغا. بىزدەك چىشى ساقلار بىردەمدىلا سوقۇۋېتىمىز.

— شۇنداق، شۇنداق، كەچۈرۈڭ، ئارتۇقنى، ئەلۋەتتە، ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئارتۇقچە...

لىپاتىيەنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، قولىدىكى قاچىلار لىغىرلاپ، جىرىلدايتتى. ئالاقزادىلىك، مۆمىنلىك ۋە مۇتىلەق قول قوۋۇش-تۇرۇپ تۇرۇش پىسخىكىسىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ چىققان بۇ ئاۋاز كىلاۋانى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ بىردىنلا ھوشيارلىنىپ، شاققىدە ئورنىدىن تۇردى.

— چىقىپ كېتىش!

ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا دېگەن بۇ گېپى ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ۋارقىراپ-جارقىراۋاتقان توما، بۇرۇنمۇ مېھمان بولۇپ كەتكەن، ھازىر تاپىنى قىچىشىپ تۇرالمايۋاتقان سىلىسار، ھەممە يېردىنى تىترەك بېسىپ كەتكەن لىپاتىيە ۋە ئىشىك يېنىدا تۇرغان "يۇمىلاق يۈز" بىردىنلا جىم بولۇشتى. كانىيىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان كىلاۋا تۇۋلاي دېدىيۇ، ئۇنى يەتمىدى. ئۇ بىر شىشىنى ئېلىپ، گرانات ئاتقاندەك بىرلا ئېتىپ ئوچۇق ئىشىكنىڭ سىرتىغا تاشلىۋەتتى. شىشە پاققىدە چۇشۇپ، چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. كەينىدىن كىلاۋا يەنە بىر شىشىنىمۇ بايىقى شىشىنى ئاتقان تەرەپكە ئاتتى.

— ھۇ ئېشەك!... — توما ھۆركىرەپ كەتتى.

توما كىلاۋانى بىردەمدىلا يىقىتتى-دە، ئۈستىگە ئېتىلىپ، چىرقىراپ، مورلاپ-تاتىلاپ، سەت گەپلەر بىلەن ئۇنلۈك تىللىدى.

كـلاۋا بىر ئامالـلار بىلەن قايـتۇرما زەربـە بـەردى، بىر چاغـدا كىمدۇ بىـرى بۇ ئىككـىسـىنى ئاجرىـتىـپ قويـدى، كىمـدۇ بىرى كلاۋانى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ "يۇمىلاق يـۈز" نىڭ كـلاۋاغا تۇكۇ-رەمەن دەپ كىلىۋاتـقان تومانى چىـڭ تۇتۇۋالـغانلىقـىنى كۆردى. بۇ چاغدا سابىـسار بەتبەشىرىسـىنى ئاشكارىـلاپ، "ۋاي، ۋاي" دەپ قويدى-دە، كلاۋاغا قاتتىق بىر مۇشت ئاتتى، كلاۋا پەسكە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، ھەممە نەرسە پىر-پـىر ئايلىنىشقا باشلىدى، كلاۋا چوڭـقۇر ھاڭغا چـۈشۈپ كېتىۋاتقانـدەك بولۇپ كېـتىۋاتاتتى. ئاخىردا، كلاۋا لىپاتىيەنىڭ ھىلقى سلىپسارنى قەھۋە چەينىكى بىلەن توختىماي ئۇرۇۋاتقانـلىقىنى كـۆردى، سلىپـسارنىڭ قىـزىل يۈزىـنى قەھۋە رەسۋا قىلىۋەتكەنىدى...

## 9

ئەتىسى كلاۋا گويا لىپى چۈشـۈپ كەتكەن تامنىڭ تۆشۈكلىرىگە لاي چاپلىغاندەك يۈزىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە بىر نەرسىلەرنى چاپلاپ ئىشقا كەلدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن بىر سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇرغان ۋە لىپاتىيە بىللە بىلەن بىر سائەتكىچە ئۆزىنى پەدەزلىگەن بولسىمۇ، يۈزىدىكى كۆك بۇرۇنقى يارا ئىزلىرىدەك كـۆرۈنۈپ تۇراتتى. كلاۋا نېمە بولدى؟ دەپ قىزىقىپ سورىغۇچىلارغا: ئورۇندۇقتا ئۇسۇۋالدىم، دەپ قويدى-دە، ئۆزىـنىڭ خىزمەت ئۈستىلى ئالدىـدا ئولتۇرۇپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىشخانا قاراڭغۇراق بولـسىمۇ، كلاۋا چىراغ ياندۇرمىدى. تۆشۈككە كىرىۋالغانـدەك خاتىرجەم ئولتۇرسام ئىدى، دەپ بالـلارچە ئويلـىدى ئۇ. بىراق بىر سائەتـتىن كېيىـن ئۇنى

چاقىرتتى. كلاۋا ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك قورقتى، ئىشخانىغا ياۋاشلىق بىلەن كىرىپ كەلدى. باشقارما باشلىقىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سىلىق، مېھرىلىك، يېقىن مۇئامىلىدە بولۇشى ئۇنى ھاڭ-تاڭلا قالدۇردى. باشقارما باشلىقى خىزمەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سوراپ بولۇپ، ھاۋارايى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشتى، ئاندىن كېيىن ئۇنى يولغا سالدى. كلاۋا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باشقارما باشلىقى ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى چاقىردى.

— يۈزدە كۆك تۇرىدۇ. قانداقلارچە ئۇرۇشقانلىقىنى ئىنقىلاپ چىقىڭ، يۈزدە ئىسپات-گۇۋاھ بار پۈرسەتتە ئەدىپىنى ئوبدان بېرىپ قويۇڭ.

خەت يېزىپ يۈرۈپ ئاۋارە بولۇشقا ماجالى قالمىغانلىقىنى ئەرلەرنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازدا گەپ قىلىپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان نامسىز خەيرىيەتچى لىيۇدمىلا پاۋلوۋنا ئالدىراش ئىدى. يا تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەن، يا بولمىسا بىر كىم ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغان؛ ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. بۇ چاغدا، گالىنا سىرگېيېۋنا ئاخىر ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا بىلەن مۇڭداشقان، ئۇنىڭ ئۆيى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن، شۇ ئەلەمدە ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندى. لىيۇدمىلا پاۋلوۋنا بۇ ئىشقا بەك قىزىقتى، ئەڭ خەتەرلىك-جىددىي ئەھۋالدا پايدىلىنىمەن دەپ ھەتتا ھازىرغىچە گەپ قىلماي تۇرغان ۋىلېن تروفىمىچنىڭ ئالدىغا تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

— ۋىلېن تروفىمىچ، سىز بىزنىڭ قۇياشىمىزسىز، مەندەك قەدىناس بۇرادىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ! ماڭارغا يولۇم يوق بولۇپ

قالدى، بىر ئېغىزلىق ئۆي تېپىپ بەرسىڭىز مەن قۇتۇلۇپ قالاتتىم...

ۋىلپىن تروفىمىچ بىر هازاغىچە ئۇھ تارتىپ كەتتى، مۇپەتتىشنى شىپى كەلتۈرۈپ قورقۇتۇپمۇ قويدى، ئوڭشايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ قەستەن بىر ئىشلارنى قىلىپمۇ كۆردى. ئەمما، ليۇدمىلا پاۋلوۋنا دۆلەتلىك موسكۋا خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆيۈەنىنى ئىما قىلىۋىدى، ئىككىسى ئاخىر پۈتۈشتى. تروفىمىچنىڭ دىپلومات بولۇشىنى بەك ياقتۇرىدىغان بىسكارتەلەپ بىر ئوغلى بولۇپ، بۇ بالىنىڭ شاهادەتنامىسىدىكى نومۇرلار بويىچە بولغاندا، ئۇ ئىككىنچى قاتاردىكى كىنوخانىلارنىڭ بىرەرسىگە جىگلى بولۇشقىلا يارايتتى.

— سىز كېپىللىك قىلالىسىڭىز، مەنمۇ كېپىللىك قىلالايمەن. غاچ-غۇچ بىرنېمە دېسىڭىزچۇ، تروفىمىچ!

— بولىدۇ، ليۇداچكا، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. بىر ھەپتىدىن كېيىن تېلېفون بېرىڭ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىسپات قەغىزى راستلا ليۇدمىلانىڭ ئۈستىلىدە تۇراتتى. ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانى چاقىرىپ كىرىپ، بىر دەم قۇرۇق پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— سىز ئۆزىڭىزگە خېلى ئادەمنى جەلىپ قىلىسىز، ئۆزىڭىز شۇنچە ياش، ۋۇجۇدىڭىزدىن قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇيۇ، چىرايىڭىز نېمىشقا بۇنداق؟ ئۆي دەردىدە شۇنداق بولۇۋاتامسىز؟ تاپتىممۇ؟

— بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم، — دەپ جاۋاب بەردى چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرغان ناتاشا.

— ئۆيىڭىز بولمىسا، — دېدى باشقارما باشلىقى بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمدەك، كۆڭۈل بۆلگەن تەلەپپۇزدا، — ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ پرىنسىپچان خادىمنىڭ پۇت تىققۇدەك يېرى بولمىسا بۇ قانداقمۇ ئادىللىق بولىدۇ! ئەمما بۇنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرچە سىزگە ۋەدە بېرەلمەيمەن، بۇنداق ئىشنىڭ ھەل بولۇشى بىرمۇنچە ئامىللارغا باغلىق، شۇنداقتىمۇ ئىلتىماس يېزىپ بېرىڭ.

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا يەلكىسىنى بېسىۋالغان يۈكتىن ئازاد بولغاندەك يېنىكلەپ قالدى، ئۇ ئەسلىدە قاتتىق قول ئايال ئىدى. قاتتىق قوللۇق بىلەن ئەقىل بىرلەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئايان بولدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ زۆرۈر ئىسپات ماتېرىياللىرىنى پائال توپلىغىلى تۇردى.

ئەمما، بۇ ئىشلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئىشتىن يېرىم ئاي بۇرۇن بولغانىدى. ھازىرقى ئىشقا قايتساق، كالاۋا يۈزى كۆك ھالەتتە ئىشقا كەلگەندىن كېيىن ئەتىسى ۋىرونىكا پروكوۋىيېۋنا:

— ئۇ قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ چاغدا توما ئۆيىدە يوق بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ۋىرونىكا ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن لىپاتىيەدىن ئالغانىدى. لىپاتىيە ئۇ كۈنىدىكى ئۇرۇش-تالاشنى تىترەپ تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن جانلىق سۆزلەپ بەردى، شۇ ئۇرۇشتىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋالنىمۇ دەپ بەردى. ۋىرونىكا بۇ ئاڭلىغانلىرىنى بىر مۇ بىر دوكلات قىلدى، دوكلات قىلغاندىمۇ ياخشى گەپنى يامىنىغا ئۆرۈپ دوكلات قىلدى.

— بەللى، بەللى! — دېدى باشقارما باشلىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — "ئىناۋىتىمىزنى ياش چېغىمىزدىن باشلاپ قەدىرلەيلى" دېگەن تېمىدا مۇنازىرە يىغىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈڭ. ئىج-

تىمائىي پائالىيەتلەرگە ئامراق، خاتىرە يېزىشقا خۇشتار ھېلىقى موماي يىغىنغا قاتناشماي قالمىسۇن. ياشانغان ئاياللار ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدۇ، بۇ — ئۇبدان قانۇنىيەت.

بۇ ئىشلار كۆڭلى يۇمشاق كلاۋدىيە ساموۋادىن سىر تۇتۇلغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ بۇنى سەزمىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنىڭ يارىسىنى ساقايتىشتا، ئۇنىڭدىن قالسا، شور پېشانە لىپاتىيە ئاركاچىيېۋنانىڭ تەقدىرىگە ئىچىنى ئاغرىتىشتا ئىدى. مۇشۇ تاپتا، ئۇ قويۇندەك قايتىپ كەلدى-دە، لىپاتىيەنىڭ ئىشكىنى چەكتى. بۇ قوشنىسىنىڭ ھازىرمۇ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى، ئاندىن تورت ئەكەلدىم، بىر ھەپتە ئىشلەپ ھېرىپتىمىز، بىللە ئولتۇرايلى، دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، ھېچ باھانە تاپالمىغاندا، يۈرۈڭ دەپلا تارتىپ ئەكىردى. كلاۋا كۆنۈپ كەتكەن جاھىللىقى بىلەن بۇنداق قىلىۋېرىپ، ئاز كۈنلەردىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قىسىلىپ قالغىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ كلاۋا كۆپ ۋاقىت ئىككىلىنىپ تۇرماي، چىقىم ھېساباتى دەپتىرىدىن ناتونۇش پرۇنسكى شەھىرىدىكى ناتونۇش موماي ماركوۋنانىڭ ئېتىنى ئۆچۈرىۋەتتى. بۇ كۈنلەردە توما ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئەسكىلىك قىلىۋەردى: تۇرۇپ گاز ئوچاقنىڭ تۆشۈكىگە ياغىيۇ توغراپ تىقىپ قويىۋاتتى، تۇرۇپ چەينەكتىكى دەملەكلىك چاينى تۆكىۋېتەتتى، تۇرۇپ سۈتكە ئۈچ قوشۇق تۇز قويىۋېتەتتى. كلاۋا لىپاتىيەگە قاراش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى، چىقىم ھېساباتى بىلەن ھەپىلىشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن ئەپ ئۆتكەن ئايال دوستى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇنازىرە يىغىنىغا قاتنىششقا تەييارلىق كۆرۈشكە

ۋاقىت چىقىرالمىدى.

ئادەتتە، بۇ باشقارمىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا تەدبىرلەر كۆرۈلەتتى، دەسلەپتە، باشقارمىدىكىلەر ئۆزىنى بىز كوممۇنىستىك ئەمگەك ئەترىتى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ قېتىم كوللېكتىپ كىنوغا باردى، بىر قېتىم تىرېتياكوۋ رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردى، مەخسۇس تېما بويىچە بىرنەچچە قېتىم خۇش پاقىمىغاندەك يىغىن ئېچىپمۇ قويىدى. بۇنداق يىغىنلاردا، ھەممىشە بىر ئادەم دوكلات بېرەتتى، ئىككى ئادەم بۇ دوكلاتنى ياقلاپ سۆزلەيتتى، ئاندىن يىغىن ئاخىرلىشاتتى-دە، ھەممەيلەن خۇشال ۋە ئالدىراش ھالەتتە ئۆيلىرىگە قايتاتتى. كېيىنچە بۇنداق پائالىيەتلەرمۇ بولمايدىغان بولدى، بۇلارنىڭ ئورنىغا ھۆججەت ئۆگىنىش دەمدۇ، كىتاب ئوقۇش، گېزىت ئوقۇش دەمدۇ، ئەيتاۋۇر مودا بولۇپ قالغان ئاشۇنداق تۈگىمەس پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنداق پائالىيەتلەر بولىدىغان يىغىنلاردىمۇ يەنىلا بىر ئادەم ئاۋۋال سۆز ئالاتتى، كەينىدىن باشقا ئىككى ئادەم دوس تارتىشىپ بېرەتتى. ئىشلار بىر ئوبدان كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىزلا ئىناۋەتنى قەدىرلەش مۇنازىرە يىغىنى ئاچىمىز دېگىنى نېمىسى، يەنە كېلىپ، ئىناۋەتنى كلاۋانىڭ ئۆيلىنىدەك كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەمەس، ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ قەدىرلەيدىغان گەپ ئىكەن. كلاۋا يەر ئاستى پويىزىدا كېتىۋېتىپ بۇنى ئېسىگە ئالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئېڭىغا ئىختىيارسىزلا كونستانتىنىيە بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان ۋالېرنىڭ كېلىۋالغانىدى، بۇ خىيالىي باللارنى ئۇ ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلاۋېتىپ، باللىرىنى ئوبدان تەربىيەلەش، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى كېيىن ئەمەس، مەلۇم بىر مەز-

گىلدىن باشلاپ ئەمەس، تۇغۇلغاندىن باشلاپ، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە ئىزچىل قەدىرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش قارارىغا كەلدى. ئۇ: مېنى سۆزلە دېسە، ئىناۋەتنى ياش چېغىدىن باشلاپ ئەمەس، بۇنىڭدىن كۆپ بالدۇر قەدىرلەش كېرەك، دەپ سۆزلەي-مەن، دېگەن قارارغىمۇ كەلدى.

تەگلىك بولسۇن ئۈچۈن، باشقارما باشلىقى دوكلات بەردى. تۆت كۈن روھلىنىپ ئىشلەپ، 18 بەتلىك ئۇزۇندە كۆچۈرگەن لىۇدمىلا پاۋلوۋنا جىمىپ قالغان دوكلات ئاڭلىغۇچىلارغا ئەمدى ھىكمەتلىك گەپلەرنى تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. جىم-لىقتىن زېرىكىپ كەتكەن ئايالللارغا دوكلاتنى ئاڭلاشتىن باشقا گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بۇ ئەھۋالدىن ئاق چاچلىق موماي ھەممىدىن بەك رازى ئىدى. بېشىنى ھەيۋەتلىك لىڭشىتىپ ئول-تۇرۇپ، ئىككىگە ئىككىنى كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ دېگەندەك گەپنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىنغان سەمىمىي قۇرۇق گەپكە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇ قولىغا دەپتەر ۋە قەلەم ئېلىپ تەييارلىنىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى خاتىرىلىمىدى. باشقارما باشلىقى ئوقۇماقتا، موماي بېشىنى لىڭشىتماقتا، باشقىلار ئۈگدىمەكتە — بۇ ھالغا بۇرۇندىن تارتىپ ھەممەيلەن كۆنۈپ، پىشىپ كەتكەنىدى.

— نەزەرىيىنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە، — لىۇدمىلا پاۋلوۋنا ئاخىرقى بەتنى ئۆرۈپ، رەت قىلغۇسىز گەپلەرنى قىلماقتا ئىدى، — بىز پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئايالالاردىن تەركىب تاپقان كىچىك كوللېكتىپقا بۇ كوللېكتىپنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ماياكتەك نۇرلىنىپ-چاقناپ تۇرۇشى لازىملىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتۈشىمىز لازىم. كىم ئويلىغىنىنى سۆزلەپ باقىدۇ؟

ھېچكىمنىڭ سۆزلىگۈسى يوق ئىدى. كەچلىك داشۇدە ئوقۇيدىغان كاتە بىلەن دائىيا بېشىنى كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان لىنىنامۇ ھارغىنلىقتىن جىمىپ كەتكەنىدى. ئەمما بۇ جىمجىتلىق ئۇزاق داۋام قىلالمىدى، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا دەل ۋاقتىدا قولىنى كۆتۈردى.

باياتىندىن بېرى ئۆزىنىڭ غېمىنى يەپ ئولتۇرغان كلاۋا ئەمدى بىردىنلا ھوشىغا كەلدى. ھوشىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كونىستانتىيە بىلەن ۋالېرىكىنىڭ غېمىدە بولغانىدى، رىئاللىقتىكى لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنانى ئويلاپ ئولتۇرغانىدى، ئۇنىڭ كېسەلمەنلىكىدىن تۆمۈريولىنىڭ شىپاللىرىنى كۆتۈرۈشكە ماجالى يەتمەي، بوتكىدا گېزىت سېتىشقا تەشنا بولغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدى. كلاۋا گېزىت ساتقۇچى بولۇش ئۈچۈن نەدە رەسمىيەت ئۆتەش لازىملىقىنى زادىلا بىلمەيتتى، ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانى كۆرۈپ، كاللىسىغا بىردىنلا، ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغۇ، دېگەن ئوي كەلدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دېگەن يەرگە كەلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش جاۋابكارلىقى باردۇ؟ شۇنىڭ بىلەن كلاۋا تەلىپى كاچ كەلگەن لىپاتىيەنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا قانداق تونۇشتۇرۇش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. باشقىلارنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى، قىرىپ مۆكچەيگەن مېھمان ئاپالىنىڭ خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى ئىتتىك خاتىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، كلاۋا ھوشىغا كەلدى.

— ...ئاپال كىشى ئۈچۈن مۇھەببەت دېگەن ئەڭ مۇقەددەس نەرسە، شۇڭا كلاۋدىيە ساموۋاغا ئېيتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، بىز بۇ كوللېكتىپىمىزدا مۇنداق ئەھۋالغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز...

كلاۋانىڭ كاللىسى زىڭگىدە قىلىپ، يەر-جاھان پىرقىراۋاتقاندەك بولدى، ھەتتا كۆل شىرىلداۋاتقان مەش كانىيدەك بولۇپ قالدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايلا قالدى، دەسلەپتە ئېتى ئاتالغاندا، مېنى ئىجابىي تىپ قىلماقچى ئوخشايدۇ، دەپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا بىر ئىسپات ماتېرىيالىغا قاراپ سۆزىنى ئىنتىكلا داۋاملاشتۇرغاندا، مەجلىس ئەھلى (بەزىلەر گۇمانىي نەزەر بىلەن، بەزىلەر ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن) كۆزىنى كلاۋاغا تىكتى، پەقەت گاللىنا سېرگېيېۋنالا بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ پات-پات قول ياغلىقىدا بۇرنىنى ئەرتىپ قويۇپ (بۇ قىلىقىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدىكىن؟)، ئۈستەلگە مىختەك قادىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

— يالغان! — دەپ بىردىنلا ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى لېنا، — قېرى بايتالدەك پىشقىرغىنىنى!

— مېنى قېرى بايتال دەۋاتىسىنا؟ — ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنانىڭ كالپۇكلىرى دىرىلداپ كەتتى، ئاغزى ئاران گەپكە كەلدى، — لېۋدىملا پاۋلوۋنا، ئاڭلىدىڭىزغۇ؟...

— توختاڭلار، — دېدى مۇنازىرە يىغىنىنىڭ تېمىسىنىڭ باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باشقارما باشلىقى قولىنى شىلتىپ، — ئادەمدەك گەپ قىلىپ ئىزاھلاپ بېقىڭا، لېنا.

— ئادەمدەك گەپ قىلىپمۇ؟ ماقۇل ئەمىسە. كلاۋوچكا ئارىمىزدا ئەخلاقىي جەھەتتىن ھەممىدىن ياخشى قىز، — دېدى لېنا ۋە ھاياجان بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىشقا ئەزەلدىن كېچىكىپ باقمىغان كىم؟ كلاۋوچكا. ئىش يوق چاغلاردا بىرەر قېتىممۇ غىپىلا تىكىۋەتمىگەن كىم؟ كلاۋوچكا. ھېچقاچان، ھېچكىمگە يالغانچىلىق قىلمىغان، چاقچاق قىلىپمۇ يالغان سۆزلىمىگەن كىم؟ يەنە شۇ كلا-

ۋوچكا. سىلەر يالغانچىلار ئۇنى چىشلەپ-تارتماقچىمۇ تېخى؟

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ توۋلىدى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ئۇستەلگە شاپىلاقداپ، — ھېچكىمگە يالغانچىلىق قىلمىغان دەپ كەتكىنىنى. يالغۇز ساڭا، لىنناغا يالغانچىلىق قىلمىغاندۇ. كوللېكتىپىمىزدا ئەڭ ئەخلاقسىز، ئەڭ ئۇيالماس خوتۇن سەن، ساموۋانى ئەجەب ئاقلاپ كېتىپسەنغۇ؟ مال تۇرى بىلەن ئايرىلۇر، ئادەم خىلى بىلەن دېگەن گەپ بار، ئۇقامسەن؟ يىگىتىنى كۆرسەتكىلى ئەكىلىپلا تۇرىدىغان، يەنە كېلىپ ھەر ئايدا دېگۈدەك بىرنى يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان سەندىن باشقا يەنە كىم بار؟ كىم؟

— پاھ، پاھ، كۆزىڭىز قىزىرىسىپتۇ-دە! — لىننا خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ئوبدان گەپ بولدى! يىگىتلىرىمنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەكىلىمەن، بىرمۇنچىسىنى ئەكىلىپ، سىلەردەك ئەخمەقلەرگە بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقىمەن، ئىچىڭلار ئېچىشىپ تۇرالماي كېتىڭلار. ئەخلاق مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ئاۋۇ مۆرىمەس كلاۋوچكا ئەمەس، مېنى ھاپ ئېتىپ كېتەلمەيسىز، ھاپ ئەتسىڭىزمۇ گېلىڭىزغا تۇرۇپ قالىمەن. خوش، ئەتە دوختۇرخانىدىن قىز ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ قەغەز ئەكەلسەم، نېمە دەيسىلەركىن! ئاغزىڭلارنى ئېچىپ ھاڭغىيىپلا قالارسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ ئۆز گېپىدىن كۆرەڭلەپ يەنە بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى، — ھوي موما، خاتىرىلىۋېلىڭ، بۇ يەردە بەزىلەر ساموۋاغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، سىز مۇشۇنى جەزمەن خاتىرىلىۋالسىڭىزلا بولدى!

ليۇدمىلا پاۋلوۋنا مىڭ تەستە يۈزىگە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى كۈلكە يۈگۈرتۈۋالدى، ئۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان تېزلىك بىلەن

بايقىدىكى، باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ پىلانلىغان بۇ جەڭدە يوچۇق چىقىپ قالدى. ئاغزى ئىتتىك ۋالاقتەككۇر لىنىنانىڭ نەزەرىدە بۇرۇن يىگىتتىن باشقا نەرسە يوقتەك تۇراتتى، ئەمدى ھېچكىم ياخشى كۆرمىگەن قىلمايدىغان ساموۋاغا يان بېسىۋاتىدۇ. لىنىنانىڭ ئاچچىقىنىڭ راسا كەلگىنىگە قارىغاندا، ۋارقىراپ-جارقىراپ بولۇپمۇ شۇك يۈر-مەيدىغاندەك قىلىدۇ. مانا ھازىر مەن بىلەن — لىۋدمىلا پاۋلوۋنا بىلەن پرىنسىپال مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئەلپازى يامان، بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس، قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال فاكچېننى ئۆزگەرتىش لازىمدەك تۇرىدۇ. ئەمما، باشقىلار ۋاژ-ۋاژ قىلىشىپ كەتكەنىدە (كىچىك ناتاشا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا بىلەن كۇسۇلدىشىۋاتاتتى، "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولە ۋىرونىكا پروكوۋيېۋنا بىلەن پىچىرلىشىۋاتاتتى، لىنىنا ۋارقىراش-تىن توختىمىغانىدى، گالىنا سېرگېيېۋنا ئاغزىغا يىلىم چاپلىۋالغاندەك ئېغىز ئاچماي ئولتۇراتتى، كىلاۋدىيە يۈزىنى زەھەرلىك چىۋىن چېقىۋالغاندەك بىردەم قىزىرىپ، بىردەم تاتىرىپ ئولتۇراتتى)، مانا مۇشۇنداق پەيتتە، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

— خەپشۇك، تىنچ بولۇڭلار، تىنچ! — دېدى باشقارما باشلىقى ئۈچ قېتىم چاۋاك چېلىپ ئۈنلۈك توۋلاپ.

شەرتلىك رېفلىكس رول ئويناپ، ھەممەيلەن جىم بولدى. باشقارما باشلىقى ئۇھ دەۋېلىپ، يىغىننىڭ تېمىسىنى بۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ئەزەلدىن جىمغۇر-كەم سۆز، نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدىغان ئىلا پەسرەك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ماڭا ياكى "ھەم ئانا، ھەم ئاتا" ئولەگە ئېسلمايسىلەرغۇ؟ مېنىڭ

ئاشقىم بار، ئولەنىڭمۇ ئوغلىدىن باشقا، ئاشقى بار. بىگۇناھ ئادەمگە سالجىدەك چاپلىشۋالغىنىڭلار نېمىسى؟ لېنىنا توغرا ئېيتتى، سىلەر كلاۋوچكا ساموۋادىن قورقىسىلەر، چۈنكى ئۇ يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ئۇتقا تاشلىساڭلارمۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ. سىلەرگە كېرىكى يالغۇزلا بىر ۋاراق كونا مايلىق قەغەز ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەنلىكتىن، كلاۋوچكا بۇ ئالدامچى ئورۇننىڭ ئىشكىنى تاقىۋەتسە دېگەن ھېلىقى خەتنى يازغان، شۇنداقتۇ؟ سىز گەپ قىلىڭا ئولە؟

— ئومۇمەن، ئەلۋەتتە شۇنداق. بىز كلاۋانى ئوبدان بىلىمىز.

ئىلا سوئال سورىمىغان بولسا، يىغىنلاردا گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئولە بۈگۈن كەچتە ئېچىلغان بۇ شاۋقۇنلۇق يىغىندىمۇ لام-جىم دېمەي ئاخىرغىچە ئولتۇرۇپ چىققان بولاتتى. ئۇنداقتا، كېيىنكى ۋەقە بولمىغان، كېيىنكى تۇرمۇش تىنچ دەريا سۈيى دەريادا لۆمشۈپ ئېقىپ كېتىۋەرگەندەك تىنچ ئۆتكەن بولاتتى، ئەمما ئىلا سوئال سوراپ قويدى، ئولە خالار-خالىماس جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن، تەقدىرنىڭ دات بېسىپ كەتكەن چاقى غىچىلداپ چۆگىلەشكە باشلىدى.

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا بۇ گەپنىڭ سالمىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇنى بۈگۈنمۇ، قەلبىنى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان خاتىرجەمسىزلىك ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكەن ھالەتتىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۆتكەنكى يىغىندا (بۇ ئورۇش ئۆتكەنكى يىغىندىن باشلانغان) كلاۋا ساموۋا تۆت كوچا ئاغزىغا ئاپىرىپ قويۇلۇپ، نەگە بېرىش، نەدە تۇرۇش مەسىلىسىگە دۈچ كەلدى دېيىلسە، بۈگۈن تۆت كوچا ئاغزىدا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا تۇراتتى.

خەقنى غەرق قىلىش كېرەكمۇ، ئۆزىنى غەرق قىلىش كېرەكمۇ؟

ياق، ئۆزىنى غەرق قىلسا بولمايدۇ، كۆزى قىزىرىشتىن پەيدا بولغان يىرگىنىشلىك خام خىيالىڭنى تۆگەت، يەنى ئايرىم ئۆيگە ۋە ئىگور ئىۋانوۋىچقا ئېرىشىش خىيالىڭنى چۆرۈۋەت. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىم، چۈنكى ئىگور ئىۋانوۋىچ روھسىز ئۆلەنى دەپ ئەمەس، ئۆيۈڭنى دەپ ساڭا يېقىنلاشماقتا. ئىگورغا ئۆي بېرىشكە ماقۇللۇق بېرىلىشى مۇھىم ئىش، ئۆي بولسا، ھەر-قانداق قىلىپمۇ مۇھەببىتىمگە ئېرىشەتتىم. چۈنكى، مەن قىزغىن ۋە ئابرويلۇق، يوتام ئۇزۇن، چېچىم قويۇق. مۇھىمى يالغۇز پىداكارلىقلا ئەمەس. ھازىرقى زاماندا، موسكۋادا، ئۆيۈڭ بولمىسا، ساڭا كىم ھەقىقىي كۆڭلىنى بېرىدۇ؟ ئۆي مەسىلىسى بەك مۇھىم. ئۆي...ئۆي...ئۆي...

بۇ ئويلار ناتاشانىڭ كاللىسىدىن تېزلا ئۆتتى، ئۇ ھەممىنى ئىدىتلاپ كۆرۈپ، ۋىجدانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بولدى ۋە ۋىجدانىنى سۈكۈت قىلىشقا كۆندۈردى. نەتىجىدە "مۇستەقىل پادىشاھلىق" شۇبھىلىنىپ بولمايدىغان ھەممە ئابرويى بىلەن تىك تۇردى. ناتاشانىڭ كۆڭلىمۇ تىنىم تاپالمىغانىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ تۇردى: "خاتىرجەم بول، خاتىرەڭنى جەم قىلغىنا، سەن ھەقلىقسەن." شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاپتوماتىك تىرىنىر ماشىنىسى بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك، تىلىنىڭ ئۇچىدا چىشىنى بىرمۇ بىر ساناپ چىقتى.

— ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئارىسىدا، ئۆز مۇھەببىتىمگە قىلچە رەھىم قىلمايمەن، — دېدى ئۇ، بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىچە چىقتى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ: ئىگور ئىۋانوۋىچ تامامەن خاتىرجەم يۈرۈۋەرسۇن، مەن ھەقىقىي مۇھەببەتكە مەڭگۈ كەڭ

قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، دەپ خوراپىلارچە ئويى-لىدى، ــ قۇلىقىم گەپتە، كۆزۈم ھەربىرىڭلاردا بولىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم! مەن يالغانچىلىق قىلىشقا چىن دىلىمدىن ئۆچ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۆچ. ساموۋانىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىشى توخۇ يۈرەكلەردە ۋە قاملاشمىغان ئاياللاردا بولىدىغان سۈكۈت. ئۇ ئىختىيارىيلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئادۋوكاتنىڭ ھامىلىقىدا شامالدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن، مەن ئۇنىڭ بۇ خام خىيالىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا يول قويمايمەن. مەن ئۇنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھەممەيلەنگە ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ قويىمەن!

بۇنداق قاتتىق ئۆچمەنلىكنىڭ بولۇشىنى ليۇدمىلا پاۋلوۋنامۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ غەزەپكە كەلگەن، ئەمما تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ناتاشاغا ھەيرانلىق ۋە ئىنتايىن مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى، ناتاشانىڭ گېپىدىن مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كلاۋاغا ئەمەس، ليۇدمىلاغا ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆي بىرىشكە ۋەدە قىلغان خەيرىيەتچى ليۇدمىلا پاۋلوۋناغا ئۆچ-مەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاسانلا بىلىۋالغانىدى.

ــ ئىككىمىز بىللە قەھۋەخانىغا كىرگەنىغۇ دەيمەن، ساموۋا؟

ــ كىرگەن، ــ دەپ ئىنتىكلا جاۋاب بەردى كلاۋا، ــ گوركى كوچىسىدىكى ئېلىسېيېۋ ماگىزىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەھۋەخانىغا كىرگەن.

ــ نەچچە قېتىم بالىڭىزنى ئالدۇرىۋەتتىڭىز، كلاۋدىيە؟ گەپ قىلمايسىزغۇ؟ سىز بىر قېتىم ئالدۇرىۋەتكىنىڭىزنىلا ئىقرار قىلدىڭىز، بالىنى ئالدۇرىۋېتىش مەن ئۈچۈن گال ئىششىقىدەكلا ئادەتتىكى

ئۇش دېدىڭىز، يەنە تېخى بالا تۇغۇشتىن قورقىمەن، مەن بالىغا
ئۆچ دېدىڭىز، ئەرلەر بىلەن دائىم هاراق ئىچىۋېرىپ، قورساقتىكى
بالىنىمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم دېدىڭىز.
ناتاشا توختاپ قالدى، بۇ توختاش ئۇنۇملۇك ئىدى، ئەمما بۇنى
بىردىنلا نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرغان كلاۋدىيە بۇزۇۋەتتى.
— قانداق گەپ بۇ؟ — دېدى كلاۋا بىچارىلەرچە بوش ئاۋاز-
دا، — مەن خىيالىمنى دەپ بەردىم، خىيالىي بالامنىڭ ئېتىنى
قويۇپ يېزىۋالدىم...
— ئۇ دېگەن سىز ئۆلتۈرگەن بوۋاقنىڭ ئىسمىكى! — دەپ
توۋلىدى ناتاشا. ئۇ گېپىنى توختاتسا، يەنە جىملىق باسىدىغانلىقىنى
ئويلىدى-دە، سەۋىر قىلالماي تىترىگىنىچە ھۆركىرىدى، ئەمدى
لىۋۇدمىلا پاۋلوۋنانىمۇ بوش قويماسلىقى مۇمكىن ئىدى، — سىز
دېگەن قاملاشمىغان، يالغانچى قىز، كلاۋدىيە!
ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشا ئورۇندۇقتا ئادەتتىكى چاغلار-
دىكىدەك سىلىق ئولتۇرماستىن، جاققىدە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇر-
غاچقا، ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى. يىغىن مەيدانى گۆرىستاندەك
جىم بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن باياتىنىدىن بېرى سۆزلىگەنلەرنىڭ
سۆزى ھەققىدە ئويلانماقتا، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە يەتمەكتە، ئويدۇرما
ئىچىدىن ھەقىقەتنى، ئەسەبىيلىك ئىچىدىن ھەقىقانى غەزەپنى
تاپماقتا. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، قىزىپ كەتكەن يىغىن ئەھلى
تۇيۇقسىزلا تەرەپ-تەرەپتىن غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى، بۇ غۇلغۇ-
لىلاردا نېمە دېيىلىۋاتقىنىنى ھېلىقى ئايال مېھمانغىمۇ زادىلا ئاڭلىيال-
مىدى، ھەتتا جىن-شەيتانلارمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى.
ياق، بۇنداق بولۇشقا يول قويماسلىق كېرەك، يىغىن ئاخىرلاشقۇچە

www.uyghurkitap.com

توختىماي سۆزلەپ تۇرۇش كېرەك، شۇنـداق بولغاندا، كىشىلەرنىڭ كاللىسى مۇتـلەق تورمۇزلىنـدۇ-دە، ھېچنېمىـنى ئۇقماي قالىدۇ. ليۇدمىلا پاۋلوۋنا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان سابىق "مۇستەقىل پادىشاھلىق" نى تۇرتۇشـكە باشـلىدى، "مۇستەقىل پادىشاھلىق" ئەمدى شەرتسىز تەسلىم بولغان دۆلەت بولۇپ قالغانىدى. گالىـنا سېرگېيېۋنا ليۇدمىلا پاۋلـوۋناغا شارتتىدە سۇرۇلـدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىـدىن قىيىن ھالغا قالغان ھايۋانىنىڭكىدەك ھـالەت بىلىنىـپ تۇراتتى، گالىنا ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغـدا باشقىـلار بوران-چاپـقۇن كېلىدىـغان بولدى، دەپ پىـچىرلىشىشقا باشلـىدى. ئەمما بۇ پىچىرلاشـلار كىشىلەردىكى مەلۇم تەقەززالىق تۇيـغۇسىنى بىراقلا بېسىقىپ قالدى.

گالىنا سېرگېيېۋنا ئاغزىنى يوغان ئېچىـپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يىغلىمىغان بولسىمۇ، ئىچ-ئىچىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغـلاپ كەتـتى، كۆزىـدىن چىقـقان ياش ئېچكىرى كىرىپ كەتـكەن زاڭاقـلىرىنى بويـلاپ گويا بېغىـى ئۈزۈلـگەن مارجانـدەك تاراملاپ ئاقماقتا ئىدى؛ ئۇنىڭ تاشلاندۇققا ئوخشاپ قالغان بىچارە تېنىـدىن قاتتىـق ئۈمىدسىـزلىـك تۇتۇق ئىپادىلىنىـپ چىقاتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يۇمشاق قىزلار ئۇنىڭغا ئىچىـنى ئاغرىتىشىپ، ئىشەنچ بىلەن قەلب ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى.

"ئېغىز ئاچىنىڭ، — دېدى ئىچىدە ليۇدمىلا پاۋلوۋنا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئاخىر ئېغىز ئاچىنىڭ، ھەي كېرەكسىز!"

— مەن... — دېـدى گالىنا سېرگېيېـۋنا بىچارە ھالەتـتە يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ دېـگەن بىر تاش يـۈرەك ئايال، ھەممىـلا ئادەمـنى تىنچ كۈن ئۆتكۈزگىلى قويمايدۇ، ھەممىلا ئادەمـنى! قاراپ تۇرۇپ ئېرىمگە مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ...

— كىمنى دەۋاتقىنىڭىزنى قولىڭىزدا كۆرسىتىڭ، قولىڭىز-
دا! — دېدى باشقارما باشلىقى بوغۇق ئاۋازدا بوشقىنا.

— ئاۋۇ... — گالىنا سېرگېيېۋنا باشقارما باشلىقىنىڭ گېپىگە بىنا-
ئەن قولىنى كۆتۈرۈپ كلاۋا ساموۋانى كۆرسەتتى، — مېنىڭ قىزىم
ئاغرىق، قۇمدا داۋالىنىدۇ، ھەر يىلى دېڭىز بويىغا بېرىپ ئاپتاپقا
قاقلىنىدۇ. ئاۋۇ...ئۇ...ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى
بۇزماقچى بولدى!

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئاخىرقى گېپىنى ئۈنلۈك دەپ بولۇپ،
ئىككى قولىدا يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ھۆكىرەپ كەتتى. ئاۋۋال ۋىرونىكا
پروكوۋيېۋنا، كېيىن كىچىك ناتاشا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى
قۇچاقلىدى، يۆلىدى، بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-
لىدى، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. باشقىلارىيەنەجىم
بولۇشتى، بۇ چاغدا موماي قولىدىكى قەلەمنى شاققىدە تاشلاپ،
مۇنداق دېدى:

— كاللامنى ئۇماچ قىلىۋەتتىڭلارغۇ، ئۇماچ!

— ھازىرلا ئېنىقلايمىز، — ئەمدى باشقارما باشلىقىنىڭ كۆڭلى
جايىغا چۈشكەنىدى، ئۇ گېپىنى داۋام قىلدى، — ساموۋا، بۇنداق
ھايات يولىغا قانداقلارچە مېڭىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىزگە دەپ
بېقىڭا.

— مەن؟

كلاۋا ئورنىدىن تۇردى، ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز سېلىپ
چىقىپ، كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە تارتىنچاقلىق كۈلكىسى، ھەتتا
سەبىي بالىلارنىڭ كۈلكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان
كۆزلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىنى تارتاتتى، بىرمۇنچەيلەن بېشىنى

www.uyghurkitap.com

تۆۋەن قىلىۋالدى، نېمشقىدۇ ئۇڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ھە، گەپ قىلىڭە، گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ! ــ دېدى ليۇدمىلا پاۋلوۋنا ئۈنلۈك قىلىپ. ساموۋانىڭ جىم ئولتۇرۇشى بىگۇناھ كۆلكىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەمدى پۈتكەن مۇنارنى ئۇلىدىن غۇلىتىپ تاشلايدىغانلىقىنى ليۇدمىلا ئېنىق بىلەتتى.

ــ سۆزلىشىم ھاجەتمۇ؟ ــ كىلاۋا بىر ئۇھ تارتىۋالدى، ــ ئىنا-ۋەتنى نېمشقا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ قەدىرلەش كېرەك ئىكەن؟ ياش ۋاقتىدىن باشلىسا كېيىن بولۇپ قالىدۇ، ياش ۋاقتىدا قەدىر-لىگۈدەك نەرسىمۇ قالمايدۇ. كىچىك چاغدىن تارتىپ قەدىرلەش كېرەك، راست، مۇشۇنداق قىلىشلا توغرا بولىدۇ. ھازىر كېيىن قالدۇق، ھېچكىمنىڭ ئىناۋىتى يوق، راست يوق، ئىناۋەت دەپسەندە قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئاۋازى پەس ئىدى، نېمشقىدۇ شۇنچە يوچۇن، ھەسرەت-لىك ئاڭلاندى. ئۇ گويا جىق جاپا-مۇشەققەت تارتقان مومايدەك كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى، ئەمما بۇ جىملىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدىغان، بىر-بىرىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى جىملىق ئەمەس ئىدى.

ــ توغرا ئېيتتىڭ، ــ دېدى لېنا، ــ يارايسەن، كىلاۋوچكا، رەھمەت ساڭا.

ــ يىغىندىن چىقىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىسىڭىز، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى كىلاۋا ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا، ــ چىقىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ، بولمىسا بارالماي قالىمەن ــ ئۆيۈمگە بارالماي قالىمەن.

ــ رۇخسەت، ــ دېدى باشقارما باشلىقى ئالمان-تالمان ماقۇل

بولۇپ، — سىز كەتكەندىن كېيىن قارار چىقىرارمىز...

— مەنمۇ كېتىمەن! — دېدى لىنىنا ئۇنلۇك سۆزلەپ، ئاندىن كلاۋانىڭ كەينىدىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئىتتىك ماڭدى.

ئۇزۇن يولدا لىنىنانىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كلاۋا بىلمىدى، كلاۋانىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ كىرمىگەنىدى. كلاۋانىڭ كاللىسىدا ھەرخىل ئويلار چاشقان پىترىغاندەك پىتراپ كەتتى، كلاۋانىڭ قۇلىقى ۋىڭىلدايتتى، كۆڭلىدە بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى توختىماي تەكرارلايتتى. ئۇنىڭدىن خالاس تېپىش ئۈچۈن، كلاۋا ئىچىدە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بۇ ناخشا قىرىشقاندەك ئۇزۇن ئىدى، كلاۋا تاكى ئىشىكى ئالدىغا كەلگۈچە ئېيتتى. ھېلىقى ناخشىنىڭ ئاھاڭى كاللىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن كلاۋا يەڭگىللەپ قالدى. كلاۋا لىنىنانى قۇچاقلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېچ مۇناسىۋەتسىزلا بىرگەپنى قىلدى:

— قىزىمىغا "كونستانتىيە" دەپ ئات قويماس بولدۇم، "لىنىناچكا" دەپ ئات قويسام بولغۇدەك، ماقۇلمۇ؟

## 10

كلاۋا تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم بىر كېچە ئۇخلىماي چىقتى. ئەيىبكار ئورۇندا تۇرغاندەك قورقۇنچلۇق ئوي كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇيقۇسىنى قوغلىۋەتتى. ئۇ راسا بىر يىغلىۋالايچۇ دەپمۇ ئويلىدى، ئەمما يۈرىكى بارغانسېرى ئاغرىپ كەتتى، كۆز يېشى بولسا نەلەرگىدۇ قاچقانىدى. ئۇ ئازابقا چىرمالدى، ئۈچ قېتىم ۋاي ئىست دېدى، لىپاتىيە توپلىغان ھەرخىل

دورىلارنى تاھارەتخانىغا تاشلىۋەتمىسەم بوپتىكەن دەپمۇ ئويلىدى. كلاۋا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۇيان-بۇيان ماڭدى، ئازراق قىينىلىپمۇ ئىچتى. سوغۇق ئۆتۈپ كەتسىدى ماڭا، زۇكام تېگىپ ئۆلۈپ كەتسەم دەپمۇ ئويلىدى، ئەمما يوتقانغا كىرىشى بىلەنلا ئىسسىپ كەتتى، ھەسرەت-پىغان ئۇنى يەنە ئازابلىغىلى تۇردى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ: باشقارمىغا ئەمدى بارسام بولمايدۇ. ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كەلسەممۇ، موسكۋادىن قوغلاندى قىلىنسامۇ، باشقارمىغا بارمايمەن، دېگەنلەرنى خىيال قىلىۋاتاتتى. ئۇ سائەت توققۇزغىچە كارىۋاتتا ياتتى، كېيىن بېشى يەنىلا ئاغرىپ تۇرسىمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئورنىدىن تۇرۇپ، چېچىنىمۇ تارىماي، روھسىز ھالەتتە ئۇياقتىن بۇياققا ھېچ مەنىسىزلا ماڭدى، مېڭىۋېتىپ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ كېتەتتى، بىر قېتىم ئولتۇرغىنىدا ئورۇندۇق تاراققىدە قىلىپ قالدى. بۇنىڭ ھېچقەسى يوق، لېپاتىيە بۇ چاققىچە تۇرۇپ بولغاندۇ، ئۇنىڭ بىلەن رەھىمسىز كۆرەش قىلىۋاتقان تومانىمۇ بىلەت سېتىش ئورنىغا كېتىدىغان ۋاقتى بولدى. ئۇ مۇشۇنداق ئويلاۋاتقىنىدا، بۇرۇنقى دوستى، ھازىر ئەسكىلىك قىلىۋاتقان قوشنىسى توما كىرىپ كەلدى.

— تىنچلىقمۇ، ئورۇندۇق تاراققىدە قىلىۋىدى، سىزنى ئۆيدە ئىكەن دەپ ئويلىدىم. دەم ئېلىۋاتامسىز، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاغرىپ قالدىم، — دەپ ئەدەبسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى كلاۋا، — ئولتۇرۇڭ.

— دەم ئېلىۋاتاتتىم، بارغۇدەك يېرىممۇ يوق. ئىككىمىز يېرىشىپ قالساق، سىزمۇ خالامسىزكىن؟

ئۇرۇشۇشتىن كېيىن بەك ئازابلانغان كالاۋانىڭ ئىككىنچى ئۇرۇشقۇسى يوق ئىدى، شۇڭا يارىشىپ قېلىشنى ھەرقانداق ۋاقىتتا خالايتتى. ئەمما، بۇنداق ئىشتا بوزەك بولغان ئادەم يالغۇز ئۆزىلا بولمىغاچقا، ئاچچىق بىلەن بېشىنى چايقىدى:

— ئەمىسە لىپاتىيە بىلەنمۇ يارىشىسىز.

— قويۇڭە ئۇ لىپاتىيەڭىزنى!

— ئۇنداق بولسا چىقىپ كېتىڭ، — دېدى كالاۋا قەتئىي تۇردە، — چىقىپ كېتىڭ، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

توما خىڭىلداپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋەردى. كېيىن قولىنى شىلتىپ:

— ياراشساق ياراشتۇق! — دېدى.

ئەتىگەنلىك تاماق ئاشخانىدا، تومانىڭ يوغان ئۈستىلى يېنىدا يېيىلدى. توما سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئازراق ھاراق ئەكىرەي دېۋىدى، كالاۋا بىلەن لىپاتىيە ئاركاچېيىۋانا چايدىن باشقا ھېچنېمە ئىچكۈمىز يوق دەپ تۇرۇۋالدى. توما بىرنېمىلەرنى دەپ، تاۋىسىنى تاراڭشىتىپ، خۇشال ھالەتتە مۇنداق دېدى:

— بۇنىسى توغرا بولدى! بولمىسا، بىر-بىرىمىزگە ئالىيىپ، يىغلىشىپ ئولتۇرىمىز شۇ. ئاغزىڭىزنى پۇرمەڭ، بۇرادەر. بىلگۈڭىز كەلسە ئېيتىپ بېرەي: سىز ھاراق شېشىسىنى تاشلىۋەتكەنىدىن ئېتىبارەن سىزگە ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئەر خەق دېگەنچۇ، ھەممىسى خۇمپەر، ھەممىسى ئەلا سۈپەتلىك خۇمپەرلەر.

— بۇ گەپ ئېشىپ كەتتى، — دېدى لىپاتىيە.

ئۇ ۋىلكىنى بىر چەتتە قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەيدانىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ ھاۋانى بولغۇچە سۈمۈردى. ئەمما ھەممىنى كالاۋا بۇزدى.

كلاۋا بىردىنلا يىغلاپ كەتتى، قانداق ۋەھىملىك تەتقىد ئىشتە-
كەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ھەتتا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ناتاشانىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى، بىرلا قىزنىڭ ياخشىلىقىنى، ئىشىنىڭ لېنىنا ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى، "لېنىنا" دېگەن ئىسىمنىڭ چىرايلىق ئىسىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتتى. ئۇ يەنە ئىنتىپاق رايكومى بۇ ئىشنى ئۇقسا، بەك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىلدى، گەپنىڭ ئارىلىقىغا ئادەم چۈشەنمەيدىغان (توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئايالللارلا چۈشىنىدىغان)، ئاساسىي گەپكە مۇناسىۋەتسىز گەپ ۋە ئىشلارنى قىستۇردى، گەپ قىلغاچ يىغلىدى، ئېسەدەپمۇ كەتتى. توما بىلەن لىپاتىيە ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ ئىچۈردى، ۋالېرىئان تىنكتۇراسىنى تېمىتتى، مەيدىسىگە ھۆل ياغلىق قويدى. توما: "بەتبەخلەر!" "ئۇششۇقلار!" "چاياند-
لار!" دەپ تولاپ كەتتى، لىپاتىيە ھەمراھىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ بوش يىغلىماقتا ئىدى.

— مېنىڭچە، ھەممە ئادەم ئەسكى، — دېدى توما، بۇچاغدا كلاۋانىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان ھېكايىسى تۈگىگەنىدى، — بىرمۇ ياخشىسى يوق، ھەممىسى ئەسكى.

— بۇ گېپىڭىز ئېشىپ كەتتى، — دېدى لىپاتىيە قەتئىي رەددىيە بېرىپ، — بۇمۇ ھايات، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ. ئادەم ھاياتتىن كۆپ ياخشى.

— نىجاسەتكە تەڭ بۇنداق ھايات!

— دېمەك، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك.

— ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ نەرسىنى قانداق ئۆلتۈرمەكچىسىز؟

— مېنىڭچە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دېگىنىمنىڭ سەۋەبى ھەممە

ئادەم شۇنداق ئەمەس بولغانلىقىدۇر، — دېدى لىپاتىيە، — بىز ئەسلىدە ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ تۆپىسىدە تۇرساق بولاتتى، ئەمەلىيەتتە ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز. "ئۆلچەمنىڭ ئاستىدا" تۇرۇش بەك چاتاق، چۈنكى سەت گەپنىڭ ھەممىسى "ئۆلچەمنىڭ ئاستىدا" تۇرۇۋاتقان-لارغا كېلىدۇ، ئالايلۇق، تەخسىكەشلىك قىلدى، تۇزاق قۇردى، يالغاندىن توقۇپ چىقتى، ئارىدا يىرىكچىلىك پەيدا قىلدى، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر.

— يەنە بار! — دېدى توما خۇشاللىق بىلەن دوس تارتىشىپ، — مۇناپىق، پەسكەش، يالاقچى، كۆشكۈرتكۈچى دېگەن گەپلەرمۇ بار. راست شۇنداق!

— شۇنداق ئەمەسمۇ، — دېدى لىپاتىيە بىر بارمىقىنى جىددىي كۆتۈرۈپ، — بىز ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئاستىدا، شۇڭا، ئاشۇ ئۆل-چەمگە يېتىش ۋەزىپىسى تۇرۇۋېتۇ. يۇقىرىغا قاراپ تىرمىشىش كېرەك. سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش قاچانلا بولسا قىيىن چۈشىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت لازىم. بۇنىڭ ئۆزى بىر جەريان، كۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— نېمىنى؟

— ئۆستۈرۈش، تەڭلىشىش ۋە ئېشىپ كېتىشنى كۆتۈشكە، "ئۆلچەمنىڭ تۆپىسىدە" تۇرىدىغانلاردىن بولۇشنى كۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغقا بارغاندا، ئەسكىلىكلەر بىلەن تولغان ئەخلاق ئۆگزىسى ئادەملەر ئۆرە تۇرىدىغان يەر بولۇپ قالىدۇ. ھايات ئاستىن-ئۈستۈن بولىدۇ، ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ قانداق ياخشىلىقىنى ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كلاۋا بىر قولدا ئېڭىكىنى تىرەپ جىمغىنا ئولتۇراتتى. ئۇ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئىلمىي مۇنازىرىگە ئارىلاشمىدى. ئۇنىڭ سوۋۇپ قېلىشى گەپ تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس. ياق، كلاۋانىڭ ئۆزىنىڭ قارىشى بار. خېلى بۇرۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاقارەتلىنىۋاتقانلىقىنى زىيادە سەزگۈرلۈك بىلەن سەزگەن. ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان قاراشلىرىنى بىر قەدەر ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ھېچ چۈشەنمىگەن ئىش مۇنۇ ئىدى: نېمىشقا ئەتەي ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ كىشىلەر پۇرسەت تاپسىلا نېمىشقا ئەتەي يۈرىكىمنى مۇجۇپ، كۆڭلۈمگە ئازار بېرىدۇ؟ "بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — ئۇ ئازابتا ئۆزىدىن سورايتتى، — ئاھ خۇدا، نېمىشقا مېنىڭ بېشىمغا مۇشۇ كۈنلەرنى سالدىڭغانسەن؟..." ئۈستەل يېنىدىكى مۇنازىرە قانچە ئۇزاق، قىزغىن داۋاملاشسا، ئۇ شۇنچە ئەنسىزلىنەتتى، ھاقارەتلىنىش سېزىمى شۇنچە كۈچلۈك بولاتتى. كلاۋا ھاقارەتنىڭ مەنبەسىنىڭ بەزىلەرنىڭ چۈكۈرۈشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بىردىنلا ماس كەلمەيدىغانلا بىر گەپنى قىلدى:

— ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارمايمەن! ئۇلار ساقچىنى باشلاپ كەلسۇنچۇ قېنى، شۇنداقتىمۇ بارغىلى ئۇنىماي يېتىۋالىمەن!

كۆڭلى يۇمشاق لىپاتىيە ئۇنى دەرھال قوللىدى، ئەمەلىيەتچىل توما بولسا:

— تېخى دەم ئالمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا، دەسلەپتە بەلگىلىمە بويىچە ئىشقا بارماڭ، ئاندىن سالام بېرىپ، ئىلتىماس يېزىڭ، دەم ئېلىشىم كېرەك ئىدى،

ھازىرغىچە دەم ئالمىدىم، دەپ يېزىڭ، ئاندىن يىل، ئاي، كۈننى يېزىڭ، ئاخىرىغا ئىمزا قويۇڭ.

توما بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ كەلدى، كىلاۋا قەغەزنى تاماق ئۈستىلىگىلا قويۇپ ئىلتىماسنى يازدى. يېزىپ بولۇپ، بىر ئۇھ دەۋېتىپ:

— ھە، دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشسا نېمە ئىش قىلىمەن؟ موسكۋادا يىغلاپ ئولتۇرىمەنمۇ؟ — دېدى.

— جەنۇبقا بارسىڭىز بولمامدۇ، كلاۋوچكا. دېڭىز ئادەمگە يەنىلا شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلىدۇ، يەنە شۇنداق...

— ھېلىقى ئومايىنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دېدى توما توساتتىن چارە تېپىپ، — ئېيىغا ئون رۇبلىنى بىكار ئەۋەتتىڭىزمۇ؟

ئىزا - ئاھانەتكە قېلىش ھېسسىياتى كلاۋانى چىداپ تۇرغۇسىز قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ قەلبى گويا قانداقتۇ بىر ئادەم ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىگە كۆيۈپ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن كۆمۈرنى قويۇپ قويغاندەك پۇچۇلانماقتا ئىدى. بۇ كۆمۈر تېخىچە ئۆچمەي كۆيمەكتە. كلاۋا گويا كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ئۇنى ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك، توختىماي يىغلايتتى. كلاۋا باشقا يەرگە كېتىشنى، بۇ يەردىن قانداقلىكى جاي بولسا بىريەرگە كېتىشنى، كىشىلەر تاش يۈرەكلىك بىلەن بوزەك قىلغان شەھەردىن ئۆزىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان، "قاملاشمىغان ئايال"، "ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن" دېگەندەك پىتنە - پاساتلار بارالمايدىغان چەت - ياقا جايغا كېتىشنى ئويلاپلا كېلۋاتاتتى.

— ھەي، مەن قانداق قىلىمەن؟ قانداق قىلىمەن؟ گەپ قىلىڭلارچۇ، قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئۆلۈشۈم كېرەكمۇ؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، كلاۋوچكا! — دېدى لىپاتىيە قورقۇپ.

— كەتكەن ياخشى! — دېدى توما ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش كېرەك، بۇرادەر. باشقا يەرگە كەتسەڭىز، بۇ يەردىكى ھەممە ئىش ئېسىڭىزدىن چىقىدۇ، رومانسنىڭ ناخشىدىن يەنە بىرنى ئېيتىۋېتەمسىز تېخى!

كلاۋا ماقۇل بولدى. توما پويىز بېلىتى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى، لىپاتىيە ئاركاچىپېۋنا دەم ئېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ئىلتىماسنى باشقارمىغا ئاپىرىپ بەردى. باشقارما باشلىقى ئۇھ دەۋالدى-دە، قەغەزگە شۇ زاماتلا ئىمزا قويدى، كۆڭلىدە بولسا: "ھازىر كلاۋا خەۋپلىك شەخس" دەپ ئويلىدى. ئۇ كلاۋانىڭ دەم ئېلىش راسخوتىنى لىپاتىيەنىڭ ئېلىپ كېتىشىگىمۇ ماقۇل بولدى. رەسمىيەتلەر چاپسانلا بېجىرىلدى، لىپاتىيە دەم ئېلىش رەسمىيىتىنىلا بېجىرىپ قالماستىن، دەم ئېلىش راسخوتىنىمۇ ئېلىپ خۇشال قايتىپ كەلدى.

— ئۇنىڭغا راسا بىر ئالىيىۋىدىم، — دېدى لىپاتىيە لىۋۇدمىلا پاۋلوۋنا بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، — مەنسىتمەسلىك نەزەرىمدە بىر ھومىيىۋىدىم، دىر تىترەپ كەتتى.

لىپاتىيە بىلەن توما ئۈچ كۈنگىچە كلاۋانىڭ سەپىرىگە تەييارلىق قىلدى، كلاۋا ئۆزى بولسا ھېچ ئىش قىلماي يىغلاپ ياتتى، ئۆيدە مېڭىپ يۈردى، ئۇنىڭ يىغلىغىنى يىغلىغانىدى. توما پويىز بېلىتىنى ئەكەلدى، نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا لىپاتىيە ئاركاچىپېۋنا چاپتى. ماركوۋنا دېگەن مومايىنى ھېچكىم تونۇمىغاچقا، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە، ماركوۋنا مومايغا ھەر كىم چېگىسە

بولىدىغان سىدام ياغلىق ۋە سۇرلەنگەن كولباسا ئالدى.

— سوۋغاتلىققا تازا بولىدۇ! — دېدى لىپاتىيە، ئۇ ئۆزى ئالغان كولباسىدىن بەك رازى بولغانىدى، — موسكۋانىڭ قەنت - گېزەك-لىرىدىنمۇ ئازراق ئېلىۋېلىڭ، مومايلار تاتلىق يېمەكلىككە ئامراق.

سېتىۋالىدىغاننى سېتىۋېلىپ، قاچىلايدىغاننى قاچىلاپ تەييار-تەق قىلىپ قويغاندىن كېيىن، لىپاتىيە كىلاۋانىڭ سوزۇلما بەلبېغىنى يېشىپ، بەلباغنىڭ ئىچى تەرىپىگە تۈگمىلىك يانچۇق تىكتى.

— ئۇتتۇرلۇق خەجلەيدىغان پۇلنى باشقا يانچۇققا سېلىڭ، قالغان پۇلنى مۇشۇ يانچۇققا سېلىڭ. بەلباغنى ھەرقانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ يەشمەڭ. ھەرقانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ دەۋاتىمەن، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ پايپاقنى سالسىڭىز مەيلى، دەم ئېلىش ۋاقتىڭىز توشقۇچە بەلباغنى يەشمەڭ، ئۇخلىسىڭىزمۇ بەلباغ بىلەن ئۇخلاڭ. ئەتراپنى يانچۇقچى - ئوغرى بېسىپ كەتكەندە، خۇدايىتالا ئېھتىياتچان ئادەملەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

پرۇنىسكىغا بېرىش ئۈچۈن ئون سائەت پويىزدا ئولتۇرۇش كېرەك، پويىز 20 دىن ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندە ماڭىدۇ، دېگەن گەپلەرنى توما كۆرەڭلىك بىلەن دەپ كەلدى. توما بىلەن لىپاتىيە كىلاۋانى ئۇزىتىپ ۋوگزالغىچە كەلدى، توما چامادانىنى كۆتۈردى، لىپاتىيە تور خالتىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭدى، كىلاۋاغا بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپىلىدى، بۇ گەپلەر كىلاۋانىڭ ئاغرىپ يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇۋاتقان كاللىسىغا قاچىلاندى. ئۇلار ۋوگزالغا كىردى، كىلاۋانىڭ ئورنى دېرىزە تۈۋىدە ئىدى، ئۇ ئەمدى كېتىڭلار دەپ ئىككىيلەنگە ھەدەپ ئاچچىقلىنىپ قول پۇلاڭلىتاتتى. ئەمما ئىككىيلەن ماڭمىدى، پويىز قوزغىلىپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆيىدىن سەپەرگە چىققان

كلاۋا ساموۋانى ئېلىپ يىراقلاپ كەتكەندە، ئىككىيلەن ئاستا قەدەملەر بىلەن ۋوگزالدىن چىقتى.

## 11

پويىز موسكۋا شەھەر ئەتراپىدا غۇيۇلداپ ماڭماقتا، ئاخشىمى بولغاچقا، يول بويىلىرىدىكى بېكەتلەردە ئادەم يوق ئىدى، پويىز بېكەتلەردىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. سىرتتىكى چىراغلاردىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. كلاۋا پېشانىسىنى دېرىزىگە يېقىپ، سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاگوندا بىرمۇنچە يولۇچىلار ئۇياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈشمەكتە، بىر يولۇچى كلاۋانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەمما كلاۋا ئۇنىڭغا قارىمىدى. سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپ بويىنى ئاغرىشقا باشلىغاندا، ئاندىن بېشىنى بۇردى.

— ئامانمۇسىز، سەپەرداش، — دېدى بېشىغا خېلىلا ئاق كىرگەن، كۆزەينەكلىك پاكار بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا.

كلاۋا ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا يول بويى تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالىدىغان يۈزى قېلىن يىگىت ئەمەس، بىر بوۋاينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال يېنىكلەپ قالدى. دۇرۇس، بىر يىگىت بار ئىدى، ئەمما ئۇ كلاۋانىڭ ئۇدۇلىدا ئەمەس، ئارىلىقتىكى يولنىڭ نېرىسىدىكى ئورۇندا ئىدى. ساقچى كىيىمى كىيىۋالغان بۇ قالتىس يىگىتنىڭ يېنىدا دوغىلاقىنا يېزا ئايالى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىنىڭ نۇرى قاچقان ئون ياشلاردىكى قىزچاقنى قۇچاقلىۋالغان ياش چوكان قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ ئادەملەرگە كلاۋا ئاياللارغا

خاس چاقىقانلىق بىلەن بىراقلا كۆز سېلىپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىچىك شىرەگە قاراپ ئولتۇرماقتا ئىدى.

— تونۇشۇپ قالايلى. مېنىڭ ئىسمىم ياكوۋ ماتۋىچ. سىزنىڭچۇ؟

كلاۋا دەرھاللا جاۋاب بېرەي دېدىيۇ، ھېلىقى قالتىس ساقچىدىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، ئاۋازىنى پەسلەتتى:

— مېنىڭ ئىسمىم ئادا.

— ھەببەللى! — دېدى ياكوۋ ماتۋىچ، ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ يېنىڭىزدىكى ئىززەتلىك پولىنا گىرىنگوردېيۋنا، ئاۋۇ ساقچى يولداشنىڭ ئىسمى سېرگېي، ماۋۇ بالا تۇتۇپ تۇرغان ئايالنىڭ ئىسمى لىدىيە پېتروۋنا، قىزچاقنىڭ ئىسمى ئولېنكا.

بىر پويىز خىزمەتچىسى كېلىپ، كۆپچىلىكتىن: چاي ئىچەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. نېمىشقىكىن، ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، ساقچى سېرگېي شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممەيلەنگە ئىككى قاچىدىن چاي لازىملىقىنى ئېيتتى، ئاندىن كلاۋاغا:

— بىز سىزگە ياردەملىشىمىز. قانداق دەيسىز، ئادا؟ — دېدى.

كلاۋا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى دەرھاللىققا چۈشىنەلمەي، ھاڭغىيىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەمما، خۇداغا شۈكۈر، تېزلا ئەقلىنى تاپتى. ساقچى بىر پەتنۇسنى ئالدى، قايناق سۇ شىلدىرلاپ ئاققان بۇلاق سۈيىدەك قۇيۇلدى، ئايال خىزمەتچى باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ساقچى ۋە قايناق سۇ ئالدىغان باشقا يولۇچىلار قايناق سۇخانىنىڭ ئالدىدا ئۇزاقىچە تۇرۇپ قالدى. سېرگېي ئۆزىنىڭ موسكۋادا ساۋات بىلىملىرى مۇسابىقىسىدە مۇكاپات ئالغان-

www.uyghurkitap.com

لىقىنى دەپ بەردى، كلاۋا ھېچنېمە دېمىدى، بىراق ئۇنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ تىڭشىدى، نەتىجىدە كلاۋانىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرىۋاتقان ھېلىقى قىپقىزىل كۆمۈر بارا-بارا ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

— پرۇنسكىغا نېمىشقا بارىسىز؟ — دەپ تۇساتتىن سوراپ قالدى ساقچى، ئاندىن خىجىل بولغاندەك ئىزاھات بەردى، — سىزدىن بۇنداق دەپ سورىشىمدىكى سەۋەب، مەن سىزنى بىركىمگە ئوخشىتىۋاتىمەن.

— مەن كىنو ستۇدىيىسىدىن، — دېدى كلاۋا، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشىنىپ بولمايتتى، ئارقىدىنلا مۇنداق دەپ ئويلاپ قالدى: "ئاپلا، شەيتاندەك يالغان گەپ قىلغىنىم نېمىسى؟" شۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېدى، — بىز ئۇ يەردىكى كىرووۇ كوچىسىدا فىلىم ئىشلىمەكچى.

ماركوۋنا موماي كىرووۇ كوچىسىدا تۇرۇشلۇق ئىدى، باشقا كوچا-رەستىلەرنىڭ ئىسمىنى كلاۋا بىلمەيتتى.

— دېمەك، سىز ئارتىس ئىكەنسىز-دە؟ — دېدى ساقچى خۇشاللىقىدا كۈلۈپ، — نەدە كۆردۈمكىن، ئەجەب تونۇشقۇ دەپتىمەن تېخى.

ئەمەلىيەتتە كلاۋانىڭ چىرايى كۆپچىلىكنىڭكىگە ئوخشايتتى، كالتە پەلتوسىمۇ كۆپچىلىكنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. قىزىل رەڭ مودا بولغاندا، كلاۋا قىزىل نەرسىلەرنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ سېتىۋالاتتى، يېشىل رەڭ مودا بولغاندا، يېشىل نەرسە ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاتتى.

— ياقەي، نەدىكىنى، مەن ئارتىس ئەمەس، — دېدى يۈزى قىزارغان كلاۋا، ئەمما مۇشۇ چاغدا نېمىشقىدۇ لىپاتىيە ئاركاچىيېۋنا

بىردىنلا ئېسىگە كەلدى، — مەن ئۇلارغا ھەۋەسلىنىمەن. ھە، بىراق، بىلەمسىزكىن، راستلا، بەزىدە... رولغىمۇ چىققان.

— مۇنداق دەڭا! — دەپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى ساقچى، — كىنودا سىزنى چوقۇم كۆرگەنمەن!

بۇ چاغدا ئايال خىزمەتچى كېلىپ قاچىلارغا بىر-بىرلەپ چاي قۇيدى. كېيىن سېرگېي قاچا بىلەن تولغان پەتنۇسنى ئېلىپ كەتتى، كلاۋا ئىستاكان ۋە قەنت تارقاتتى.

ۋاگوندىكى ئادەملەر ۋاژ-ۋۇژ قىلاتتى، بىر نېمىلەرنى تالىشىپ مۇنازىرىلىشەتتى، كلاۋالا گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پاراڭلىششقا ئاللىقاچانلا مەيلى تارتماس بولۇپ قالغانىدى، ئۇ يولۇچىلارنىڭ پاراڭىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىماقتا ئىدى، تەلىيىگە مۇشۇ پويىزغا، مۇشۇ ۋاگونغا چىقىپ قالغىنىم، مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرغىنىم ئوبدان بوپتۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ ساقچى سېرگېيغا ئوغرىلىقچە قاراۋالاتتى، ئۇنىڭ نېمىگە قاراۋاتقىنىغا سەپسالاتتى، ئۆزىچە كۈلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقان ھېلىقى كۆمۈر ئۆچەي دەپلا قالدى، ئەمدى بەخت نۇرى چاقنىماقتا ئىدى. كىشىلەر پويىز گۈلدۈرلەپ ئۇچقانىدەك مېڭىپ كۆتۈۋېلىۋاتقان گۈزەل ئەتىنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

## 12

پرۇنسكىدا پويىز بىر مىنۇتلا توختىدى. كلاۋا ئولتۇرغان ۋاگوندىن كلاۋا بىلەن سېرگېيلا چۈشتى، بۇ ئەھۋالدىن كلاۋا ئىنتايىن خۇشال بولدى. سېرگېي كلاۋانىڭ چامادانىنى كۆتۈرۈشۈپ

بەردى. ئىش ئايدىڭلاشتى: بۇ ئىككىلەنىنىڭ يولى بىر ئىدى، چۈنكى ساقچى ئىدارىسى بىلەن مېھمانخانا تام قوشنا ئىدى.

— بۇ يەر بۇرۇن كولخوزنىڭ ئۆيلىرى ئىكەندۇق، ھازىر مېھمانخانا. بىزنىڭ بۇ يەردە پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدىن باشقا ھەممە ئىدارە شەھەر مەركىزىدە. باغچىنىڭ يېنىدا پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى يالغۇز. ئەسلىدە شەھەر مەركىزىنى شۇ يەرگە يۆتكىمەكچى بوپتىكەنىدۇق، كېيىن ئۆزگەرتمەسلىكنى قارار قىلىپتۇ.

ئۇ ئىككىسى بىر قەۋەتلىك كىچىك مېھمانخانىنىڭ يېنىدا خەير-لەشتى، ئۇدۇلىدا راستلا ساقچى ئىدارىسى بار ئىدى. سېرگېي مەن ھەر كۈنى ئاشۇ يەردە "خىزمەت قىلىمەن" دېدى (بۇ ئۇنىڭ گېپى) ھەمدە تېلېفون نومۇرىنى رەسمىي قالدۇردى:

— ياردەم لازىم بولۇپ قالغاندا ھايت دەۋېتىڭ، قىسقىسى... بىزگە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار؟

— سىزگە تېلېفون بېرىمەن، — دېدى كلاۋا، خۇشاللىقتا ئۇنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مېھمانخانىدا ئورۇن قالماپتۇ، دېمەك، ئادەمدىن بىكار ئۆي جىق ئىدى، ئەمما نەرخى كلاۋاغا قىممەت بىلىندى، ئۆيىنىڭ نەرخى كلاۋانىڭ ئىش ھەققىغە ماس كەلمەيتتى، مېھمانخانا جىگىلىسى يالغۇز كىشىلىك كارىۋاتلارنى يۆتكەشكە قەتئىي بولمايدۇ دەپ، ئادەتتىكى ئۆيلەرگە كارىۋات ئەكىرىشكە ئۇنىمىدى. بۇ بەلگىلىمىنى ئاڭلىغان كلاۋا قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى، بىر تېلېفون بېرىۋالسام دەپ كۆلۈپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى ئۇ.

— ۋاقتىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ، 20 مىنۇتتىن كېيىن باردەمەن! — دەپ تېلېفوندا جاۋاب بەردى دەرھاللا سېرگېي.

كلاۋا ۋاقىتنى ساناپ تۇردى، ساقچى 15 مىنۇتتىن كېيىن كەلدى ۋە ئىنتىكلا يالغۇز كىشىلىك كارىۋات تېپىپ بەردى. سېرگېي قاپىقىدىن مۇز ياغىدىغان ئايال خىزمەتچىلەر بىلەنمۇ ئاسانلا پاراڭلىشىپ كېتەلەيتتى ۋە ئۇلارنى كۆلدۈرۈۋېتەتتى. كلاۋا بۇنىڭدىن خۇيلىنىپ قالمىدى، ئەكسىچە، ئىنتايىن مەغرۇرلاندى، سېرگېي ھەممە ئىشنى جۆندىيەلەيدىكەن، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىچىلىپ-يېيىلىپ مۇئامىلە قىلىدىكەن، دەپ ئىپتىخارلاندى. ئانىسى: ياخشى ئادەم ئەسكى ئادەمدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، دەيدىغاندى، ئەمدى كلاۋا بۇ گەپكە قايىل بولدى، ئانام ئورۇنلۇق گەپ قىپتىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— جاراھىتىڭىز قانداق بولدى؟ — دەپ سېرگېيدىن سورىدى كلاۋاغا گەپ قىلىشنىمۇ خالىمىغان يېشى چوڭراق خىزمەتچى ئايال كۆيۈنۈپ.

— ئۇنىمۇ جاراھەت دېگىلى بولامدىكەن! تېرەمنى جىجاپ كېتىپتۇ شۇ.

— پىچاق بىلەن جىجاپتىمۇ؟ دېمەك، ئۇ سىزگە پىچاق تىققەن دېگەندە تۇتۇۋاپسىز-دە؟

— ھەي، تولۇق تۇتۇۋالدىم دېيەلمەيمەن، — سېرگېي ئوڭايسىزلاندى، گەپ قىلغاندا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇردى، كلاۋا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىپ كەتتى، — ماڭا بىر پىچاق ئۇردى، ئاندىن مەن ھۆنىرىمنى چىقاردىم.

— ئۇنى نەچچە يىللىق كېسىدۇ؟

— بۇنى سوت مەھكىمىسى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز خەۋپنى توسۇش.

كلاۋا ياتاق رەسمىيىتىنى ئۆتەۋاتقاندا ئاشۇ گەپلەر بولدى.

كېيىن سېرگېي كىلاۋانىڭ چامادانىنى ياتاقىقا ئەكىردى، كىلاۋا بۇ كارىۋاتىنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن دېسۆن دەپ، بەزى نەرسىلىرىنى كارىۋات بېشىدىكى ئىشكاپقا نېرى - بېرىلا قويىدى. كىلاۋا: ئايال خىزمەتچىلەر ئېتىمنى سوراپ قالمىسىدى، دەپ دەككە - دۈككە بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزى ھازىر ساقچىدا ئىدى.

— قورقماس يىگىت ئىكەنسىز جۇمۇ، — دېدى يېشى چوڭىراق ئايال خىزمەتچى خوشلىشىدىغان چاغدا، — سىزچۇ، قىز، كەچتە ئۆزىڭىز يالغۇز تالاغا چىقماڭ.

ئۇلار ئىككىسى مېھمانخانىدىن چىقىشتى ۋە پەلەمپەيدە توختاشتى. كۆن چىقتى، شامالمۇ توختىدى، ئەتىراپ جىمجىت. كىلاۋا بەختىكە ئېرىشكەندەك كۆزىنى قىستى، ساقچى سېرگېي قايتىپ بېرىپ "خىزمەت قىلىدىغان" بولغاچقا، بىئارام بولغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا ئۇلار بىر - بىرىنى "سەن" لەشكەنلىرىنى بىلمەيلا قالدى. كىلاۋا ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپلا كەتكەنىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەركىلەپمۇ قويدى.

— كىرووۋ كوچىسى بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈردى ساقچى سېرگېي، — ئۇدۇل مېڭىپ ئۈچ كوچىدىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرۇلۇپ قارىسا، دەريا بويىدىكى كوچا شۇ.

— قاراقچى تۇتىدىغاندا قورقامسەن؟

— مېنىڭ خىزمىتىم شۇ - دە، — دېدى ساقچى ھازىر جاۋابلىق بىلەن.

— قاراقچى قورقۇنچلۇقمۇ؟

— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس. ئىككىنچىسى قورقۇنچلۇقتەك تۇرىدۇ.

— ئىككىنچىسى قانداق ئادەم؟

— تېخى تۇتۇلمىدى. بۇ يەردە بىرنەچچە قەبىھ قولاق كەستى

بارلىقىنى بايقىدۇق، ئۇلار مۇشۇ يەرلىك لوكچەكىلەرگە هاراق ئىچۈرۈپ، بۇ لوكچەكلەرنى كونترول قىلماقچى بوپتۇ. ھەي، ئاران بىرسىنى تۇتالىدۇق. ئۇ ئىسپات ماتېرىيالى يېزىپ بەردى. يەنە بىرىنى بىلمىزۇ، نەدىلىكىنى بىلمەيمىز.

— ھېلىقى يېشى چوڭراق ئايال خىزمەتچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، سىلەرنىڭ بۇيەر ئاخشاملىرى خەتەرلىك ئىكەن، راستمۇ؟

— ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى سېرگىي قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەلۋەتتە، پۇقرا، بولۇپمۇ ئاياللار، ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بىراق، بىز باشلىقنى تېخى تۇتالمىدۇق، كىملىكىنىمۇ ئۇقمايمىز، بىزدە ماشىنا ئادەمنىڭ سۈرەت تارتىش ئۇسكۇنىسى يوق، ئۇ ئادەمنىڭ رەڭگىرويى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىيالمۇ يوق.

ساقچى جىم بولۇپ قالدى ۋە ئۇھ تارتىپ قويدى، ئاندىن كلاۋانىڭ ماركوۋنا مومايغا ئاتاپ ئالغان سوۋغىلىرى سېلىنغان تور خالتىنى يەنە بىر قولىغا يۆتكىدى. كلاۋا بۇ ساقچىنى بىلىپ بولدى، ساقچى نېمىدېگەن كەمتەر، تىرناقتا توختىغۇدەك يىگىت-ھە، دەپ ئويلىدى ئۇ. كلاۋا بۇ ساقچىنىڭ ئانچە ئەقىللىق بولمىسامۇ، ماگا — كلاۋا ساموۋاغا شۇنچە ئامراق بولۇشى كۆڭلۈمگە ئايان دەپ ئويلىدى-دە، بەختىكە چۆمۈلۈپ ھاڭۋېقىپلا قالدى.

— كىرووۋ كوچىسىدا نېمە ئىشىڭ بار؟ مەن بىلىدىغان ئىش بولسا، يول كۆرسەتسەممۇ ئەجەب ئەمەس.

— ھە، كىنو ئىشلىمەكچى، — دېدى كلاۋا، ھازىرقى مىنۇتتا ماركوۋنانى تىلغا ئېلىشنى كىچىك ئىش دەپ ئويلىغان كلاۋانىڭ ماركوۋنانى ۋە ئۇنىڭغا ھەر ئايدا ئۇن رۇبلى ئەۋەتىپ تۇرغانلىقىنى

زادىلا تىلغا ئالغۇسى كەلمىگەنىدى، — دېمەك، ئاخشىمى سىرتقا
چىقمىغىنىم تۈزۈككەن - دە؟
— نەگە بارماقچى؟ كىنو كۆرگىلى، ياكى مەدەنىيەت سارىيى
دېگەنگە ئوخشاش جايلارغا بارماقچى بولساڭ، مەن بىللە باراي،
ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئېلىش كېرەك.
— مەن رازى، — دەپ پىسىڭگىدە كۈلدى كلاۋا، — قاچان
بارىمىز؟
— بۈگۈن، يا بولمىسا ئۆگۈنلۈككە بارىلى، ئەتە مەن دېجورنى.
— بۈگۈن بارغىنىمىز ياخشى، شۇغىنىسى كىرووۋ كوچىسىدا نېمە
ئىشىم بارلىقىنى بىلمەيمەن. مېھمانخانىغا تېلېفون بېرىپ باققىن،
مېنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ياكى نەدىلىكىنى
بىلمەيمىز دەپ خەۋەر بېرىدۇ.
ئۇلار كۆرۈشمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئايرىلىشتى.
كلاۋا بۇرۇن كېلىپ باققان ئادەمدەك، ماركوۋنا مومايىنىڭ ئۆيىنى
ئاسانلا تاپتى. ئىشىك تۈۋىدىكە ئۆي ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار
ئاڭلاندى. كلاۋا پەلەمپەيدە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، ئەتىراپقا
قۇلاق سېلىپ، ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنى بوش چەككەن بولسىمۇ،
ئۆيدىكى ئادەم ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغاندەكلا، ئىشىك دەرھال
ئېچىلدى. ئىشىك تۈۋىدە ياش - قۇرامى ئانىسى بىلەن تەڭ دېگۈ-
دەك سېمىز بىر ئايال تۇراتتى. بۇ ئايال كلاۋانىڭ ئانىسى ئادەتتە
دوستلىرىدىن سوئال سورىغاندەك، مۇنداقلا سورىدى:
— سىز كىمنىڭ قىزى؟
— مەن؟ — كلاۋا تەمتىرەپ قالغانىدى، — مەن موسكۋادىن
كەلدىم. ماركوۋنا چوڭئانامنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— ماركوۋانى؟ — ھېلقى ئايال يانغا ئۆتتى، — قېنى، كىرىڭ. سىز زادى كىمنىڭ قىزى؟

— مەنمۇ؟ مېنىڭ فامىلەم ساموۋا، ئىسمىم كلاۋدىيە...

— توختاپ تۇرۇڭ، توختاپ تۇرۇڭ، سىز مانىيە ساموۋامۇ؟

— ئۇ دېگەن مېنىڭ ئانام. ئانام ئالەمدىن ئۆتتى، ئانام ھايات ۋاقتىدا ھەر ئايدا ماركوۋنا چوڭئانامغا ئۇن رۇبلى ئەۋەتىپ تۇرۇشنى تاپىلىغان. دەم ئېلىش پۇرستىدە تونۇشۇۋالاي دەپ كېلىۋىدىم...

— ھەي، بۇ ياققا كېلىڭلارچۇ! — دەپ توساتتىن ۋارقىرىدى سېمىز ئايال، — لېنىنا، لىيۇبا، دۇسە، شۇرا، كولە! مانىيەنىڭ قىزى كەپتۇ!

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ئاق چاچلىق، سېمىز ئاياللار ۋە ئەرلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە پەيدا بولدى-دە، ئەسلىدىمۇ تارچىلىق قىلىپ قالغان تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئارىلىقىنى لىق توشقۇزىۋەتتى. ھەممەيلەن ۋارى-ۋارى قىلىشىپ كلاۋانى قارشى ئالدى، سۆيدى، قۇچاقلىدى، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يەلكىسىنى سىلىكىشتى.

— ھەي، ساپساق يۈرگەن مانىيە ئۆلۈپ كەتتىما؟...ھەي خۇدا، ئاھ خۇدا!...سىز كېلىپسىز، يارايسىز...ئىسمىڭىز نېمىدى؟ كلاۋدىيە؟...ئىسمى كلاۋۇچكا. كلاۋۇچكا دەپ چاقىرىڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟... — كېيىن ھەممەيلەن سەل جىمىغاندىن كېيىن، بېشىغا ئاق سانجىغان، خېلى كېلىشكەن بىر ئەركىشى پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ماركوۋنا ئۇ ئالەمگە كەتتى، كلاۋۇچكا. 40 كۈن بولدى، بۈگۈن قىرىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جەم بولغاندۇق.

كېيىن پەرتۇق تارتىۋالغان كلاۋا ئاشخانىدا كۆكتات ئادالىدى،

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇنىڭ كۆز يېشى پىيازنىڭ ئاچچىقىدا چىققان ياشلار ئەمەس ئىدى. كىلاۋاغا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن سېمىز ئايالنى باشقىلار رايا هاما دەپ قىچقىراتتى. كلاۋا ئۆزىنىڭ رايا هاما، دۇسە هاما، شۇرا هاما، لىيۇبا هاما قاتارلىق هامىلىرى ۋە لىيونە (بېشىغا ئاق سانجىغان، خىلى كېلىشكەن ھېلىقى كىشى)، كولە دېگەن تاغىلىرىنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. باشقا شەھەردە يەنە تۆتى بار ئىكەن، ماركوۋنانىڭ قىرىقىغا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەپتۇ.

— ھەممىمىز 11 ئادەم، — دېدى رايا هاما تونۇشتۇرۇپ. رايا هاما ماركوۋنا بىلەن بىللە ئۆتۈپتىكەن، شۇڭا بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇپ قاپتۇ، — بەزىلىرىمىزنى ئۇ ۋوگزالدىن ئېرىپ كەلگەن، بەزىلىرىمىز سىزنىڭ ئانىڭىزدەك ئۆزىمىز كېلىپ قالغان.

— شۇنداق، باللىق چاغلىرىمىز ناھايىتى قىزىق ئۆتكەن، ئاچ قېلىشنى قالاتتۇق، ئەمما، ئىشقىلىپ، بەك ئوبدان ئۆتەتتۇق. توغرا دېدىممۇ، قىزلار؟

— توغرا دېدىڭ، شۇرا.

— بۇ ئۇستەلدە تاماق يېمىگەن كىم بار؟ بىر قازاننىڭ شورپىسىنى ئۆزىنىڭ قوشۇقلىرىدا ئۇسۇپ ئىچمىگەن كىم بار؟ شۇرا ئىككىمىز بېلوروسسىيەدىن سەرسان بولۇپ كەلگەن، مانىيە سمولېنسكى رايونىدىن كەلگەن، كولە لېنىنگرادتىن كەلگەن، لىيۇبا بىلەن دۇسە نوۋوگورود رايونىدىن كەلگەن، لىيونە سەرگەردان سىگانلارنىڭ ئارىسىدىن كەلگەن، ساۋاتسىز ئىدى، ئۇسسۇل ئويناشنىلا بىلەتتى. سىزنىڭ ئانىڭىز بىلەن مەن چوڭى ئىدۇق، باشقىلار كىچىك ئىدى.

— بىز ئۇ ئىككىيلەننى ”رايا ئاپا“، ”مانىيە ئاپا“ دەيتتۇق، —

دېدى كۆڭلى يېرىم بولغان لىۋبا ھامما كۆلۈپ قويۇپ.

— مېنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوققۇ؟! — دېدى كالاۋا ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئانام ماڭا ھېچنېمىنى دەپ بەرمەپتا؟

— نېمىشقا؟

ئاياللار بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئانىڭىزنى خەق بوزەك قىلدى، — دېدى شۇرا ھامام پەس ئاۋازدا، — زورلۇق بىلەن بوزەك قىلدى. ئۇ زامانلاردا قورساق تويۇپ ئۆتمەيتتى، ئەمما بىز ئېچىغان خېمىردەك چوڭىيۋەردۇق، كىيگىلى كىيىم يوق، قىشچە خەي كىيىپ چىقاتتۇق، مەكتەپكە يۈگۈرۈپ باراتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى يېشى چوڭلار — رايا ئاپام بىلەن مانىيە ئاپام سىرتتا ئىشلىدى. نەدە ئىشلىدى دېمەمسىز. ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بار، ئۇ زامانلاردا ۋوگزالدا يۈك چۈشۈرۈپ ھاممال بولۇشتىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

— قىزىم، ئۇ سىزنى قانداق تۇغقاندۇ، — دېدى رايا ھامام ئۇھ تارتىپ، — شۇنچە ئېغىر تاغارلارنى كۆتۈرگەندى...

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى، ھەممەيلەن ئۈن - تىنسىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. كالاۋا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئانام نېمە بولدى؟

— خەق بوزەك قىلدى، — دېدى شۇرا ھامما سۈرلۈك قىياپەتتە، ئۇنىڭ تۇرقى باشقىلاردىن سۈرلۈكرەك كۆرۈنەتتى، — رايا ئاغرىپ قالغاچقا، ئانىڭىز كېچىسى ئىشلەشكە چىقىپ كەتتى — كېچىسى ئىشلىسە پۇلىنى جىق تاپقىلى بولاتتى. قايتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ، پۈتۈن بەدىنى كۆك. بىر ئايغىچە ئاغرىق يۈردى، كېيىن بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

تۇرسام بولمايدىكەن، بۇنداق نومۇسقا چىداپ تۇرالمايمەن. بۇ يەردىن كېتەي دېدى. ئاخىرى راستلا كېتىپ قالدى، بىر پارچە خەتمۇ كەلمىدى، قارارلىق پۇل ئەۋەتىپ تۇردى.

— غۇرۇرلۇق، جىگەرلىك ئايال ئىدى، — دېدى دۇسە هاما ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — پۇل ئەۋەتكەندە ئادرېسىنىمۇ يازمىغان.

— كۆپرەك ئەۋەتىشكە قۇربىمىز يەتمىدى، — دېدى كلاۋا كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئەپۇ قىلغايسىلەر.

— ئەۋەتكەن پۇلنى خەجلىمىدۇق، — دېدى رايا هاما، — سىزمۇ، ئانىڭىزمۇ پۇل ئەۋەتىڭىز، باشقىلارمۇ ئەۋەتىپ تۇردى. بۇ يەردە مەن، دۇسە، شۇرا ئۈچىمىز قالدۇق. ماركوۋنا ئەۋەتىلگەن پۇللارنى ساقلاپ قويدى. ئالەمدىن ئۆتىدىغان چاغدا، بۇ پۇللارنى نەۋرىلەرگە ئاتاپ ساقلاپ قويۇڭلار، دەپ ۋەسىيەت قالدۇردى، نەۋرىلەر دېگىنى ئۇنىڭ بېقىۋالغان باللىرىنىڭ پەرزەنتلىرى. ئۇ: بۇ پۇللارنى نەۋرىلەر ئوقۇش راسخوتى قىلسۇن دېدى. ئۇ يەنە باللارنى ئوقۇتالمىدىم، بۇ مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك، ئەمدى نەۋرىلەر بولسىمۇ ئوقۇۋالسۇن دېدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سىز بىلەن قوشۇلۇپ ئالتە نەۋرە بار ئىدى، بىز مانىيەنىڭ قىزى بارلىقىنى بىلەتتۇق. بۇ يەردىكىلەردىن ليۇنەلا ئوقۇيالىدى، قانۇن كەسپىدە ئوقۇدى، خەت ئارقىلىق ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. شۇڭا، بۇ پۇللارنى قانداق تەقسىملەشنى سىزگە ئۇنىڭ ئۆزى دەپ بەرسۇن...

— ياق! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى كلاۋا، ئۇ بېشىنى چايقىغاندا، كۆزىدىن ئاققان ياش يېنىغا چاچرىدى، — ماڭا لازىم ئەمەس، لازىم ئەمەس، لازىم ئەمەس، بۇ پۇلنى ئالىدىغان ئاساسىم يوق!

بۇ پۇل بىلەن خاتىرە مۇنارى ياسىتايلى. چوڭنامىغا مۇنار ياسىتايلى، ئېگىز قىلىپ ياسىتايلى، چوڭنام ئۆلگىمىز بولسۇن...

كلاۋا سۆزلەۋېرىپ تىترەپ كەتتى، ئەمدىلا تونۇشقان ھاممىلىرى تەرەپ-تەرەپتىن چىقىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، جىمىقتۇرۇش دورىسى يېگۈزدى، ئۇنى جىم بىر ئۆيگە ئەكىردى. كلاۋا ئىسسىپ قالدى، كەيپىياتىمۇ ئورنىغا چۈشتى، كېيىن ئۇخلاپ قالدى، ئۇ پويىزدا كىرپىك قاقمىغانىدى، پەقەتلا بىردەم مۈگدۈۋالغانىدى. بۇ ئۆيدە — بۇ بەلكىم بۇرۇن ئانىسى ئۇخلايدىغان ئۆي بولسا كېرەك — قانغۇچە ئۇخلىدى. ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىغانغا ئاز قالغاندا، رايا ھاما ئۇنى ئويغاتتى.

— تۇرۇڭ قىزىم! — دېدى رايا ھاما كلاۋانى ئانىسى سۆيۈپ قويغاندەك سۆيۈپ، — ھەممە تەييارلىق پۈتتى، كېلىدىغانلار كېلىپ بولدى، دۇسەنىڭ ھېلىقى ئەخمەق ئوغلىمۇ كەلدى. ئۇ ھاراق ئىچكىلى كېلىدۇ، باشقا ئىشى يوق. ھەي، كاللىسى يوق بۇ ھاماقەتنى دەپ دۇسە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى!...

بۇرۇن ماركوۋنانىڭ "بالىلىرى" قالايمىقان يېتىپ ئۇخلايدىغان چوڭ ئۆيدە ئۈستەل تەييارلانغانىدى، ئۈستەل يېنىدا پىيادە ياكى ماشىنىدا كەلگەن بىر مۇنچە ئادەم ئولتۇراتتى. بۇلاردىن يېشى چوڭراقلىرىنى كلاۋا تونۇيتتى، ياشراقلىرىنى — دۇسە ھاممىنىڭ ئوغلى ۋىكتور بىلەن كولە ئاكىنىڭ قىزى سىۋېتكانى كلاۋانىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

كلاۋدىيە بۇ نەزىرنى ئاھ ئۇرۇش، يىغلاش ئىچىدە ئۆتىدۇ دەپ قىياس قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئۈستەل ياقىلاپ ئولتۇرغانلار داغدۇغا ۋە ھەيۋەت بىلەن ماركوۋنانىڭ

روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئاچ قالغانلىقى، يالىڭاياق يۈرگەنلىكى، كىيىشكە كىيىم تاپالمىغانلىقى، ئۇرۇش بولۇۋاتقان يىللاردا ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىدىكى شادلىقلىرى ۋە قىلىشقان جاڭجال-جېدەللىرى توغرۇلۇق ئەسلەشكە باشلىدى. ھەممەيلەن كۆلۈشەتتى، ئۇستەلنىڭ بۇ تەرىپىدىكىلىرى ئۇ تەرەپتىكىلەرگە ۋارقىرايتتى: "لىنكا، ئېسىڭدە بارمۇ؟...لىيۇبا، بىلەمسەن؟..." گەپ-سۆز قىلماي ھاراقلا ئىچىۋاتقان، تولا ئىچىپ مەست بولۇپ كەتكەن، تۇرقىدىن ھاماقەتلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئاق قاشلىق ۋىكتوردىن باشقا، ھەممەيلەن شاد-خۇرام ئىدى. ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان ۋىكتور بۇ تەرەپتىكى كلاۋاغا ئۇدۇل بولمىسىمۇ، ھەدەپ قارايتتى. ئەمما، قىزىق يېرى شۇكى، ۋىكتور نېمىشقىدۇ كلاۋاغا ھەۋەسلەنمىگەندەك تۇراتتى. بۇ ھال كلاۋانىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

نەزىر ئۇزاق داۋام قىلدى، كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشتى-دە، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇش، تىزىشقا ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ياردەملەشتى، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قويۇشتى. كلاۋا ھېچكىم ئىش قىل دېمىسىمۇ سېرگېينى ئويلىغاچ قولىدىن كېلىشىچە ئىش قىلدى. بۈگۈن سېرگېي بىلەن كۆرۈشكىلى بولمايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كلاۋانىڭ كۆڭلى بىر ھازاغىچە يېرىم بولدى، نەتىجىدە ئۇلار ئىككى كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن، يەنى سېرگېي ئۆگۈنلۈككە دەم ئالغان چاغدا كۆرۈشىدىغان بولدى. كلاۋا ماركوۋنا مومايىنىڭ ئۆيىدە قالدى.

— كلاۋوچكا، بىزنىڭ بۇ يەردە قىزلار كەچتە سىرتقا چىقمايدۇ. سىرتتىن كەلگەنلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيلىرىدە ياتتى،

شۇڭا كلاۋا چۈشتىن ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيىدە رايا هاما بىلەن بىللە يېتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۆيدە نېمىشقىدۇ جەدۋەلنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى تەبىئىي هالدىلا سۆزلەپ بەردى، زېرەك لېنىنا، خائىن ناتاشا، بەختسىز لىپاتىيە ئاركاچىپېۋنا توغرىسىدىمۇ، ليۇدمىلا پاۋلوۋنا توغرىسىدىمۇ پاراڭ سېلىپ بەردى، ئەيتاۋۇر، ھەممىنى تولۇق دېدى، دېگەندىمۇ ئىككىلەنمەيلا دېدى، ھېلىقى سلىپسار ھەققىدە بولسا ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق قىلىدىغان گەپلىرى كلاۋانىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولسىمۇ، كلاۋا ھەتتا رايا ھامىمىغا ئېغىز ئاچالمىدى. بۇنى دېيىش نومۇس، بۇنى دېسەم لەنەتكە قالىمەن دەپ ئويلىغان كلاۋانىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى.

— موسكۋانىڭ شۇنچە تارتىشقۇدەك نېمىسى بار؟ — دەپ سورىدى رايا ھاما، — ھازىر ئۆيدە مەن يالغۇز قالدىم. ئېرىڭىزنى باشلاپ كەلسىڭىزمۇ تۇرىدىغان يەر بارەي.

— ۋىيەي، نېمە دەۋاتىسىز رايا ھاما؟

— نېمىگە ۋىيەي؟ تويىڭىز بولغاندا ھەممەيلەننى تويغا چىللاپ، تويىنى قالتىس قىزىتىۋېتىمىز. ئىش تېپىلىشىدا چاتاق يوق. شۇرا ئىككىمىز توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئاخىرقى ئىشچىلىرى ئەمەس.

— ئۇنداقتا لىپاتىيەنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ قورقۇمسىراپ سورىدى كلاۋا.

— دۇسە ھاما قاراپ تۇرامتى؟ ئۇ دېگەن بىزنىڭ بۇ يەردە پوچتىخانىنىڭ مەسئۇلى، ئۇ ياردەم قىلالمامدىكەن؟ موسكۋادىن بۇياققا كېلىشكە تەييارلان دەپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىۋېتىك. كىيىمىڭىزنى سالمايسىزغۇ؟ ئەمدى ئۇخلايلى قىزىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتە تاڭ سەھەردىلا تۇرۇپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ.

كلاۋا كىيىملىرىنىڭ يېرىمىنى سېلىپ بولۇپ، لىپاتىيە ئاركاچىپىشۋىلانىڭ قاتتىق تاپىلاپ ئېيتقان گەپلىرىنى قانداق قىلارمەن دەپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغانىدى، ھەرقانداق تاپشۇرۇقنىڭ رولى قالمىغانىدى. كلاۋا بەلبېغىنى يېشىپ، مەخپىي يانچۇقتىن دەم ئېلىش راسخوتىنى ئالدى-دە، ئىشكاپنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ قويدى.

— مانا بۇ سىزنىڭ بولغاي، رايا ھاما، سىز خەجلەڭ!

## 13

بەخت-سائادەتكە چۆمگەن كلاۋا تۈن نىسپىدە ئويغىنىپ كەتتى. بۇ بەخت مەلۇم جەھەتتىكى بەخت بولماي، ئومۇمىي بەخت ئىدى: ئۆيىنى بەخت چۇلغىغان، مەرھۇم ماركوۋنا چوڭ ئانىنىڭ نۇرلۇق ئۆيلىرى بەختكە چۆمۈلگەن، تالادىكى كەڭ دۇنيا بەختكە چۆمۈلگەن. كلاۋانىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان رايا ھاما تۇرۇپ-تۇرۇپ پۇشۇلداپ، قورۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قوياتتى، بۇ ھال كىشىنى قورقۇتاتتى. تاختايىنىڭ نېرىسىدىنمۇ كولە ئاكىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك خورىكى پات-پات كېلىپ تۇراتتى. كلاۋا قاراڭغۇدا كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇ مەگىزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىسسىق كۆز يېشىنى سۈرتۈۋەتمىدى. ئۇ ئويغا چۆكتى: "بۇ نېمە گەپ؟ ئانام يېنىمدا باردەك، ھېچكىم مېنى بوزەك قىلمىغاندەك ئەھۋال بولۇۋاتىدۇغۇ، ھەممە ئىش چۆرۈپ تاشلانغاندەك، يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا تاشلانغاندەك بولدىغۇ. مەن بۇ يەردە تۇرۇۋات-

مەن، شۇنچە جىق ھاما ۋە ئاكىلىرىم بارئىكەن، رايا ھاممىنى رايا ئاپا دېسەم بولىدىكەن، ئۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولارمىكىن. بۇ دۇنيادا تەلىيى كەلگەن لىپاتىيەمۇ بار، ئۇ بوتكىدا گېزىت ساتىدىغان بولدى، گېزىتلەردە پۇتۇنلەي ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان خۇش خەۋەرلەر بېسىلدۇ، كىشلەر: رەھمەت سىزگە، لىپاتىيە...دېيىشىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا چىرايلىق ساقچى كىيىمىنى كىيىۋىلىپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەرتىپ ساقلاۋاتقان سېرگې تۇرىدۇ...."

مۇشۇنىڭغىچە كىلاۋا ھەممە نەرسە كۆلۈپ تۇرىدىغان، ھەممە نەرسە بەختلىك ھالدا ئالمىشىپ تۇرىدىغان چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە بەھۇزۇر، ئىسسىقتىنا يېتىپ ئوي ئويلىغانىدى.

كىلاۋا يېڭىباشتىن ئۇخلاپ قالىدى. ئۇ شۇنداق تاتلىق ئۇخلىدىكى، ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىغان چاغدا ئويغاتقاندىن كېيىن ئاران ئويغاندى. رايا ھاما كىلاۋاغا نەرسە-كېرەكلىرىنى مېھمانخانىدىن ئەكىلىۋېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ ئىشقا كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى بىر كۈن باشلاندى، شۇنداق سۈزۈك، شۇنداق ئىسسىق بىر كۈن باشلاندى. كەچ كۈز پەسلىدە، بىزنىڭ ھاۋاسى سوغۇقراق بۇ ئېلىمىزدە بۇنداق كۈنلەر كۆپ بولمايدۇ.

كىلاۋا رايا ھاممىسىنىڭكىگە ئىتتىكرەك كۆچۈپ كىرىپ، يېڭى ھاياتنى باشلاشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئەكېلىشكە ئالدىرىمىدى. كىلاۋا سۇ ئىسسىتىپ، ئۆي تازىلاشقا كىرىشتى، بوسۇغىدىن تارتىپ تاملارنىڭ ياغاچلىرىغىچە ھەممىنى ئالدىرىماي پاكپاكىز سۈرتۈپ چىقتى. سۈپەتكىنىڭ ئۇنىڭغا ھە-پە دېيىشىپ بەرگىنىغۇ راست، بىراق سۈپەتكىنا قولۇم قاناپ كېتەمدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ كەتتى، شۇڭا كىلاۋا ئۇنى بىرەر نەرسە ئەكىلىدىغان،

توشۇيدىغان يېڭىنىڭ ئىشقا بۇيرۇدى، ئۇنى ھېكايە ئېيتقىلى سالدى.
سۆيتكا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ قۇرۇق پاراڭ سالغاچ سۆز
توشۇدى. تازىلىق تۈگىگەندىن كېيىن، كلاۋا ئۆزىنىڭ ئىشىغا
تۇتۇش قىلدى.

كلاۋا مېھمانخانىغا كىتۋېتىپ دۇسە ھاما مەسئۇل پوچتىخانىغا
كىرگەچ ئۆتتى. دۇسە ھاما بەك ئالدىراش ئىدى، ئاللىقانداق
بىر ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن، شۇنداقتىمۇ
لىپاتىيەنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە قىزغىن
ماقۇل بولدى.

— كەلسۇن، ئۇنى ئىشسىز قويمايمىز.

كلاۋا مېھمانخانىدا رەسمىيەت ئۆتەپ بولۇپ، چامادانىنى كۆتۈ-
رۈپ كىرىۋ كوچىسىدىكى ھازىرقى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆزىنى
قەۋەت خۇشال قىلىۋەتكەن خۇش خەۋەرنى سېرگېغا تولۇق ئېيتىپ
بېرىشنى خىيال قىلغان كلاۋا مېھمانخانىنىڭ تۆنۈگۈن سېرگېي تۇرغان
پەلەمپەيدە تۇرۇپ ساقچى ئىدارىسىگە بارايمۇ، بارمايمۇ دەپ
ئويلىنىپ قالدى. كېيىن: بۇنداق قىلسام ئىشىپ كېتىپ قالدۇ،
ئۇ يەرگە شاپاشلاپ بېرىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، توما ئەرخەقنى
قىيناش كېرەك دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان، دېگەن يەرگە
كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىرىۋ كوچىسىغا ئاستا مېڭىپ كەتتى.

باشقا يەردىن كەلگەنلەر بۈگۈن ئاخشام قايتىپ كېتىدىغان
بولغاچقا، ئۆيدە يېمەكلىكلەر پىشۇرۇلۇۋاتاتتى. كلاۋا چامادانىنى
بىر چەتكە قويۇپ قويدى-دە، پەرتۇقىنى تارتىپ، باشقىلار بىلەن
بىللە ئىشقا كىرىشتى. ھازىر ئۇنىڭ كەيپى يۇقىرى ئىدى، قولىغا
ئۇرۇنغان جىمىكى نەرسە ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك

تۇيۇلاتتى.

— چاققان ئىكەنسىز، قىزىم، — دېدى رايا هاما كىلاۋانى ماختاپ، رايا هاما ناماقۇل بولۇپ كىرگەندى، — بۈگۈن سىز خوجايىن بولۇڭ، شۇرا ئىككىمىزنى كەچۈرگەيسىز، توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئاممىۋى يىغىن بولماقچىدى، بايراق بېرىلمەكچىدى، مەن يىغىن هەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، بارمىسام بولمايدۇ.

كلاۋا خوجايىن بولۇپ قالدى. ئۆيلەرنى، ئۆيدىكى ئادەملەرنى، مېھمانلارنى، هەتتا قائىدە-رەسىم بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدىغان تولۇق هوقۇقلۇق خوجايىن بولۇپ قالدى.

— لېۋبا هاما، سىزگە باشقا تەخسە ئەكىلىپ بېرەي. لونە ئاكا، هاراق قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىز. سۈۋېتكا، دادىڭىزنىڭ قاچىسىغا بەسەي سېلىپ قويسىڭىزچۇ. سىز بەسەيگە ئامراقكەنسىز، توغرا ئېيتتىممۇ كولە ئاكا؟ زويا هاما، ماۋۇ تەرخەمەكنى ئېلىڭ. ئوخشىغان تەرخەمەككەنغۇ، شۇنداقمۇ؟... دۇسە هاما، نېمە بولدىڭىز؟ — كلاۋا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ دېدى، — بىر نەرسە يېمىدىڭىزغۇ.

— قارىمامسىز، ئۇ تېخىچە كەلمىدى، — دۇسە هاما كۆزيېشىنى ئېچىگە يۇتۇپ، بوشقىنا ئاۋازدا دېدى، — هەي ۋىكتور، هەي ۋىكتور، خۇدانىڭ جاجىسىغا قالسەن. بۇ يەرگە كېلىپ هاراققا دۇم چۈشسەمۇ مەيلىدى دەپ ئويلىۋىدىم.

— هىم، ئۇنى ئويلىمايلا قويۇڭ! — دېدى كلاۋا ئاچچىقلىنىپ، — بۇ ۋىكتورمۇ ئۆزىنى سورىمايدىكەن! ئۇ كىچىك بالا بولمىغاندىكىن، يوقاپ كەتمەس.

— يوقاپ كېتىدۇ... — دەپ يىغلىغىلى باشلىدى دۇسە هاما، — كلاۋوچكا، سۆيۈملۈكۈم، ئۇچۇ... مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كېتىپتۇ، شۇڭا كەلمىگىنى. مۇشۇ تاپتا بىر يەردە هاراق ئىچىۋاتقاندۇ، هاراق ئىچىۋالسا، ئەسكىلىك قىلماي قالمايدۇ.

— ئېلىپ كېتىپتۇ؟ بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي؟ ھىم، مېنىڭ قولۇمغا چۈشسۇنچۇ قېنى! مەن هازىرلا ئىزدەپ باقاي! دۇسە هاما، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن سىزگە بىلەن...

— ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنى تارتماڭ، — دەپ كلاۋانىڭ سۆزىنى چورتىسىدە بۆلىۋەتتى دۇسە هاما، — بىز ئۇرۇق - تۇغقان بولغاندىكىن، ئىشنى ئۇرۇق - تۇغقانچە بىرتەرەپ قىلىلى.

— مەن باشقا گەپ قىلمىدىمىغۇ؟ مەنمۇ ئۇرۇق - تۇغقانچە ھەل قىلىمىز دەۋاتىمەنغۇ! — دېدى كلاۋا ۋە سەي ئېلىپ چىققىلى ئاشخانىغا ماڭدى.

تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ قاچا - قۇچىلارنى يۇدى، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىككى ئىشچىسىنى ساقلاپ تۇرمايلا ۋوگزالغا بېرىشتى. ئۇلارسىزمۇ ھەممە ئىش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. كىشىلەر سۆيۈشۈپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى. پويىز قوزغالدى، ۋوگزال سۇپىسىدا دۇسە هاما بىلەن كلاۋالا قالدى.

— ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى دۇسە هاما نارازى بولۇپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — بىكار پۇل خەجلەپ! خەت يازسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئۆزەمنى كۆرسىتىپ قوياي دېدىم، — دېدى كلاۋا خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ، — ھەي، بۇرۇن قانداق ئادەم ئىدىم؟ ئۇرۇق -

تۇغقىنىم يوق يـــتىم ئىــدىم. ھازىــر شۇنچە جىق تۇغقانلىرىم بار، باشقــىلار ماڭــا ھەۋەس قىلــىپ كېتىــدۇ تېخــى! ــ كىلاۋا شۇنداق دەپ بولۇپلا يېڭىدىن تونۇشقان بۇ ھامىسىنى سۆيۈپ قويدى.

ــ بولــدى، شەيــتان، ــ دېــدى ھامــىمــسى ئىــنتايــىن رازى بولۇپ، ــ بىر ئىشــنى دەپ قوياي، ئۆز ئادىمــىمىزنى ساقچى ئىدا-رىســغا يامان كــۆرسىتىشــكە بولمايــدۇ. يىيرىم يىلــدىن كېــيىن ئۇ ئەسكەر بولىدۇ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ نېمە قىلىمىز؟

ــ پۇلنى ئېلىپ كەتكەندىكىن...

ــ بۇ بىر قېتىــم بولغان ئىــش ئەمەس، ــ دېــدى دۇسە ھاما كۆڭلى يېرىــم بولۇپ ئاغزىــنى ئۇمــچەيتىــپ، ــ بۇ ئۆي ئىچىدىكى ئىش.

ــ ســىز مەيلىگە قويۇۋېــتىدىكەنسىز، قاتتىقــراق تەربىيە بېرىش كېرەك ئۇنىڭغا.

ــ ئۇنىڭ دادىــسى يوق، يەنە كېلىــپ يېرىــم يىللا قالدى، ــ دېدى دۇسە ھاما يېلىنغان ھالەتتە تەكرارلاپ، ــ قىسمىغا بارغاندا تۈزىلىپ كېتەر، ئىنتىزامى چىڭ بولغاندىكىن.

ــ ماقۇل، ــ دېدى كلاۋا ئۇھ تارتــىپ، ــ ئەمما ئۆيدە ئوبدان ئەدەبلەپ قويىمەن، ئۆيچە ئەدەبلەيمەن!

كلاۋا گېپىنى تۈگىتىپلا پوچــتىخانــىغا كەتــتى، بۇ زامانىۋى بىنا كۈزدىــمۇ، قىشتىــمۇ ئېچىلمايدىــغان شەھەرلىــك باغچىنىڭ كەينىدە بولۇپ، بىنانىڭ چۆرىــسى پۇخــتا قورۇق تامــلار ۋە بىر قەۋەتــلىك ئۆيلەر بىلەن قورشالغانىدى.

ــ سائەت 22 دىن كېيىن موسكۋا بىلەن سۆزلىشىش مۇمكىن، ــ دېدى تېلېفونچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەجەب كەچكىنا؟

— ۋاقتى بىر سائەتلا، — دېدى كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن ئايال تېلېفونچى كۆزىنى كىتابتىن ئالماي، — رەسمىيەت ئۆتەمسىز؟ موسكۋادا سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ تېلېفون نومۇرى بارمۇ؟

كلاۋا كېتەي دەپ تۇراتتى، "موسكۋادا سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ تېلېفون نومۇرى بارمۇ؟" دېگەن سوئالنى ئاڭلاپ، لىسىنانىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەۋەتتى — كلاۋا ئۆيدىكى تېلېفونلارنىڭ نومۇرىدىن پەقەت مۇشۇنىلا بىلەتتى.

— ئۈچ مىنۇت سۆزلەشسەم نەچچە پۇل تۆلەيمەن؟

كلاۋا پۇلنى تاپشۇرۇپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، كىچىككىنە تىجارەت زالى قويۇقۇرۇق، بىردىنبىر ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بۇرنى ئۇچلۇق، سارغۇچ چېچى پاخپايغان، كىچىك بالىلارنىڭ كالتە پەلتوسىنى كىيىۋالغان جۇدەڭگۇ بىر قىز ئولتۇراتتى. ئالاقزادە بولۇپ ئولتۇرغان بۇ قىزغا قارىسا، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتەتتى، كلاۋا دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— تېلېفون بېرەمسىز؟

— ساقلاۋاتىمەن.

قىزنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە ۋە تىترەڭگۈ ئىدى، تۇرقىمۇ چۈجىنىڭكىگە ئوخشايتتى، كلاۋا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ ئىلھام بەردى:

— ھەي، نېمىشقا قورقۇمسىراپ ئولتۇرىسىز؟ نەگە تېلېفون بەرمەكچىسىز؟

— ئانامغا.

— بۇنى پەملىگەنمەن. نەگە تېلېفون بېرىسىز؟

— موسكۋاغا. بۇ يەرگە پراكتىكىغا كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى.

— نەدە ئوقۇيسىز؟
— قورقۇۋاتىمەن، — قىز كالاۋاغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن قولىنى ئۆتكۈزدى، — ھەرگىز مېنى تاشلاپ كېتىپ قالماڭ. بۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.
— سىزچۇ، قالايمىقان ئويلىماڭ، — دېدى كالاۋا رەسمىي تۇردە، — "قورقۇنچلۇق" دېگەن نېمە؟ بۇ بىر خىل تۇيغۇ، گويا سوغۇق، ئىسسىق تۇيغۇسىغا ئوخشاش. راسا سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە نېپىز ئىشتانپايپاق بىلەن تانسىلارغا بارىدىغانسىز؟ ئەرلەرنىڭ قېلىن كىيىنىپ، قىزنىڭ بىر خىل ھالەتتە بارغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ سىز تاق-تاق مېڭىپ كېتىسىز، پەرۋايىڭىزغىمۇ ئالمايسىز، ئىيۇل كۈنلىرى كوچىدا ماڭغاندەكلا يۈرىسىز. قانداق، توغرا گەپ قىلدىممۇ؟
— چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن چىداش كېرەك.
— بەللى. ئېتىڭىز نېمە؟
— لېنىنا. كۇتۇپخانا كەسپىدە ئوقۇيمەن، پرۇنسكىنى يېقىن، بىر كېچە ماڭسىلا بارغىلى بولىدىكەن دەپتىكەنمەن، كېلىپ قارىسام، بۇ يەر بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن.
— يەنە شۇ گەپمۇ! سىزگە راسا سوغۇق كۈنلەر ھەققىدىكى گەپنى بىكارلا قىپتىمەن-دە؟ سىزنىڭ تۇيغۇڭىز توغرا: ئادەم بولۇش ئۈچۈن چىداش كېرەك.
— چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن، — دەپ تۈزەتتى سەت پراكتىكانت قىز.
— ئادەم بولۇش تېخىمۇ مۇھىم. ھاجەتسىز ھەرقانداق تۇيغۇنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىش تېخىمۇ مۇھىم. سوغۇق بولغاندا، ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

پايپاق كىيىۋالسىڭىز، سوغۇقتىن قورقماس بولىسىز. قورقۇنچ باسسا، ئالدىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ. سىز ھېلى كۇتۇپخانا كەسپىدە ئوقۇيمەن دېدىڭىزما؟ قىزىقارلىقمۇ؟ مەن كىتابقا بەك ئامراق، كىتابىمىز بار، لېكىن بەك ئاز، كىرەكسىز قەغەزلەرگە تېگىشكەن. ياخشىسى، سىز قورقۇنچلۇق-پورقۇنچلۇق دېگەندەك گەپلەرنى قىلماي، كىتاب توغرىسىدا سۆزلەڭ.

— نېمە دەيمەن؟ بىز تېخنىكا كىتابلىرىنى تىزىملاش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشى بىلەن بولۇۋاتىمىز. مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگۈچىلەر سورۇنى بار، ئۇ يەردە يېڭى تېخنىكا بار...ھە، ژۇرناللار، قوللانمىلارمۇ بار...ھوي، بىر كىم توۋلاۋاتىدۇغۇ؟

— قورقماڭ، قىزىقلىكەنسىزغۇ. بۇ بوراننىڭ ئاۋازى. بوران چىقتى، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ھەي قىز! — دەپ توۋلىدى ئايال تېلېفونچىسى، — ئانىڭىزغا تېلېفون ئۇلاندى! تۆتىنچى بۆلمىگە كىرىڭ.

كۇتۇپخانا كەسپىنى ئوقۇغان پراكتىكانت قىز تېلېفونخانىغا يۈگۈردى. نېپىز ئەينەكتىن ئۇنىڭ بىر ھازاغىچە ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— ھە، ئانا، ئانا!... — كېيىن ئانىسى تېلېفوننى ئالغان بولسا كېرەك، قىز توساتتىنلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ كىلاۋانىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى.

— ۋارقىرىماڭ! — دېدى ئۇ ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ قاتتىق ئاۋازدا، — ئانىڭىزنى قورقىتىپ نېمە قىلىسىز؟

قىز نۇرسىز كۆزلىرىنى كىلاۋاغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن تىكىپ قاردى، ھەرھالدا يىغىسىنى توختاتتى. كىلاۋا مەمنۇن بولۇپ،

ئولتۇرغان جايىغا يېنىپ كەلـدى. تېلېفونخانـىدىن قىزنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دەپ بېقىڭ، مېنى باشقا يەرگە ئالماشتۇرۇپ قويسۇن. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ بېقىڭ. بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، زادىلا قالمىدى! بۇ بەك قورقۇنـچلۇق يەر ئىكەن، ئانا. بۇ يەر بەك قورقۇنـچلۇق، بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن! ياتاققا ئۇسۇپ كىرىدىكەن!...

كلاۋا كۆڭلى غەش بولۇپ ئويلىدى: بۇ قىز ئۆپكىسىنى باسالماي-دىكەن، ئەخمەق ئىكەن، ئېلىپ كېتەي، ۋاقتىنچە مەن بىلەن بىللە تۇرسۇن. ئاندىن سېرگېيغا ئېيتىپ قوياي، ئۇلار بۇ قىز تۇرغان ياتاقنىڭ نېمە ياتاق ئىكەنلىكى، كىمنىڭ ئۇسۇپ كىرگەن-لىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويسۇن. كلاۋا مۇشۇنداق قارارغا كېلىپ بولۇپ، ھېلىقى قىزغا: مەن تېلېفون بېرىپ بولغۇچە كەتمەي تۇرۇڭ، دەپ قويماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئايال تېلېفونچى ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ھەي، موسكۋاغا ئۇلاندى! ئۈچىنچى تېلېفونخانىغا كىرىڭ، ئۇ يەردە گەپ ئېنىقراق ئاڭلىنىدۇ.

ئاۋاز راستىلا ئېنىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ كلاۋا توۋلاپ گەپ قىلدى، چۈنكى، ئۈچ مىنۇتلۇق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لېنىنانىڭ سوئاللىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، دەيدىغان گەپنى دەپ بولۇش كېرەك ئىدى. كلاۋا تۇغقانلىرىنى تاپقانلىقىنى، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىدىغان-لىقىنى، ساقچى سېرگېي بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، رايا ھامما ۋە ماركوۋنا چوڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەردى، "ياپىر، ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن!" دەپ ئويلىغان

كلاۋا لىپاتىيە ئاركاچىپىۋنا يۈك ـ تاقلىرىنى دەرھال ھازىرلاپ، قىشىمغا كەلسۇن دەپمۇ ئېيتىپ قويدى.

— ئەتىلا بارغىن! — دېدى ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، بىز بىللە تۇرىمىز، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى! دوسە ھامىنىڭ پوچتىخانىسى سىستېمىسىدا! ئىنتىكىرەك كەلسۇن، ۋوگزالىغا ئۆزەم چىقىپ ئەكە-لىمەن!

كلاۋا پېلموت ئېيتىلغاندەك تېزلىكتە سۆزلەپ ھەممە خەۋەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ۋاقىت تېخى توشمىغانىدى. كلاۋا ئال-دىراش تىنىپ، يەنە نېمىلەرنى دەيكىن دەپ ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئويلىنىۋاتقاندا، لىنىنا خۇشال سورىدى:

— ۋارقىراپ بولدۇڭمۇ؟ ئەمدى مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال، مەن شىپاخانىغا باردىم.

— نېمە قىلغىلى؟

— تەكشۈرتكىلى بارىمەن ـ دە، چۈشەندىڭمۇ؟ كۆرۈلدىشىپ كەتكەن پاقىلارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى ھازىر!

— لىنىنا، سۆيۈملۈكۈم، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ — دېدى كلاۋا تېلېفون تۇرۇپكىسىغا بوش ئاۋازدا، — بۇ...بۇ ئىشتا ۋىجدانەن ئىش قىلىش كېرەك.

— قويساڭچۇ! ۋىجدان ـ پىجدان نەدە دەيسەن، ھە، نېمە دېدىمسىنا؟ ئادەتتىكى كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈش ـ تە! ھەئە، ھەقىقەت ئۈچۈن، ئەمدى بېلورۇسىيىدىن مانىشقىچە ئارىلاپ چىقىدىغان بولدۇم، بىرلا ئىشتانپايپاق كىيىپ ئارىلايمەن دېگىنە، ئۇقتۇڭمۇ؟

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم كېتەمەنكى، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايمەن.

— ھەي، مەن پرىنسىپ جەھەتتە دەۋاتىمەن!

— مەنىمۇ شۇنىداق، — كلاۋا ئۆزىنىڭ پرىنسىپىنىڭ نېمىشقا لېنىنانىڭكىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى ئىدى، ئايال تېلېفونچى قاتتىق توۋلىدى: "گېپىڭىزنى توختىتىڭ!" ئۇ لىپاتىيە توغرىسىدا ۋارقىراپ دېيىلگەن بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ۋىڭىلدىغان ئاۋاز كەلدى، ئالاقە ئۈزۈلدى.

— رەھمەت، — دېدى كلاۋا ئايال تېلېفونچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — تېلېفون پۇلىنى كەم بېرىپ قويمىغاندىمەن؟

— دېيىشكەن ۋاقىتتا سۆزلەپ بولدىڭىز. ئاۋازىڭىز تازىمۇ چىڭ چىقىدىكەن، نېمە بولدى؟ ئۈچىنچى تېلېفونخانىنىڭ تېلېفونىدا سۆز ئېنىق ئاڭلىنىدۇ دەپ ئېيتىپ قويغانىدىمغۇ.

— كۆڭۈل ئېلىنگەنلىكىتىن، — دېدى كلاۋا خىجىللىقتا، ئاندىن بېشىنى چايقىدى، — ھېلىقى قىز نەدە؟ ھە راست، ئۇ قىزنىڭ ئانىسى نېمە دېدى؟...

— ئۇ قىز كەتتى. سىز تېلېفونخانىغا كىرىپ كەتكەندە، ئۇ قىز ئىشىكتىن چىققان.

— خوش! — دېدى كلاۋا ئۇنىلۇك قىلىپ.

كلاۋا كوچىغا چىقىپ، توختاپ ئەتراپىغا قارىدى. بوران چىقـ ـماقتا، پىرقىراۋاتقان غازاڭلار شارىلدايتتى، توختام سۇلار دولقۇنـ ـلىناتتى، شالاڭ كوچا چىراغلىرى لەپپەڭشىيتتى. كوچا چىراغلىرى تۈۋرۈكتە غىچىرلاپ مىدىرلىماقتا، چىراغ نۇرى تەرەپـ تەرەپكە چېچىلماقتا. ۋاللىداپ تۇرغان مۇشۇ چىراغ يورۇقىدا كلاۋا بىرنەچچە ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. يىراقتا، باغنىڭ يېنىدا، مۇشۇ بىرقاتار

ئۆيلەرنىڭ بېشىدا، مۇستەھكەم قورۇق تام باشلانغان يەردە سارغۇچ چاچلىق باشلار غىپپىدە ئۆتكەندەك قىلدى. كىلاۋا كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا شۇ تەرەپكە چاپتى.

ئىككى ئوغۇل بالا بىر قىزنى قورۇق تامنىڭ ئېغىزى بار تەرەپكە — قاپقاراڭغۇ باغچىغا بىلىكىدىن تارتىپ سۆرىمەكتە، يەنە ئىككىسى قىزنىڭ ئورۇق، يادەك ئېگىلگەن دۈمبىسىدىن پات-پات ئىتتىرمەكتە. قىزنىڭ كالتە پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىلگەن، ئۈچ بۇرجەكلىك ياغلىقى بېشىدىن بوينىغا چۈشۈپ قالغان. قىز بارلىق كۈچىنى يىغىپ تىترەجەپ تۇرۇۋالدى، ئۇ توۋلىماستىن، ئېسەدەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنى ئۆلتۈرىۋەتمەڭلار، ئۆلتۈرىۋەتمەڭلار، ئۆلتۈرىۋەتمەڭلار.

— قولۇڭنى تارتىش! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى كىلاۋا ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھەددىڭلىك ئەمەس سەنلەرنىڭ! دەرھال قويۇۋەت ئۇنى!...

يۈگۈرۈپ كەلگەن كىلاۋاغا سوقۇلغان بىر ئوغۇل يانغا سەنتۈرۈلدى، باشقا ئوغۇللار قىزنى قويۇۋەتتى. قىز توشقاندەك بىرلا ئىرغىپ كىلاۋانىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئوغۇل باللار قاچمىدى، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويمىدى. كىلاۋا بىلدى: بۇ قىز بىلەن ئىككىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولدۇق، قاچساق بۇ بىرنېمىلەر بىزگە يېتىشىۋالىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرى قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتمىگۈچە، ياكى پوچتىخانا ئەتراپىدا ئادەم كۆرۈنمىگۈچە ۋارقىرىشىمىز، گەپ قىلىشىمىز كېرەك، ئۇلار ھوشىغا كېلىۋالمىسۇن.

— ئوھو، سىلەر ئۇنى بوزەك قىلالامسىلەر؟ تۆتىڭلار بىر ئادەمنى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ قېنى قىزىپ توۋلاپ كەتتى كىلاۋا،

ئۇنىڭ بۇ گېپى بىر-بىرىگە ماسلاشمىغانىدى، — بەللى، لىننا، قورق-ماڭ. قورقۇش ئۇلارنىڭ ئىشى، كىچىكىڭىزنىڭ بىرىچە تووۋلاڭ. ئۇلارنىڭ پۈتىندا جان قالمىسۇن. سىز ماڭا ئارقىڭىزنى قىلىپ تۇرۇڭ، بولمىسا، ئۇلار ئاستا يېقىنلاپ كەلسە كۆرەلمەي قالىسىز. تووۋلاڭ، چاپسان تووۋلاڭ، لىننا! ئەتراپتا ئادەم بار، جىق ئادەم بار، ئىككىمىز ياش گۇۋارەنىيچىلەردىن، سەنلەر قانچىلىك نېمىدىڭ؟ دەپ تووۋلاڭ. سەنلەر بۇگۈنكى كۈندىكى فاشىستلار، سەنلەر ئاشۇن-داق لەنىتىلەر دەپ تووۋلاڭ...

كلاۋانىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى يېنىدا تۇرغان ئادەم، ھەتتا يېقىن ئەتراپتىكى قاتار كەتكەن ئۆيدىكىلەر، ئىشىك ۋە دېرىزىلىرى ھىم ئېتىلگەن ئۆيدىكىلەرمۇ بىلەلەيتتى. شۇغىنىسى ھازىر تېلېۋىزور كۆپىيىپ كەتتى، ھەممە ئۆيلەردە تېلېۋىزور بار، ئۆيلەردىكى تېلېۋىزورلاردىن چىقىۋاتقان يېقىملىق ئاۋاز كلاۋانىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوققان ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى. ئەمما كلاۋا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى بېقىۋالغان قىزى بىلەن ئىسمىداش بولغان، ئۇركۇگەن كىچىك ئۆردەكنىڭ ئادەمسىز كوچىدا ھازىر غاقىلداپ، تەلەپ-تەپچىرەپ چېپىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمىگەندەك بۇ ئەھۋالنىمۇ بىلمەيتتى.

— قورقماڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئىككىمىزنىڭ كۈچى قوشۇلسا، شۇنداق زور كۈچ ھاسىل بولىدۇكى، — دېدى كلاۋا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە ۋارقىراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ لىننا ئىسىملىك بىر قىزىم بار، سىزگە ۋە ماڭا ئوخشاش، ئۇمۇ ناھايىتى يۈرەكلىك...

ئەسكى ئوغۇل باللار كەتمىدى، ئۇلار گەپ-سۆز قىلماستىن

كلاۋانىڭ ئالدىدا سەگەكلىك بىلەن تۇراتتى. كلاۋاغا ئۇلار خىجالەتچىلىكتە ھەرىكەت قىلالماس بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى-دە، ئۇ غەلىبە قىلىمىز دېگەن ھېسقا كەلدى. چۈنكى، ئۇ كۆرگەن كىنولاردا ۋە ئوقۇغان كىتابلاردا يامانلىق ھامان قاخشاتقۇچ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەنىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە يېشىم زادىلا يوق ئىدى. يول چىرىغى بوراندا سىلكىنمەكتە، كۆز كۆنلىرىدىكى قاراڭغۇ يەرگە چىراغ ئۆزىنىڭ نۇرىنى ئەنسىزلىك بىلەن چاچماقتا، بەزىدە چىراغ سىلكىنگەن چاغدا، چىراغ نۇرى ھېلىقى يوشۇرۇنغانلارنىڭ يۈزىگە چۈشەتتى. كلاۋا بىردىنلا تۈۋلاشتىن توختىدى.

— قاراڭ لىينا، — كلاۋا ھەيرانلىقتا شۇنداق دېدىيۇ، تۆتى كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلمىسۇن دەپ كەينىگە قارىمىدى، — قاراڭ، ئەنە ئاۋۇ تۇرغىنى ۋىكتور، مېنىڭ ھامام دۇسەنىڭ ئوغلى، مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم. ئۇ بۈگۈن ئانىسىنىڭ پۇلىنى — ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتىكەن، شۇنداقمۇ رەزىللىك قىلغان بارمۇ! مېنىڭ يىگىتىم ساقچى، ھەم، ۋىكتور، بىز سېنى چوقۇم تۇتىمىز. مەن بىر ئازدىن كېيىنلا يىگىتىمنىڭ قېشىغا بارىمەن، ئۇ بۈگۈن دېجورنى، بۇ يەرگە ماشىنىدا بىردەمدىلا كېلىدۇ.

كوچا چىراغلىرى بوراندا سىلكىنەتتى، غىچىرلايتتى. چىراغ يورۇقى تۇرۇپ ھېلىقى تۆتىنىڭ يۈزىگە چۈشەتتى، تۇرۇپ بۇ يۈزلەر يوقاپ كېتەتتى؛ بىردەم بىرنەچچە ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنەتتى، بىردەم بۇ گەۋدىلەر قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولاتتى. تۇيۇقسىزلا كلاۋا بۇ گەۋدىلەرنىڭ تۆتتىن ئازىيىپ ئۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇق كۆردى، ئۇ تۆتىنىڭ بىرى غايىب بولغان، قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەنىدى.



www.uyghurkitap.com

— ھەي، ئۇچىغىلارلا قالدىغىلار، ئىتتىك كېتىڭلار! — دېدى كلاۋا غالىبىيەت كۈلكىسىنى نامايان قىلىپ، — مەيلى، ھەرقانچە قاچىشىڭلارمۇ يىراققا بارالمايسىلەر، ھېچيەرگە سوقۇنالمايسىلەر، سىلەرنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم. ھەممىڭلارنى! شۇڭا...

ئۇ ئارقامدا دوستۇم بار، ئارقا تەرىپىمىنىڭ بىخەتەرلىكىدە گەپ يوق دەپ بەكلا ئىشىنىپ كەتكەنىدى، شۇڭا كەينىگە بىرەر-يېرىم قېتىمۇ قاراپ قويمىدى. ئەپسۇسكى، ئەنە شۇ تەرەپتىن، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر نەرسە ۋاللىدە كېلىپ، ۋاققىدە كاللىسىغا تەگدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

كلاۋانى كىشىلەر ئەتىسى تېپىۋالدى. ئۇ چاغدا ساقچى سېرگېي دىجورنىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ئۇ كىچىك ئەترەت بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۆلۈكنى سۈرەتكە تارتىۋالتقان، ۋەقە بولغان جاينى كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىۋالتقان، ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزدەۋالتقان چاغدا، سېرگېي نېرىدىراق ئۈن-تىنسىز تۇردى. جىرغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇ بىر رازۋېت-كىچىغا مۇنداق دېدى:

— ئۇنى مەن تونۇيمەن، بىز موسكۋادىن بۇ يەرگە بىر پويىزدا كەلگەن. ئۇ كىنو ستۇدىيىسىدىن، ئېتى ئادا.

كلاۋا ساموۋانىڭ قىسقا ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئەنە شۇنداق. ئۇ گويا بورانلىق كۈنلەردىكى ئوت ئۇچقۇنىغا ئوخشاش، ۋاللىدە قىلىپلا ئۆچۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ لىپاتىيە ئاركاچېيېۋنانى — كەلسە مېنى پرونسكىغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئەينەكلىك بوتكىدا گېزىت ساتىمەن دەپ كلاۋوچكىسىنىڭ يولىغا ھەركۈنى سەھەردە تۆت كۆز بىلەن

تەلمۈرگەن تەلەيسىز ئايالنى يورۇتتى؛ لېۋدمىلا پاۋلوۋنانى — قول
ئاستىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى رەھبەرلەرنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ
كەتمەيدىغان، ئادالەت يولىدا بېلوروسسىيەدىن مانېشقىچە بىر ئىشتان-
پايپاق كىيىپلا ئارىلاپ چىقماقچى بولغان لېنىنالارنىڭ ھوقۇقدارىنى
يورۇتتى؛ ساقچى سېرگېينى — پويىزدا ئۇچراتقان قىزنىڭ ئۆزىگە
كۆڭلى چۈشكەن قىز ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان بىلىشى مۇمكىن بول-
مىغان كەمتەر يىگىتنى يورۇتتى؛ دارىلئېتامدىكى لېنىنانى — كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ كېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى تەقەززالىق
بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قىزچاقنى يورۇتتى؛ يەنە بىر لېنىنانى —
ئېھتىمال داشۆنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئەقىل، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە
ئەبەدىي نەرسىنى تارقىتىۋاتقان قىزنى يورۇتتى؛ ھەتتا ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ ھېچقاچان دۇنياغا كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان ۋالېرىك،
ئىلاچكا، تېنىسكى دېگەن باللىرىنىمۇ يورۇتتى.

بىز ياشاۋاتماقتىمىز. چۈنكى، بىز ئۈچۈن قۇياش ئەبەدىي نەرسە.
قۇياش ئەبەدىي نەرسە دېيىش بىر خىل تۇيغۇ، ئۇمىدۋارلىق-
نىڭ تۇمانىدىنلا ئىبارەت. كىچىككىنە، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق،
كىشىلەر كەمدىن-كەم دىققەت قىلىدىغان ئۇچقۇن ئۆچكەن ھامان،
تېخىمۇ قاراڭغۇچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. قاراڭغۇچىلىقنىڭ ئەدەپ
كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟...

(«تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ
1987 - يىللىق 4 - سانىدىن)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز
تەرجىمە مۇھەررىرى: سابىر ئېلى

# سالىيېۋىنىڭ تەشۋىشى

## قامچىبېك كەنجە

بۈگۈن دەرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سالىيېۋ ئورنىدىن كەچرەك تۇردى. ئۆزىچە تەنتەربىيە قىلىۋاتقاندەك بولۇپ كېرىلگىنىچە ئايۋانغا ئۆتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى دېرىزىسىنى ئېچىۋىدى، ئۆزىگە قوشنا تار يولىنىڭ ئۇدۇلىدا ۋالىلداپ تۇرغان ئاق «ژىگولى»غا كۆزى چۈشتى. شۇ زاماتلا تەنتەربىيەمۇ يادىدىن چىقىپ، خوتۇنىنى چاقىردى:

— خانىم، هوي خانىم!

ئاشخانا تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى:

— نېمە دەيسىز؟

— قوشنىلاردىن بىرەرى يېڭى ماشىنا ئالدىمۇ؟

چاچلىرىنى نېرى-بېرى تۇرۇۋالغان، قىسقا يەڭلىك گۈللۈك مەخمەل خالات كيىگەن ئوتتۇز ياشلاردىكى جۇۋان پەيدا بولدى.

— نېمە دەۋاتىسىز ئۆزىڭىزچىلا غودۇڭشۇپ؟

سالىيېۋ دېرىزە تەكچىسىدىن مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنىغا قارىدى.

— ئاۋۇ يېڭى «ژىگولى» كىمنىڭكى، دەۋاتىمەن.

— هەۋىسىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— ھەدېسلا گەپنى باشقا ياققا بۇرايسىز ـ دە، — دېدى ساليېۋ خوتۇنىنىڭ سىرلىق جىلمىيىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— پۇلىمىز تۇرۇپ ماشىنا ئالالمىساق، — دېدى قومرى جىددىي قىلىپ، — ئادەمگە ئەلەم قىلامدۇ؟ ئەخلەت توشۇيدىغان شوپۇرنىڭمۇ «موسكۋىچ» ى بارۇ، سىز — ئىنستىتۇت مۇئەللىمى، كاندىدات ئالىم پىيادە ـ سالتاڭ...

— مېنى قويۇپ تۇرۇڭ، كاندىدات ئالىمنىڭ خوتۇنى، سىز — قومرىنىسانى پىيادە يۈرسە دەڭ!

— بولدى، چاقچاققا ئايلاندۇرۇشقا ئۇستا ـ دە، سىز. قەيەردە بولسىمۇ، ئىشقىلىپ، سۆزدىن قۇرۇق چىقمىسىز.

— ئەھۋالنى ئۆزىڭىز بىلىپ ـ كۆرۈپ تۇرىسىزغۇ، خانىم. كاندىداتلىقىنىمۇ "مانا ـ ئەنە" بالاسىغا ئۇچراپ ئاران ياقىلىدۇق. كۆز تەگمەي تۇرسۇن، يۇقىرىغا ئەرز قىلمىسلا بولاتتىغۇ، تېخى. تەستىق قولغا چۈشمىگۈچە ئادەمنىڭ كۆڭلى تىنچىمايدۇ. "يۇتقىنىم ئۆزۈمنىڭكى، چاينىغىنىم گۇمان" دەيدىغان زامان ھازىر.

— مەن باغدىن كەلسەم، سىز تاغدىن كېلىۋاتىسىزغۇ، يولداش ساليېۋ...، — رەسمىي گەپكە ئۆتتى خوتۇنى.

— نىيىتىڭىزنى پايقىغىنىم ئۈچۈن كۈيۈپ ـ پىشىۋاتىمەن ـ دە، ئاخىر. بۈگۈن ماشىنا ئالساق، ئەتىلا ئەرز قىلىنىشىدۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرە — تەكشۈر: ماشىنىنىڭ قانچە، بالاڭ نەچچە؟ شۇنچە پۇلنى قانداق توپلىدىڭ؟...

— ئەگەر مائاش ھېساب ـ كىتاب قىلىنىدىغان بولسا، ماشىنىغا مەن ـ مەن دېگەنلەرنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن ھەممە ئادەم ئېلىۋاتىدۇ. ئېلىپمۇ بولۇشتى. بەزىلەر تۆت ـ بەش قېتىمدىن

يېڭىلاشتى.

— ھەركىم خىيالىغا كەلگەن تەۋەككۇلچىلىكنى قىلىدىغان، تاپقان تاپقىنىنىڭكى، دەيدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى.

— ھازىرمۇ يولى بار،... — يەنە سىرلىق جىلمايدى قۇمرى.

— قانداق يول؟ — سورىدى سالىيېۋ ھودۇقۇپ.

— ھەۋەسىڭىزنى كەلتۈرۈپ ۋالىلداۋاتقان ئاۋۇ ئاپئاق «ژىگۇلى» شۇنداق يول بىلەن ئېلىنغان.

— گەپنى سەل ئۇچۇقراق قىلىڭ، خانىم، ئادەمنى بوغماي.

— خاتىپ ئاكىنىڭ ئاتىسى ئۇرۇشقا بارغانمۇ-يوقمۇ، ئىشقىلىپ، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا توغرىلاپتۇ. پەقەت "زاپوروژېتس" بېرىۋاتقانىكەن، پۇل قوشۇپ «ژىگۇلى» ئاپتۇ.

— قىزىقچىنىڭ قىزىمەن دەپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋېرىدىكەن-دە!

— سوراپ بېقىڭ ئۆزىدىن.

— خوش، نېمە دېمەكچىسىز؟

— سىزنىڭ ئاتىڭىزمۇ ئۇرۇشقا بارغانغۇ. يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلگەن، دېگەنىدەك قىلىشۇنىدىڭىز...مانا، پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىز قارارلارنى چىقىرىۋاتىدۇ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى تەقدىرلەش، ئىززەتلەش توغرىسىدا...

سالىيېۋنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. قاڭشىرىدا يول-يول سىزىقلار پەيدا بولدى. ئۇ بىر قولىنى بېلىگە تىرىگەن پېتى، يەنە بىر قولى بىلەن ساقىلى قىرىلمىغان ئېڭىكىنى "غىرت-غىرت" قاشلاشقا باشلىدى. ئاندىن يەنە خوتۇنىغا تىكىلدى. لېكىن قۇمرى ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقانداق مەنە ئۇقالمىغاچقا:

— قانداق، پىكرىم جايىدىمۇ، يولداش ساليىۋ — دەپ سورىدى.

— ئۇنچىلىك جايىدا بولمىسىمۇ، جىنى باردەك قىلىپ تۇرىدۇ... ساليىۋ قىشلاقتىكى ئۆيىگە كىرا ماشىنىسىدا يېتىپ بارغىنىدا، ئاتىسى بوۋايلار بىلەن كولخوز بېغىغا تەكلەرنى باراڭغا ئالغىلى كەتكەنىكەن. ئۇ ھويلىدا ئوت ـ خەشەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان كەنجى ئۇكىسىنى ئەۋەتتى:

— ئاكام قايتماقچىكەن، تېزرەك بارمىسىڭىز بولمايدىكەن، دېگىن.

— تاپىلاپ كەتمىسەڭمۇ، كەلگىنىڭنى ئاڭلىسىلا يېتىپ كېلىدۇ، پايپاسلاپ، — دېدى ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا داستىخان سېلىۋاتقان ئانا، — ھىم، نېمىگە ئالدىراۋاتىسەن بالام، تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، تىنچلىق، ئىش جىق ـ تە، ئاپا.

— ئىشلىك ئۆلگۈر ھېچ ئازايمايدىكەن ـ دە، ھە؟ مۇنداق خوتۇن، بالا ـ چاقاڭنى ئەپكېلىپ، بىرەر ئاخشام قونۇپ كېتەي دېمەيسەن. ھېلىمۇ ياخشى ئون ـ ئون ئىككى چاقىرىم يەر بولغىنى... كەل، چاي ئىچىپ تۇرايلى.

ساليىۋ زوۋان سۈرمىدى. ئاپامغا ئېيتايمۇ — ئېيتمايمۇ، دەپ ئىككىلەنمەكتە ئىدى. ئۇ سۇپىغا ئولتۇردى.

— ئاپا، دادام ئۇرۇشتىن ئىككىنچى گۇرۇپپا مەجرۇھى بولۇپ قايتقانمەن، دەيتتىمۇ؟

— نېمە ئىش ئىدى؟

— ئۆزۈمچە، شۇنداقلا يادىمغا چۈشۈپ قالدى.

— ھەئە، شۇنداق دەيتتى.



www.uyghurkitap.com

— پېنسىيە ئالاتتىمۇ؟

— ھەئە، ئالىدىغاندەك قىلاتتى.

— قانچە ئالاتتى، يادىڭىزدا يوقمۇ؟

— يوق.

— كېيىن ئالماي قويغانمۇ؟

— رايونغا بېرىپ، كومىسسىيەدىن ئۆتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ئاتاڭنىڭ شۇچاغلاردا بۇنداق دەردىسەر ئىشلار بىلەن خۇشى يوق ئىدى.

— ھازىر ئۇلارنىڭ پېنسىيە پۇلى ئېشىپ كېتىپتۇ.

— كىم بىلىدۇ دېيىشەن، مەن ياخشى چۈشەنمىسەم. مەھەللىدىكىلەردىن ئاڭلاپ، بىر - ئىككى دەپ باقتىم. قولىنى شىلتىپلا، بولدى قىلدى.

— ئوق تەگكەن جايلىرىمۇ بار - ھە؟

— ئىككىلا قۇيمىچىدا پىيالىنىڭ ئورنىدەك ئويمانلار بار، بىر بالا - قازا قالدۇرۇپ كەتكەن، دەيدۇ. يەنە ئۇ يەر - بۇ يېرىمدە قوناقتەك، ماشتەك زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىلىرى قېپقالغان، دەيدۇ. ئاندا - ساندا ئاۋارە قىلىپمۇ تۇرىدۇ...

ئاپىسى دېگەندەكلا، ساليېۋنىڭ دادىسى ئۇزاق ئۆتمەي، كوچا دەرۋازىسىدىن ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ساليېۋ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئالدىغا ماڭدى. ئاتىسى ماڭغان پېتى يەڭلىرى، يەلكىلىرى توپا يۇقى قارا تونىنى يېشىپ، باراڭنىڭ تۈۋرۈكىگە ئىلدى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سوراشقان پېتى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇكاڭ "چاپسانلا كېتىمەن" دەيدۇ، دەپ باردى، نېمەگەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنچلىقمۇ؟ — سورىدى بوۋاي.

— تىنچلىق، ئاتا تىنچلىق. بىر گەپ چىقىپ قالدى... — سالىيىۋ يوشۇرۇنچە بوۋاينىڭ كۆزىگە قارىدى.

— خوش - خوش، سۆزلەۋە، ئوغلۇم، — دېدى ئاتا ئاغزىدىكى لوقمىنى ئوپۇل - توپۇل يۇتۇپ.

— هازىر ئاپام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق.

— نېمىنى؟ — تاقەتسىزلەندى بوۋاي.

— مانا، غەلبىنىڭ كاتتا بايرىمى يېقىنلىشىۋاتىدۇ، — گەپنى ئۇزاقتىن باشلىدى سالىيىۋ، — ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ئىززەت - هۆرمىتىنى ناهايىتى جايىغا قويۇشۇۋاتىدۇ. سىزمۇ ئۇرۇشتا بولغان. لېكىن، مېنىڭ نەزەرىمدە، كۆپچىلىك بىلمەيدۇ.

— كۆپچىلىك بىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ — سورىدى ئاتا ئوغلىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمەي، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەجەبلىنىپ، — نېمە دېمەكچىسەن، زادى؟

— مانا، ئېيتايلى، قىشلاق سوۋېتىدە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ سۈرىتى بار، سىزنىڭكى يوق. ئادەمگە تەسىر قىلماي قالامدۇ؟!

ئاتا گەپ قىلماي، پىيالىگە تىكىلگىنىچە، ئۈنى بىر ئوتلام چاي بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

— بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

— كىمگە؟

— مەسىلەن، كولخوز رەئىسىگە، يا قىشلاق سوۋېتىنىڭ رەهبەرلىرىگە.

— شۇنى مەن ئېيتىشىم كېرەكمۇ؟

— مەن ئېيتىشىم مۇمكىن. هۆججەتلىرىڭىز بار بولغىيدى؟ —

دېدى سالىيېۋ گېپىنى مەقسەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ.

— ھەممە گەپ شۇنىڭدا، ئوغلۇم. ھۆججەتلەر يوقىلىپ كەتكەن.

سالىيېۋنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ كەتتى.

— يوقىلىپ كەتكەن؟ قاچان؟ قانداقىسىگە يوقالغان؟

— مۇشۇ يەرگە ئۆي سېلىپ، كۆچۈپ كەلگەن چېغىمىزدا.

— ئوھ ـ ھو، نەچچە يىل بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە...قولغا چىققۇدەك بىر يەرگە قويمىغانمىدىڭلار؟

— ھەممە قەغەزلەرنى بىر ياغلىققا تۈگۈپ يۈرەتتىم، — دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلمىغان، پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئانا، — ئۆيىمىزگە ئوغرى كىرگەندى، پۇل بولسا كېرەك، دەپ شۇ تۈگۈنچەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ، بالا تەككۈرلەر.

— كېيىن تېپىلمىغانمىدى؟

— ئوغرى قايتۇرۇپ ئەپكېلىپ بېرەمدۇ، — دېدى ئانا سەممىي جىلمىيىپ.

— ياق، ئەمدى ئۆزى...، — دېدى سالىيېۋ خىجىل بولغان ھالدا، — سىز دېگىنىڭىز يوقالغىنى بىلەن رايوندا باردۇ، ھەربىي كومىسسارىئاتتىمۇ، ئارخىپتىمۇ...قايتىدىن تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ باقمىغانمىدىڭىز؟

— بىر بېرىپ باققانىدىم. تېپىلمىغان.

— قاچان؟

— ئون يىلچە بۇرۇن.

— ئارخىپتىمۇ، ھەربىي كومىسسارىئاتتىمۇ يوقمىكەن؟

— يوق ئىكەن، كۆيۈپ كېتىپتۇ.

— كۆيۈپ كېتىپتۇ؟ نېمە كۆيۈپتۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

— ئارخىپ.

— ھەممە ھۆججەتلەر كۆيۈپ كېتىپتۇكەنمۇ؟

— ھەممىسى ئەمەستەك قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، مېنىڭكى تېپىلمىدى-دە.

— بىر بېرىپ باقمامسىز؟

— نەگە؟

— ئارخىپقا، ھەربىي كومىسسارىئاتقا.

— ۋاي، قويساڭچۇ، ئوغلۇم. بىر باشقا چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— تەۋەككۈل قىلىسىز-دە، ئاتا، بىزدىن نېمە كېتەتتى. ھازىر نەچچە سوم ئېلىۋاتىسىز؟

— قىرىق بەش سوم.

— ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، كولخوزدا ئەللىك يىل ئىشلەپ ئېلىۋاتقان پۇلىڭىز شۇمۇ؟ نېمىشقا شۇنچىلىك ئاز؟

— مەن پېنسىيىگە چىققان يىللىرى كولخوز پاختا پىلانىنى ئورۇندىماي، شۇنداق بولۇپ قالغان.

— ئەگەردە ئىككىنچى گۇرۇپپىڭىز تىكلىنىپ قالسا، يۈز سوم ئەتراپىدا ئالىسىز.

— ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كېرەك، كومىسسىيەدىن ئۆتۈش كېرەك.

— نېمە بوپتۇ، ئۆتىسىز، مانا، مەن بىللە ماڭىمەن، ياردەم قىلىمەن.

— ھازىر ساپ-ساقلا تۇرىمەنغۇ، ئوغلۇم.

— ئوق تەگكەن يەرلىرىڭىز بارغۇ، بەدىنىڭىزدە زەمبىرەك

ئوقـلىرىنىڭ پارچىلىرى قالـغان. هازىـرقـى يېـڭى قارارلاردىـن قارىـغانـدا، بىرەر جايـدا ئوق ئىزى بولسىلا بولىدىكەن... ئىشنى هەل قىلغانلاردىن ئاڭلىدىم.

ــ هەي، قويـغىنا، ئوغلـۇم. ئارىـدىن قىرىـق يىل ئۆتكەندە، ئەمدى كومىسسىيەگە بارسـمەنمۇ؟ بۇ، سېـنىڭ دېگىنىڭچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. كەم بولغاندا قىرىقچە چىغرىقتىن ئۆتكۈزىدۇ، ئاڭلىغان قۇلاققىـمۇ ياخـشى ئەمەس، پۇل ئىزدەپ يۈرىـدۇ، دېـيىشمەمدۇ... هېچكىمـدىن قالغۇچىـلىكىـمىز يوق. مۇنۇ ئۇكاڭـنى ئۆيـلىۋالساق، باشقا چوڭراق تەشۋىشىمىزمۇ قالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ خاتىرجەمسەن. قوي، ئوغلۇم.

ــ گەپ پەقەت پۇلدىمىدى، ئاتا؟ گەپ قەدىر ـ قىممەتتە! ئادەملەر بىلىشى كېرەك ـ تە! ئۈچ يىل قان كېچىپ يۈرىسىزۇ، بىرەر رويىخەتتە بولمىسىڭىز...

ــ بىلىدىغانلار بىلىدۇ، ئوغلۇم.

ــ هەي، بۇ كاج ئادەم بەربىر بارمايدۇ، بالام، بىكارغا ئاۋارە بولىسەن، ــ دېدى ئايۋاندا پاكارغىـنا ئورۇندۇقـتا ئولـتۇرۇپ پىياز توغراۋاتقان ئانا.

سالىيېۋنىڭ بېشى قاتتى.

ــ مەيلى، گۇرۇپپىنى قويايلى، هېچبولـمىغاندا ئۇرۇشقا قاتناشـ قانلىقىڭىز توغرىسىدىكى هۆججەتنى تىكلەپ قويساق زىيان قىلمايتتى، ئاتا. بىزگىمۇ، نەۋرىلىرىڭىزگىمۇ پايدىسى تېگەتتى...

بوۋاي ئوغلىغا قاتتىق تىكىلدى.

ــ سىلەرگە قانداق پايدىسى تېگىشى مۇمكىن؟

ــ ئاتىمىز ئۇرۇشقا قاتناشقان دەپ، بېشـىمىزنى بىمالال كۆتۈـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇپ يۈرىمىز ـ دە.

ــ نېمە، هازىر بېشىڭنى كۆتۈرەلمەي قالدىڭمۇ؟ ــ بوۋاي مومىيى تەرەپكە ئۆرۈلدى، ــ بۇ نېمەڭنىڭ گېپىنى قارا، ئانىسى!

ــ ئۇنداق دېمەكچى ئەمەستىم، ــ دۇدۇقلىدى سالىيېۋ، لېكىن ئۇ خاتالىقنى نېمە دەپ يوشۇرۇشنىمۇ بىلمەيتتى، ــ بەرىبىر قىزىق- تە،...ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىڭىزنى بىلسە، بىر ـ ئىككى تەڭتۇشىمىز بىلىدۇ، ــ دە ـ تىلىنى چايىندى ئۇ، ــ بىرەر جايدا نامىڭىز يېزىلىپ قالسا، نەۋرىلىرىڭىز ئاپئاق بوۋىمىز ئۇرۇشقا قاتناشقان، دەپ يۈرسە، يامانمۇ؟

ئاتا چايىنى بىر ئوتلاپ پىيالىنى بوشاتتى ـ دە، داستىخانغا دۈم كۆمتۈردى.

ــ سەن ئۆزى شۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى كەلگەنمىدىڭ؟

سالىيېۋ ئاتىسىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ سەمىمىي سوراۋاتقانلىقىد- نىمۇ، كىنايە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەي، بىر هازاغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

ــ بابا دېدىمغۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ، قەدرىڭىزنى ئويلاپ كەتتىم، ــ دېدى ئۇ ئاخىرى ئاۋازىغا مۇلايىم تۈس بېرىپ، ــ بولۇپمۇ، قىشلاق سوۋېتىدە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن...ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا كېتىپ، يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭمۇ سۈرىتى بار...ئۆزۈمنىمۇ كايىدىم...شۇكەمگىچە يادىمغا كەلمەپتۇ.

ــ تاماق يېۋالمىزمۇ؟ ــ دېدى ئاتا.

سالىيېۋغا جان كىردى.

ــ تاماق قېچىپ كەتمەس، ئىشىمىز ئوڭىدىن كېلىپ قالسا،

قايتىپ كېلىپ بىراقلا ئېسىل گۆرۈچنىڭ ئېشىدىن يەرمىز، — دېدى ئۇ قىزىقچىلىق قىلغاندەك.

قازانغا ياغ قۇيۇۋاتقان ئانا هاي-هايلىغىنىچىلا قالدى.

رايونغا بېرىش ئۈچۈن، ئىككى چاقىرىمچە نېرىدىكى قوشنا قىشلاقتىن ئۆتىدىغان چوڭ يولغا چىقىش كېرەك ئىدى.

ئاساسىي مەسىلە ئۇستىدە پاراڭلىشىپ بولغىنى ئۈچۈن، ئاتا-بالا ئىككىسى ئەمدى ئالدىرىماستىن هال-ئەھۋال سورىشىپ، شەھەر بازىرىدىكى نەرخ-ناۋالاردىن، قىشلاق تۇرمۇشىدىن پاراڭلىشىپ ماڭدى.

بېكەتتە ئادەم جىق ئىدى. رايونلارنىڭ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس ئاندا-ساندا ماڭاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم تىقىلىپ كەتكەچكە بىردەم بېكەتتىن خېلى نېرىغا بېرىپ توختايتتى، بىردەم زادى توختىمايلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

قىرىشقاندەك، رايون تەرەپكە بارىدىغان كىچىك ماشىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— مانا، ئاتا، جاهاندا يول ئازابىدىن يامان نەرسە يوق. بىزنىڭمۇ پات-پات كېلىپ تۇرغىمىز بار، مۇشۇنىسىدىنلا قورقىمىز-دە، — ساليېۋ گەپنى ماشىنىغا بۇرىماقچى بولدىيۇ، "تېخى بالدۇر" دەپ ئويلاپ، تىلىنى تارتتى.

توساتتىن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر «موسكۋىچ» كېلىپ توختىدى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، — «موسكۋىچ» نىڭ ئىگىسى ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى.

ساليېۋ ئاتىسىغا قارىدى.

— رايونغا كېتىۋاتاتتىڭىزمۇ ئۆزى، شەمسىددىن؟ — سورىدى ئاتا.

— ھەئە، قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، سالى ئاكا، — دېدى شەمسىددىن، — خەلىلجان كوچىدا ماشىنا ساقلاپ ئولتۇرسا، سەت ئەمەسمۇ؟ خېلى زاماندا بىر كېلىدىغان ئادەم، مېھماندەك گەپ...

"ۋاي، سادىغاڭ كېتەي، بۇ يېرى مەسلىھەتلىشۋالغاندىنمۇ ياخشى بولدى - دە" دەپ ئويلىدى سالىيېۋ.

— ئاپلا، ۋاي خەلىلجان، بوۋايدىن بىر خەۋەر ئالاي دەپسىز - دە، — دېدى شەمسىددىن گاز پېدالىنى بېسىۋېتىپ، بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ، — سالىجان ئاكام تېخى تىمەن...

شەمسىددىن يول بويى سالىيېۋغا ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ماڭدى: ئۇنى بالا چاغلىرىدىن تونۇيدىغانلىقى، ياخشى پەرزەنتنىڭ ئاتىغا ئابروي كەلتۈرىدىغانلىقى، ئاتىنىڭ بۇنداق قاۋۇل ئوغۇل بىلەن مەغرۇرلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، شۇنداق ئوقۇمۇشلۇق ياشلارنىڭ كۆپىيىشىنى تىلىدى، ئۇلارغا ئامانلىق تىلىدى.

"بىر بالاسى بارغۇ" دەپ ئويلىدى سالىيېۋ.

— ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدىمۇ، يا...، — سوراپ قالدى بىر چاغدا ئۇ يەنە سالىيېۋغا ئۆرۈلۈپ.

سالىيېۋ باشتا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

— كېلىنىڭىزنىڭ ئانچە رايى يوق...

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئاتىسىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى.

— دانا خوتۇن ئىكەن، — دېدى شەمسىددىن، — بۇنداقلىرى ئاز ئۇچرايدۇ ھازىر. بۇمۇ تەلىيىڭىز...

ماشىنا كۆرۈمسىزلا بىر قەۋەتلىك بىنا — «رايونلۇق ئارخىپخانا» ئالدىدا توختىدى.

سالىيېۋ چۆنتىكىنى كولاۋاتقانىدى، شەمسىددىن ئىللا - بىللا،

خاپا بولمەن، دەپ يول قويمىدى.

— كىم ئۇ؟ — سورىدى سالىيىۋ ئاتىسىدىن، ماشىنا كەينىگە ئاستا يۇرۇلۇپ، شەمىسىددىن قايتا-قايتا قۇللۇق قىلىپ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن.

— ئەرەب قىشلاقتىن. بىر كۈنى، ئوغلۇم ئونىنچىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، خەلىلجانغا ئىشىنىپ تۇرۇپتىمىز، دېگەندەك قىلىۋىدى...راست، ماشىنا ئالساڭ بولمامدۇ؟

"مانا، ئەمدى مۆرىتى كەلدى" دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى سالىيىۋ.

لېكىن، دادىسى سەزگۈر ئادەم، گۇمانلىنىپ قالسىچۇ؟ بىرىنچىدىن، تېخى ھېچگەپ يوق، بولامدۇ-بولامدۇ — نامەلۇم. مېنى شۇ مەقسەتتە سۆرەپ يۈردۈڭمۇ، دەپ ئاتىسى قاتتىق رەنجىشى، قولنى شىلتىپ قايتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

— ئەمدى نىيەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى-ئۇ بىنا ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ.

— ئۆزۈڭ كىرىپ چىققىن، — دېدى ئاتىسى چەترەكتىكى ئورۇندۇق تەرەپكە كېتىۋېتىپ.

— سىزچۇ؟

— مەن ئولتۇرۇپ تۇرىمەن.

— سىز كىرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— ئاۋۋال بىر سوراپ-سۈرۈشتۈرۈپ باققىن، كېرەك بولسام چاقىرارسەن، كىرىمەن. لېكىن قاتتىق-قۇرۇق گەپ قىلما. ئەيىب زادى ئۇلاردا ئەمەس.

سالىيىۋ توپتوغرا باشلىقنىڭ ئالدىغا كىردى.

باشـلىق ئوتتۇرا ياشلاردىكى، شالاڭ چاچلـرى بېقىنىدىلا ئاا-
دۇرۇلـغان، يۈزىنى ئاز-تولا قورۇق باسـقان، بۇرنى يوغان ئادەم
ئىكەن. ئۇ كرېسلوغا يۆلەنگىنىچە، قوللرىنى سەل كۆتـۈرۈلۈپ
تۇرغان قورسـقىغا چىرماشتۇرغان هالـدا بۆلۈمنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە
قويۇلغان «ياشلىق» ماركىلىق تېلېۋىزورنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

سالىيېۋ گەپنى ئاتىسىنىڭ ئۇرۇشـتىن قانداق قايتىپ كەلگىنىدىن
باشلاپ، پارتىيە، هۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۇلارغا كۆرسىتىۋاتقان ئاتىلارچە
غەمخورلۇقى بىلەن يەكۈنلىدى.

باشلىق كـۆزى بىلەن قۇلىقـى تېلېۋىـزوردا، بېشىنى لىڭشىتىپ
ئولتۇردى.

— مەيلى، ئېيتىمىز، قاراپ بېقىشىدۇ، — دېدى باشلىق ئاخىرى
ئىككىلا قولى بىلەن يالتىراق ئۈستەلنىڭ چېتىنى چېكىپ. بوسۇغىدا
ئېگىز گىنە (قاڭشىرىنىڭ سەل پەسلىكىنى هېسابقا ئالمىغاندا)، كېلىش-
كەن بىر قىز پەيدا بولدى.

— مۇنۇ ئەپەندىم بىر ئىلتىـماس بىلەن كەپتۇ، — دېدى باشلىق
بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، — نەزىـرەنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭ، مېنى
دېدى دەڭ، بىر قاراپ باقسۇن. ئۇبدانراق قارىسۇن!

قىشى تۈز، لەۋلىرى نېپىـىز، كۆز قارىچـۇقلىرى ئويـناپ تۇرغان
نەزىـرە: "بىردەمـدىـلا قاراپ چىقىـمىز" دېـدى-دە، جىـگەررەڭ
ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن چەتلىرى تىتىلىپ كەتكەن يوغان دەپتەرنى
ئالدى.

نەزىرە كىرەكلىك يېرىنى شارتتىدە تېپىـپ ئاچتى، ئۆزى دېگەن-
دەك "بىردەمـدىلا" قاراپ چىقتى ۋە دەپتەرنى شاپلا قىلىپ ياپتى:
— يوق!

— شۇلىما؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سالىيىۋ، — باشقا دەپتەر يوقما؟

— يوق.

— بىر رايوننىڭ ئادىمى شۇ دەپتەرگە سىغامدۇ، چۈشەنمىدىم.

— نېمىسىگە چۈشەنمەيسىز، موللا ئاكا؟ ئارخىپ كۆيۈپ كەتكەن. ئوتتىن ساق قالغانلىرىنى رويخەت قىلىپ قويغاندۇق.

— ھەممىسىنىمۇ؟

— ھەممىسىنى.

— دېمەك، باشقا جايدا بولمايدۇ دەڭ؟

— بىزدە يوق.

— يەنە قەيەردىن سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ؟

— رايونلۇق ھەربىي كومىسسارىئاتتىن.

خېلىلا پەسكويىغا چۈشكەن سالىيىۋ سالپىيىپ، لېكىن ئەھۋالنى ئاتىسىغا سەزدۈرمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سىرتقا چىقتى. ھەرھالدا، ئۈمىد ئۈزۈشكە تېخى بالدۇر. تېخى ئەڭ ئاساسلىق ئورۇن — ھەربىي كومىسسارىئات تۇرۇپتۇ. شۇ يەردىن تەلەپ قىلىش مۇمكىن...

بۇ قانداق گەپ بولدى؟ ئۇرۇشتىن ئىككىنچى گورۇپپا مەجرۇھى بولۇپ قايتقان ئادەمنىڭ ھۆججىتى يوقلىپ، نامى ئۆچۈپ كەتسۇنۇ، ھېچكىم ھېچنەرسە بىلمىسە!

نېمە گەپ بولغانلىقىنى سەزگەن ئاتا "دېمىدىممۇ" دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويدى، كۆڭلى تارتمايلا ئوغلىغا ئەگەشتى.

— بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىمىز-دە، - دېدى ئۇ يەنە ئىجتىمائىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىدا قېپقېلىپ.

بۇ يەردىمۇ ھېچ نەپ چىقمىدى. ھەربىي كومىسسارىئات ھەققىدە

گەپ باشلىنىدى، سالىيىۋ قولاق سالماي، كەينىگە ياندى.
ئاتا بىر چەتتىكى يۆلەنچۈكى يوق، بىلەكتەك ئىككى تاختايدىن ئىبارەت ئورۇندۇقتا بېشىنى كۆكرىكىگە ساڭگىلاتقىنىچە، قوللىرىنى تىزلىرىغا تىرىگەن پېتى مۈگدەۋاتاتتى. ئۇ سالىيىۋنىڭ كۆزىگە ئەھۋالى خاراب ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. "قىستىغاندەك قىلىۋاتىمەن-دە، راستتىنلا بىر گەپ چىقمىقى دەرگۇماندەك قىلىدۇ. ھەربىي كومىسسارىئاتتىنمۇ ھېچقانداق مەلۇمات تېپىلمايدىغان بولسا، تۈگىدى، يەنە قۇمرىنىڭ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ. ئاتامغۇ نەچچە قېتىم 'بولدى قىلغىن، ئوغلۇم' دېدى. ياق، تېخى ئاخىرقى ئۈمىد بار — ئاساسىي ئۈمىد!..."

پېشانىسىنىڭ ئۈستى تەرىپى ۋە جاغ سۆڭىكىنىڭ ئۇچى خىللا تومپىيىپ چىققان، قاڭشىرى، بۇرنى ئىچكىرىرەكتە قالغان مايور ئارخىپتىكى ئادەملەرنى بېپەرۋالىقتا ئەيىبلەپ، قىممەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلاندى. بۇلارغا ھېچقانداق ئەمەلىي ياردەم بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.

— ھۆججەتلەرنى ئارخىپقا تاپشۇرغان چاغدا بىرەر ئەقىللىق ئادەم دەپتەرگە پۈتۈپ قويغان بولسا، ھە؟ — دېدى سالىيىۋ ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىپ.

— ئارخىپقا تاپشۇرۇشنىڭ قانۇن-قائىدىسى شۇنداق تۇرسا، نېمە قىلالايتتۇق، يولداش...

— تۆت سوم پۇل ئۈچۈن سەككىز ۋاراق قەغەزنى تولدۇرىدىغان گەپقۇ.

— سىز بىزنى مالىيە ئورۇنلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتىدسىز. يولداش. مەن ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، لېكىن

نېمە ئامال. تولۇقسىز بولمايدىغان خاتالىق، ناھەقچىلىك يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا بىكاردىن تەنە قىلىۋاتىسىز، ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردە ئىشلىمەيتتىم.

— توۋا، توۋا! مىليون-مىليون يىللار بۇرۇنقى نەرسىلەر، قەغەزلەر، ھۆججەتلەر تېپىلىۋاتىدۇيۇ، شۇنداق مۇھىم ھۆججەتلەر قىرىق يىلغا پايلىمىسا...

— پالاكەت-تە، پالاكەت، يولداش، بۇنداق بولىدىغانلىقى بىر كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن دەمسىز...بۇرۇنقى زامانلاردا ئېلېكتر يوق ئىدى. ھازىر شۇ ئېلېكتر دېگەن بالا-قازادىن ئوت چىقىپ، قانچە-قانچىلىغان كۇتۇپخانىلار، مۇزېيلار كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇيۇ، بىر رايوننىڭ ئارخىپى نېمىتى. ئەسلىدىغۇ، بۇ ھېچقانداق بايلىق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان پاچىئە. ئەيىبدارنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا پارچىلاپ تاشلاشقا ئەرزىيدىغان يوقىتىش. لېكىن، قەستەن قىلمىغان، يەنە كېلىپ، ئۇلار ئاللىقاچان باشقا ئىشلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، ئىشتىن بوشىتىشنى قاتتىق جازا ھېسابلايدۇ. ھالبۇكى، بىركىم ئىشسىز قالمايدىغان بىزنىڭ مەملىكەتىمىزدە بۇ جازا ئەيىبدار ئۈچۈن لاتارى بېلىتىگە پۇل-مال چىققاندەكلا گەپ...

— ئىسۆزىڭىز بىر ئويلاپ كۆرۈڭ، يولداش مايور! بىر ئادەم بىر نەچچە يىل قان كېچىپ، يېرىم جان ھالەتتە قايتسۇنۇ،...

— ئويلاپ كۆرگەنمەن، يولداش، كۆپ ئويلايمەن، لېكىن پايدىسى يوق، ھېچنېرسە ئۆزگەرمەيدۇ. ئاندىن قالسا، ئاتىڭىزدىمۇ ئەيىب بار. ئەگەر ھەربىي بىلەتكە، ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تارىخىي ھۆججەتلەرگە جىددىي مۇئامىلىدە بولغان

بولسا، ھەرھالىدا ئۇلارنى يوقاتمىغان بولاتتى. يوقاتمىغان بولسا، ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق بولمايتتى. ھازىر ئىككىمىزمۇ بۇنداق قىزى-رىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.

— قىسقىسى، تىكلەشنىڭ ئىلاجى يوق، دەڭ؟

— ئىلاجى بار.

— قانداق؟ — سالىيېۋنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— بىر ئامالى، ئەگەر ئاتىڭىز ياتقان ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ نومۇرىنى بىلسە، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنىنى تەخمە-نەن، مەلۇم بەلگىلەر ئاساسىدا تەسۋىرلەپ بېرەلىسە، لېنىنگرادتىكى ھەربىي مۇزېيغا مۇراجىئەت قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا كاپا-لەتلىك قىلىش تەس، شۇنداق خەتلىرىمىزگە زادىلا تېپىلمىدى، دېگەن جاۋابنى ئالىمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئۆزبېكلەرنى بىلىسىزغۇ، بولۇپمۇ ئۇ چاغلاردا بەكمۇ ساددا ئىدى، تىرىك قالغىنىمىغا شۈكۈر دەپ، باشقا ھېچنەرسە بىلەن كارى بولمىغان. بىز ۋاكالىتەن خەت يازغان-لىرىمىزنىڭ تولىسى ئالدىنقى سەپتە بولغان جايلىرىنى، يا داۋالانغان ھەربىي دوختۇرخانىسىنىڭ بىرەر خاراكتېرلىق بەلگىسىنى ئەسلەپ قالالمىغان. ھەممىسىلا يوقىلاڭ گەپلەر: چوڭ كوچىنىڭ بويىدا، ئالدى رىشاتكىلىق ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئىدى، ئىككى-ئۈچ چاقى-رىم نېرىدا مونچا ياكى كىچىك بازار بار ئىدى، دېگەن مۇجمەل سۆپەتلەردىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ. بۇنداق بەلگىلەرنى روسىيە، ئۇكرا-ئىنانىڭ شۇچاغدىكى ھەممە شەھەر ۋە قىشلاقلىرى توغرىسىدا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېيتىۋېرىشقا بولىۋېرىدۇ. بۇنداق جايلارنىڭ يۈزدىن توقسان توققۇزى ۋەيران بولۇپ، ئىزىمۇ، ئورنىمۇ قالمىغان.

— باشقا ئامالچۇ؟ — سورىدى سالىيېۋ تاقەتسىزلىنىپ.

— باشقا ئامالى — كومسسىيە. ئەگەر بەدىنىدە راستتىنلا ئوق ئىزى بولسا...
— زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىلىرى ئويۇپ كەتكەن بولسىچۇ!
— شۇ ئويۇلغان جايىغا قاراپ...لېكىن تەس. چۈنكى شۇ جاراھەت ئەمگەك ئىقتىدارىنى تولۇق ۋە يېرىم يوقاتقان، دېگەن خۇلاسىگە ئاساس بولالىسا بولىدۇ.
— "ئۇرۇشقا قاتناشقان" دېگەن قەغەز بولسىمۇ مەيلىدى...
— بۇنى قىلسا بولىدۇ. ئاتىڭىز قېنى ئۆزى؟
— هويلىدا ئولتۇرىدۇ.
— مايور ئورنۇندۇقتىن تۇرۇپ، دېرىزە يېنىغا باردى. تاشقىرىغا بىر ئاز قاراپ تۇردى.
— شۇ چاغقىچە بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلمىگەنمىدى؟
— ئون يىلچە بۇرۇن بىر سۈرۈشتۈرۈپتىكەن.
— ھەربىي دوختۇرخانىدا قانچە ۋاقىت ياتقان دېدىڭىز؟
— ھەممىسى قوشۇلۇپ، تۆت ئايغا يېقىن. يەتتە قېتىم جەڭگە كىرگەنىكەن...
— قاراڭ، قانداق ئاجايىپ ئادەملىرىمىز بار ـ ھە؟...
— مەسلىھەتىڭىز ئۈچۈن چوڭ رەھمەت، يولداش مايور، — دېدى سالىيېۋ.
ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراشقا باشلىدى.
— ھەي، راستلا، يولداش، كومسسىيە ئايدا ئىككى قېتىم ئىشلەيدۇ. خالىسىڭىز كومسسىيە رەئىسىگە تېلېفون بېرىپ ئېيتىشىم مۇمكىن. ئالدىنئالا بىر سۆھبەتلەشسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ جىددىي مەسىلە.

www.uyghurkitap.com

— ھازىرلىمۇ؟

— ھەئە، ھازىرلا.

— ياخشى بولاتتى...

— ئۇنداق بولسا، سىلەر ئۇدۇل شىپاخانىغا بېرىۋېرىڭلار. باش دوختۇرغا كىرىسىلەر. سائەتوۋ. ياخشى ئادەم. ھازىرلا. يېقىندا پاراڭلىشۇدۇق. ئويلايمەنكى، ئىشىڭىز ئوڭىدىن كېلىدۇ، — مايور دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان قىزىل تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، نومۇرلارنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى.

سالىيېۋ ھويلىغا چىقىشى بىلەن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇرغان ئاتىسى ئالدىرىماستىن ئورنىدىن تۇردى.

— كەتتۇقمۇ، ئوغلۇم، بەكمۇ قىينالدىڭ، — دېدى بوۋاي ئوغلىنىڭ كۆزىگە قاراشقا ئەيمەنگەندەك قىلىپ، دوپپىسىدىكى چاك-توزانلارنى قېقىشتۇرغان پېتى.

سالىيېۋ قىزىرىپ تاتىرىپ گەپ ياساپ، مايورنىڭ مەسلىھەتىنى ئېيتتى.

— پايدىسى يوق، ئوغلۇم. بىكار ئاۋارە بولغىنىڭ قالدۇ. مانا، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقىنىغا قىرىق يىل بوپتۇ. تېخى بىر كىم ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئىكەنسەن، دەپ تەنە قىلىپ باققىنى يوق. سەنمۇ خاۋاتىرلەنمە.

— كومىسسىيە رەئىسىگە بىر كىرىپ باقساقمىكىن؟ مۇبادا...

— ياق، ئوغلۇم، سەن كومىسسىيەنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. بەش-ئون ئادەم سېنى يېشىندۇرۇپ، مازاق قىلغاندەك، ھەممە يېقىڭنى بىر چەتتىن كۆرەكتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئوق ئىزىنىمۇ راسا تەكشۈرىدۇ. راستلا ئۇرۇشتا تەگكەنمۇ بۇ ئوق،

دەپمۇ سورايدۇ...

— ياتقان ھەربىي دوختۇرخانىڭىزنى ئەسلىيەلمەمسىز، ئاتا؟ — يەنە كۆڭلى ئۇنىماستىن سورىدى ساليېۋ نىيىتىدىن ۋاز كېچەلمەي.

— ھە، نەدە دەيسەن. ئۇ چاغدا كۆزۈمگە ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ نومۇرى كۆرۈنەتتىمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمدىلا بىر دوختۇرخانىغا كىرگىنىمىزدە، "گۇم" قىلاتتى ـ دە، ۋايجان ـ ۋايداتقا سېلىپ، باشقا يەرگە ئېلىپ كېتەتتى...

— خىزمەت قىلغان ھەربىي قىسمىڭىزنىڭ نومۇرىنىمۇ بىلمەيسىز ـ دە، ھە؟

— ھەي، قىزىق گەپ قىلىسەن ـ دە، ئوغلۇم... ئۇرۇشتا يەڭدۇق. ئامان قالغانلار قالدى. ئۆلمىسەك نەپسقە بېرىدۇ، دەپ ئۇرۇشقا كىرمىدۇق ـ تە. ئومۇمەن، تەن ـ جېنى ساق ئادەمگە نەپىقىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟! قېرىپ، كارغا كەلمەي قالغاندا باشقا گەپ...

ساليېۋنىڭ ئالدىدا ئەمدى بىرلا تەشۋىش قالدى. ئۇ خوتۇنىغا نېمە دەپ بارىدىغانلىقىنى ئويلايتتى.

(ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى»
ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)
تەرجىمە قىلغۇچى: خەلىم سالىخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
جاۋابكار كوررېكتور: تۇرسۇن رەھىم

**گۈلىستان (21)**

**(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)**

تۈزگۈچى، نەشىر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1990 ــ يىل 2 ــ ئايدا 1 ــ قېتىم نەشر قىلىندى
1990 ــ يىل 2 ــ ئايدا بېيجىڭدا 1 ــ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.75 يۈەن

花坛（21）
（文学译丛）
（维吾尔文）
民族出版社编辑出版发行
各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：7 1/4
1990年2月第1版
1990年2月北京第1次印刷
印数：0001—1,200 册
ISBN 7—105—00969—1/I·198
民文（维21）　定价：1.75元

www.uyghurkitap.com

ISBN 7—105—00969—1/I·198
民文　　(维 21)　定价：1.75元